# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(32)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىرى: خالىق ئىناقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت ئىبراھىمى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (32)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.25، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1992 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 2.950 — 1
ISBN7—228—02234—3/K·211
باھاسى: 3.50 يۈەن
**(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)**

## مۇندەرىجە

## نەزەرىيە تەتقىقاتى

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» خىزمىتىنى تېخىمۇ
ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر ............... 1
.............................................. سەيپۇللايېۋ

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

ئەنۋەرجاكۇلىننى ئەسلەيمىز... لىۋ فېينشېڭ، ياڭ جىڭپېي، دۇڭ ياڭيۇ 38
ئابدۇراخمان ماموت تەرجىمىسى

## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

سوۋېت چېگرىسىغا قېچىپ كىرگەن گومىنداڭ
قاچاقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەققىدە ئەسلىمە
ئابدۇكېرىم مەخموتوۋ ....................... 51

چاقىلىق دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە تۇردى يېڭجاڭ
توغرىسىدا ............................ ئابدۇۋەلى روزى 62
ۋۇجۇڭشىنىڭ چېگرا رايون سىياسىتى ۋە شىنجاڭدىكى
ھۆكۈمرانلىقى ............................ جىن شياۋشەن 90
ئاتىكەم ھېۋىپ تەرجىمىسى


## سودا - ئىقتىساد


ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىغا
دائىر ئەھۋاللار ............................ ئابلەت نۇردۇن 123
قەشقەر خەلقىنىڭ 1938 - يىلى ياپونغا قارشى تۇرۇش
ئۇرۇشىغا قىلغان بىر قېتىملىق ئىئانىسى ............ 135
............................ شېرىپ خۇشتار


## پەن - تېخنىكا


ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار ھەققىدە ئەسلىمىلەر
............................ ئىسمايىل ئەسقەرى 147
بېيتىم مەزگىلىدىكى «مۇئەللىم» گېزىتى ............ 182
............................ مەتتىمىن نورۇز
كۇچا ناھىيىسىدە كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى ............ 186
ھۈسەيىن قاسىم




## مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت


كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مىللىي مائارى-
پىنىڭ ئەھۋالى ............................ ئىمىن مۇھەممەت 191
گۇما ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ... 221
............................ مامۇت سىدىقۇللا
ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان يېڭى
مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ شېئىرلىرى ............................ 248
............................ ئابدۇساتتار ھاسىدىن


## ئۆمۈر خاتىرىلىرى


ياشلىق پائالىيەتلىرىمدىن ئەسلىمە ............................ 258
............................ ئابدۇقادىر ئەبەيدۇللايوۋ


## تارىخىي شەخسلەر


يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنى ئەسلەيمەن ............................ 330
............................ ئابلىمىت ھاجىيوۋ
پود پولكوۋنىك يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ ھاياتى توغرىسىدا
............................ شېرىپ خۇشتار 344
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانى م.ئوغۇز ھەمرائى
توغرىسىدا ............................ ۋارىسجان رەھىم 370
شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال
ئوقۇتقۇچى رائىلە ............................ ئىسلامجان سابىت 376

# 目　　录


关于进一步搞好《新疆文史资料选辑》的几点意见………
赛甫拉也夫

忆安尼瓦尔·贾库林同志………………………………………
刘奋生，杨正培，董仰宇

关于引渡逃入苏境的国民党残余情况的回忆…………………
阿布都克里木·玛合木托夫

关于解放前库车县民族教育的情况……………………………
伊明·穆汉麦德

关于在皮山县新式教育的发展…………………………………
玛木特·赛都拉

解放前新疆新型学校的校歌……………………………………
阿布都萨塔尔·哈米丁

忆我的青年生涯……………………………………………………
阿布都哈德尔·艾拜都拉也夫

忆艾斯海提·伊斯哈科夫同志…………………………………
阿布列米提·哈吉也夫

关于优素福江·亚森诺夫上校…………………………………
谢力夫·霍希塔尔

记维吾尔族的爱国主义者——乌古兹·海米拉伊…………
瓦列斯江·热依木

记新疆新教育史中的女教师——热依拉………………………
斯拉姆江·沙比特

关于若羌农民起义和图尔迪营长………………………………
阿布杜瓦力·鲁兹

吴忠信的边疆政策及其在新疆的统治…………………………
金绍先

杨增新时期新疆经贸的有关情况………………………………
阿不来提·奴尔东

باۋۇدۇن تۇردىنىڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقى
توغرىسىدا ئەسلىمە ............ ئىبراھىم سايىت 380


## يۇرت تارىخىدىن


ئاراتۇرۇك يېزىلىرىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى ........ 386
........................ ھەمدۇللا ئىسمايىل


## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى


شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر — 492
خاتىرىسى ............ تۇرغۇن ئۇمەر تەرجىمىسى

喀什民众在1938年的一次抗日募捐活动……………………
谢力夫·霍希塔尔
解放前在新疆各地出版的报刊、杂志………………………
伊斯玛依列·艾斯喀尔
关于在和谈时期的《穆爱列姆》报 ……………………………
麦麦提依敏·努鲁兹
关于在库车县的电影放映工作…………………………………
侯赛因·喀斯姆
忆巴吾东·吐尔迪在黄埔军校…………………………………
依不拉音·萨依特
关于伊吾县的发展情况 …………………………………………
海姆杜拉·伊斯玛依列
新疆现代史记片断…………………………………………………

# «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر

سەيپۇللايوۋ

1981 - يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشقا باشلىنىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدە زور خۇشاللىق بولغانىدى. ئۇن يىللىق جەرياندا بۇ كىتاب جەمئىي 30 سان نەشر قىلىندى؛ ئۇرغۇنلىغان تارىخ ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىنىپ، خەلقنى ئۆز تارىخى بىلەن تونۇشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە غايەت چوڭ رول ئوينىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مەزمۇنلۇق ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالماي، بەلكى تارىخنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، ئەڭ مۇھىمى خەلقنى بولۇپمۇ ياشلارنى تەربىيىلەشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ئۇن يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا خېلى ئۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈك-سىز يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى

تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ كېتەلىگەنلىكىمىزگە تامامەن ئىشىنىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى نەشىر قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر كىتابخان سۈپىتىدە ھېس قىلغان بەزى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش لازىم

تارىخي ماتېرىياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق ۋە سۈپەتلىك نەشىر قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، تارىخي ماتېرىياللارنى كەڭ كۆلەمدە ئەتراپلىق توپلىغاندىلا ئاندىن ئۇنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشىر قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، شۇنداقلا تارىخنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا خەلق يازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاشتا، تارىخي دەۋرلەردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار يېزىپ قالدۇرغان ھۆججەت – ماتېرىياللارنى توپلاپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان تارىخي ماتېرىياللار ۋە ھۆج-



جەتلەرنى، شۇ دەۋردە تارىخي ۋەقەلەرگە بىۋاسىتە قاتناشقان گۇۋاھچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى، تارىخي ۋەقەلەرگە دائىر تەپسىلىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار كىشىلەر يازغان ماتېرىياللارنى ھەمدە شۇلار ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنى توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، شۇ ئارقىلىق تارىخي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق، تولۇق ۋە ھەقىقىي توپلاشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېگىلمەي – سۇنماي كۈرەش قىلىدىغان شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپقا قارشى كۆپ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە ھايات – ماماتلىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتكەن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 – ۋە 40 – يىللىرىدا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخي ۋەقەلەر ئاز ئەمەس. 30 – يىللاردا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يېزىلغان ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس. ئازادلىقتىن بۇرۇن خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بىلەلمىگەنىدەك، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نۇرغۇن ئەھۋاللاردىنمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى خەۋەردار بولالمايتتى. بولۇپمۇ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ خەۋەردار بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارىخي دەۋرلەردىكىلا ئەمەس، ھەتتا يېقىنقى يىللاردىكى مەسىلەن: ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى ئىچكى ئەھۋاللارنىڭ كۆپ تەرەپلىرىدىنمۇ خەۋەرسىز. شۇنىڭدەك ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا ئون نەچچە مىللەت ياشىغانلىقتىن،

ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئىش ۋە سەرگۈزەشتىلەر، تارىخىي ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس. دېمەك، ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدە توپلاشقا تېگىشلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ ئاچقۇچى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشتە. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، تۈرلۈك شەكىل، خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى ساقلاۋاتقان، تارىخىيۋەقەلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن ياكى تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئۆزى ساقلاۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللاردىن يېزىلغان خاتىرە ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھەممە ئادەمگە تونۇتۇش؛ شۇ ئارقىلىق ھەممە ئادەم تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، نۇقتىلىق كىشىلەرگە بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلار بىلەن قايتا - قايتا سۆھبەتلىشىش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىشكە، چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم. ئۇلارغا نېمە بولسا شۇنى يېزىپ بېرىشنى، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك يېزىپ بېرىشنى، بىلگەنلىرىنى قالدۇرماي يېزىپ بېرىشنى، ئەينەن يېزىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئۆزى يېزىشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش،



ھەتتا ئۇلارنى سۆزلىتىپ ۋەكالىتەن يېزىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقىدىن ئېغىز ئېچىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئىچىدىكى ئەھۋاللارنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ياكى ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ئەينەن ئەكس ئېتىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن ماتېرىيال توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنىڭ پەقەت ئاز - تولا ئەھمىيىتى بولسىلا ئۇنى توپلاش، بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەڭگۈلۈك يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، كەسپىي تايانچىلەرنى سەپلەشكە ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. تۆتىنچىدىن، توپلانغان تارىخىي ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش يەنى مىللىي ئاپتورلار يازغان تارىخىي ماتېرىياللارنى خەنزۇچىغا، خەنزۇ ئاپتورلار يازغان تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، سېلىشتۇرۇش ۋە دەلىللەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق توپلاپ، ئەتراپلىق چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، توغرا يەكۈن چىقىرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم.

بولۇپمۇ ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە دەلىللەشنىڭ ئەھمىيىتى بەك زور. چۈنكى، بەزى تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدا خەلق ئىچىدىكى ماتېرىياللار بىلەن ئەسلىمە ماتېرىياللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىقلار بار. ئەگەر ئۆزئارا

تەرجىمە قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىنمايدىغان بولسا، بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرا بايان قىلىنماي قالىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1933 - يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغاندا، قۇمۇل تەرەپتىن ماشىنىلىك 30 نەچچە ئەسكەر بىلەن پىچانغا چىقىپ: «خوجنىياز ھاجى قۇمۇلدىن چىقتى» دەپ يالغان خەۋەر تارقاتقانلىقتىن، ئۈچ ناھىيە خەلقى قوزغىلىپ كەتكەن؛ ماشىنىلىك، مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار شېڭ زىخۇي ئەسكەرلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ قاراشەھەرگە چېكىنىپ كەتكەن تارىخىي رېئاللىق بار. ئەمما، بۇ جەرياننى بىر تارىختا: «......ماشىنىلىك، مەھمۇت موھىتىلەر مەغلۇپ بولۇپ قۇمۇل تەرەپكە يۆتكىلىپ، شەرقتىن كېلىۋاتقان خوجنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشتى» دەپ يازغان. بۇنداق ئىش زادى بولمىغان. يەنە بىر تارىختا: «...ماشىنىلىك پىچاندا يولۇۋاس، خوجنىيازلار بىلەن كۆرۈشتى...... ماشىنىلىك پىچاندا يولۇۋاس، خوجنىيازلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، يەرلىك خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ جايلارنى ئىگىلەپ، كۆپ قېتىم غەلىبە قازاندى......» دەپ يازىدۇ. بۇنداق ئىشمۇ زادى بولمىغان؛ ماشىنىلىك پىچانغا چىققاندا يولۇۋاس، خوجنىياز ھاجىلار قۇمۇلدىن تۇرپان تەرەپكە چىققان ئەمەس، قانداقتۇر بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ بىرلىكتە جەڭ قىلغان ئىشمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

يەنە بىر مىسال: بەزى تارىخ ماتېرىياللىرىدا «33 - يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى چەت ئەلدىن سېتىۋالغان 2000 تال ئون ئاتار مىلتىق ۋە × × × ساندۇق ئوق دورىلارنى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى يول توسۇپ قولغا چۈشۈرۈۋالدى...» دەپ يازىدۇ. ئەمما، يەرلىك خەلق ۋە مىللىي ئاپتورلار بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەيدۇ، ھەتتا ھېچنەرسە بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە 33 - يىلى جەڭلەرگە قاتناشقان خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ قولىدا ئون ئاتار مىلتىقلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلاردا قارا مىلتىق (پالۋان مىلتىقى)، بەردەڭگى قاتارلىق مىلتىقلار بولغاندىن باشقا، تولىسى قىلىچ، چوماق، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان. بۇ مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، «ئوردا ماتېرىياللىرى»نى بىردىنبىر توغرا ماتېرىيال، دەپ قارىماي، ئىمكان قەدەر خەلق ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا، تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش مۇھىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزئارا تولۇقلاش، سېلىشتۇرۇش، دەلىللەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردىن توغرا يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. خەلق ئىچىدىن توپلانغان ماتېرىياللار ياكى ئەسلىمىلەر بولسۇن، ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ تەتبىق قىلماستىنلا، توغرا دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەسلىمە تارىخ ئەمەس، تارىخى ماتېرىيال بولالايدۇ، دېگەنلىكنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىمىلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەزى ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىنغاندا، جەمئىيەتتە «ئەسلىمە يېزىش ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىكەن» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئەھۋالنى يوق دەپ ئېيتالمايمىز. مەسىلەن، يولۋاس 50 - يىلى شىنجاڭدىن قېچىپ تەيۋەنگە بېرىۋېلىپ، كېيىنكى كۈنلىرىدە بىر پارچە ئەسلىمە يازغانلىقى مەلۇم، ئەسلىمىدە يولۋاس ئۆزىنى «قۇمۇلدىن نەنجىڭگە ئەھۋال مەلۇم قىلىش (خەۋەر قىلىش) قا مېڭىپ»، گەنسۇدا ما جۇڭيىڭغا ئۇچرىشىپ، مەسلىھەت بويىچە نەنجىڭگە بارماي، ما جۇڭيىڭ بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ چىققانلىقى يېزىلغان، ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق

ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر مەسىلىگە ئۇنداق قارىمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىناۋىتى كۆتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولۇپ قالغانلىقتىن، يولۋاس ئۆز شاپائەتچىسى ما جۇڭيىڭنى چاقىرىپ چىقىش ئۈچۈن ئەنشىگە بارغان، لېكىن ما جۇڭيىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، شىنجاڭغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، يولۋاسقا 30 ئەسكەر قوشۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان. دەل شۇ چاغدا قارا شەھەر تەرەپتىن مەۋسۇلباي باشلىق ئۈچ كىشى ماشىماڭ ۋە مەھمۇت مۇھىتى نامىدىن ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ چىقىشقا گەنسۇغا بارغان. يولۋاس بۇلار بىلەن يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەش ۋەزىپىسىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىدىن، ئۇلار بىلەن بىللە ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكەن. پاكىت شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمە ئۈچۈن نەنجىڭگە ئەھۋال دوكلات قىلىش ئۈچۈن ماڭدىم دەپ يازىدۇ. چۈنكى، يولۋاس بۇ ئەسلىمىنى تەيۋەندە يازغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەزەلدىن سادىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىش يەنى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق يازغان. يولۋاسنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يالغانچىلىقلار، «ئۆزىنى كۆرسىتىش» تەك ئەھۋاللار ئاز بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئايرىم ئەسلىمىلەردىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگەن ياكى ئۆزىنى «ئالدىن كۆرەر» قىلىپ كۆرسىتىشتەك ناچار ئىستىللار مەۋجۇت، بۇ ھەقتە بەزەن ئىنكاسلارمۇ يوق ئەمەس. ئەسلىمە «ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش» ياخشى ئىستىل ئەمەس، شۇنداقلا «ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش» بولۇپ قالامدىكىن دەپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى يازماسلىقمۇ توغرا ئە-



مەس. پاكىتقا ھۆرمەت قىلىنىپ ئەمەلىي ئەھۋال ئەينەن يېزىلسا، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاشتا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. بىرقانچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەردە قۇرۇلغان تارىخى ماتېرىياللار ئىشخانىلىرى ئۆز جايلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئېلان قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن بىرقانچە سان نەشر قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتماقتا. قالغان جايلارمۇ شۇلاردىن ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭراق تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى لازىم. بۇمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

## تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە راستچىل بولۇش ئەڭ مۇھىم مەسىلە. جۇ ئېنلەي زۇڭلى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى توغرىسىدا: «راست بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەنىدى. راست بولۇش — پاكىتقا سادىق بولۇش دېگەنلىك، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشمۇ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ۋە سادىق بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ھەرقانداق تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە ئەسلىمىلەرنى

يېزىش ۋە ئېلان قىلىشتا، پاكىتقا سادىق بولۇش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغانلىق ماھىيەتتە تارىخنى بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ. پاكىتقا سادىق بولۇش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشتىن يەنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدىن چەتنەپ يېزىلغان ھەرقانداق تارىخنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان تارىخىي يەكۈننىڭ ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئۇ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ھامان ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە بۇ نۇقتىنى ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك.

ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئاساسى بولغان ئەسلىمە ماتېرىياللار ئادەتتە ئەينى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولغان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، كۆرگەنلىرى ياكى ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلىدىغان بولغاچقا، بىر كىشىنىڭ بىلىدىغانلىرى ھامان چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادەملەر ياشىغانسېرى ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، يېزىلغان ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا پاكىتقا ئۇيغۇن، توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىشتا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمىگە ياتىدىغان مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پاكىت كۆرسىتىپ داۋلى سۆزلەش، مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. لېكىن، بەزى ئاپتورلار ئۆز مەيدانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئەسلىمە يېزىش بىلەن پاكىتنى، تارىخنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنسا، ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ؛ توغرا بولمىغانىكەن، ئۇنىڭغا پىكىر بېرىش ۋە



تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى نەشر قىلىش جەريانىدا، تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار شەيئىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىش، تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ئىلمىي ئاساستا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتا يول قويۇشتەك ياخشى ئىستىللارنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئەمما، 10 يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەسلىمىلەرنىڭ بىرەرسىدىمۇ مەسىلە يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى تارىختا، پاكىتقا ئۇيغۇن دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، 1947 - يىلى 7 - ئايلاردا تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇن ئۈچ ناھىيە خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقە توغرىسىدا بىرقانچە ئەسلىمە ۋە ماقالىلەر يېزىلدى. بەزەن ماقالىلەر توغرىسىدا غۇلغۇلا ۋە پىكىرلەرمۇ پەيدا بولدى. تا ھازىرمۇ بىرەر سورۇندا بۇ ھەقتە گەپ - سۆز بولۇپ قالسا، ئاشۇ قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياكى شۇ چاغدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا بەزەن ئەسلىمىلەرنىڭ توغرا يېزىلمىغانلىقىنى، ئاشۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كېلىپ چىقىش توغرىسىدىكى بەزەن ئەھۋاللارنىڭ بايان قىلىنىشى پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۈچ ناھىيە ئىنقىلابىنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېگەنلىك ھېچۋاقىتتا، ئۈچ ناھىيە قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەشكىللىدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى، دېگەنلىك ئەمەس.

تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدىكى بەزەن ياشلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا تەلەپ قويۇپ ئۈرۈمچىگە بىر قانچە قېتىم كەلگەنلىكى راست، ئەمما ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارغا «11 ماددىلىق بىتىم» بويىچە ئىش قىلىش كېرەكلىكى توغرى

سىدا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى تونۇشقانىدى. شۇنىڭدەك، تۇرپان دىمۇ بىر قىسىم ياشلار تەشكىللىنىپ بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراھمان مۇھىتى ئۇلارنى تونۇپ تەنقىد قىلغان. ھەتتا بىر قېتىم قوراللىق بىرقانچە ياشلار «ئۇرۇمچىدىن ئىنقىلاب قىلغىلى كەلدۇق» دەپ تاغ تەرەپتە ھەرىكەت باشلىغاندا، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراھمان ئۇلارنى تۇرپانغا كەلتۈرمەي تونۇپ، ھەسەن كېرىم (ھازىر پىلان كومىتېتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرى) باشلىق بىرقانچە قوراللىق ساقچىلارنى تاغقا چىقارغان. ئىككى ئوتتۇرىدا ئوق چىقىرىش يۈز بېرىپ، «ئىنقىلابچىلار» دىن غېنى ۋە مۇسا قاقباش قاتارلىق كىشىلەر ئوق تېگىپ ئۆلگەن. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش بىلەن، ئىككى جەسەتنى كۆتۈرۈپ تۇرپان شەھىرىدە نامايىش قىلىپ، «ئىنقىلابچى» ياشلارنى ئۆلتۈرگەن ئەبەيدۇللا ۋە ھەسەن كېرىملارنى «جازالاش» نى تەلەپ قىلىپ، ئىلغار كىشىلەرگە زەربە بەرمەكچى بولغان.

شۇنى كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، 1947 - يىلى 7 - ئايلاردا تۇرپان خەلقىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلغانلىق دەل تۇرپان خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا تۇتۇپ بەرگەنلىك بولاتتى. ئەگەر شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن بولسا، ئۇ تولىمۇ ئەقىلسىزلىق بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەشكىللىگەن ۋە قوزغىغان بولماستىن، بەلكى زۇلۇم - ئىستىبداتلىققا، ئادالەتسىزلىككە قارشى قوزغالغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئەينى ۋاقىتتا ئەكسىيەتچىلەر «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىغان» دەپ كۆچەپ



تەشۋىق قىلغانىدى، بۇنىڭدىن مەقسىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى «11 بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ... مۇستەقىللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئەيىبلەشكە «پاكىت» ئويدۇرۇپ چىقارماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بەزى ئەسلىمىلەردە: «پارتىزانلار ئىچىدە ئىلىدىن ئەۋەتىلگەنلەر كۆپ ئىدى» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدەك «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىلاڭ قىلدۇردى» دېگەن سۆزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەسىرگە چۈشكەن «پارتىزان × × × ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى» دەپ يازغان. بۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىپ قالىدىغان كىشىلەر بولمىسا كېرەك. چۈنكى، تۆھمەتچىگە «پاكىت» كېرەك بولۇپ قالغاندا، «ئويدۇرۇپ چىقىش»، «ئالداش» ۋە «قىيناش» قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سالىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى ئادەملەرنىڭ بۇ جەھەتتە يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ مەسىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، مۇنداق بىر - ئىككى پاكىت كۆرسىتىمەكچىمىز:

1) سىڭگىم ئۇرۇشى قوزغالغان كۈنى قوزغىلاڭغا مەسئۇل بولغان رەجەپ توختى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى): «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغاتتى دېگىنى بىكار گەپ» دەپ پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراھمان بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم باۋۇدۇن يۇسۇپلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نەزەربەند قىلىشقا باشلىغاندا، كېچىسى ئارغامچا بىلەن سېپىلدىن سىيرىلىپ چىقىپ قاچىدۇ؛ ئەھۋالنى رەجەپ توختىغا خەت يېزىپ مەلۇم قىلىپ، ئەمدى قوزغالماي بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

2) لۈكچۈن يېزىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مەسئۇل-

لىرىدىن بىرى ئەھمەت نىياز داۋۇت (ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنى گومىنداڭنىڭ ساقچىلىرى تۇتماقچى بولغاندا، بىز تۇيۇپ قېلىپ قوزغىلىپ چىقىپ كەتتۇق. ئەگەر بىز شۇ كۈنى قوزغالمىغان بولساق، گومىنداڭ ساقچىلىرى بىزنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بىزگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈڭلار دەپ يوليورۇق بەرگىنى يوق، گومىنداڭنىڭ زۇلمى بىزنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى...».

شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزلىرىنى ئەندىشىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، ئاندىن «قوزغىلاڭنى تىنچلاندۇرۇش» باھانىسىدا خەلقنى قاتتىق باستۇرماقچى بولغان. كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ گومىنداڭنىڭ شۇ خىلدىكى ياۋۇز نىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلىدىغۇ؟ يەنى تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نەچچە باراۋەر ئۈستۈن كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە قانلىق قىرغىن يۈرگۈزۈپ، يۈزلىگەن ياشلار ۋە يۈزلىگەن بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىدى، مۇشۇ ئەمەلىي پاكىتنىڭ ئۆزىلا گومىنداڭنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلھاملانغانلىقى، قوراللىق كۈرەشكە تايىنىپ ئۆزلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئارزۇسىدا بولۇپ، قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەت قىلغانلىقى شەرەپلىك ئىش. لېكىن، «ئۈچ



ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارنى تەشكىللىدى» دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرەرىمۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىزنى قوزغىلاڭ قىلىشقا تەشكىللىدى ياكى قوزغىلىشقا ئۇقتۇرۇش قىلدى دېگەننى بىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، پارتىزانلار ئىچىدە ئىلى تەرەپ ئەۋەتكەن ئادەم بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار قوزغالغان كۈندىكى جىددىي ئەھۋالنى يەنى قوزغىلىپ چىقمىسا گومىنداڭ قولىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ. ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆز ۋاقتىدا «11 بىتىمنى ئىجرا قىلمىدى» دەيدىغان مەسئۇلىيەتتىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن تۇرپان قوزغىلىڭى بىلەن مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان دېگەن تەقدىردىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى رەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت.

بەزى ئەسلىمىلەردە ۋەقەلىكلەر ۋە سانلارمۇ توغرا يېزىلمىغان. مەسىلەن:

«لەمجىن پەيچۇسىغا 100 دىن ئارتۇق قوراللىقلار ھۇجۇم قىلىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەسكەر - كادىرلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، قورال - ئاتلارنى غەنىيمەت ئالدى» دەپ يېزىلغان.

لەمجىن پەيچۇسىغا 100 دىن ئارتۇق ئادەم ھۇجۇم قىلغانلىقى راست، ئەمما ھۇجۇم قىلغۇچى 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قولىدا بىرنەچچە تال ئەسكى مىلتىقلا بولغان. بىر بەن ساقچى ئەسكەرمۇ يوقىتىلمىغان، ئۇلار پەقەت تەسلىم بولغان. شۇنىڭدەك، يەنە بىر ئەسلىمىدە: «ياڭخىدا 200 كىشى ساقچى پەيچۇسىغا ھۇجۇم قىلدى»، «20 دىن ئارتۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 5 — 6 يۈز مىلتىق بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار

سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى»، «ئون مىڭ دادەن ئاشلىقنى بۇلاپ كەتتى...» دېگەندەك سۆزلەرمۇ يېزىلغان.

ئەمەلىيەت شۇنداقمۇ؟ ياق! ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلغۇچى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى قولىدا كونا - يېڭى بولۇپ 105 قورال بولغانلىقى راست. كونا قوراللار دېگىنىمىز قارا مىلتىق ۋە يالاڭ ئاتار بەردەڭگى قاتارلىق مىلتىقلار؛ يېڭى قوراللار دېگىنىمىز گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن سېتىۋېلىنغان بەشئاتار مىلتىقلاردىن ئىبارەت. ئومۇمىي سانى ھەرگىز 5 - 6 يۈز تال ئەمەس. 20 دىن ئارتۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت دېگىنىمۇ يالغان. تۆت تال ئاپتومات، بىر پىلىموت بولغان، بۇلارمۇ گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىدىن سېتىۋېلىنغان، ئاپتوماتنىڭ ئىككىسىنى بىر يەرلىك تۆمۈرچى ئۇستا ياسىغان (تۇرپان پىچان ئىككى ناھىيە پارتىزانلىرى كۆكياردا جەم بولغاندا تىزىملانغان قورال 156 تال).

«ئون مىڭ دادەن ئاشلىقنى بۇلاپ كەتتى» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، 440 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى بىرقانچە يۈز كىشى 1 — 2 كۈن ئىچىدە «بۇلاپ» نەگىمۇ يېتىشتۈرۈپ ئۈلگۈرگەندۇ؟ ئەگەر يۇرت خەلقىگە تارقىتىپ بېرىلگەن بولسا، يۇرت خەلقى بىلگەن بولاتتىغۇ؟! ئەگەر شۇنچە كۆپ ئاشلىق راستتىن بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىپ يوقالغان بولسا، بۇ ئاشلىقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى بۇلاپ كېتىپ، مەسئۇلىيەتنى پارتىزانلارغا يۈكلەپ، يۇقىرىغا ساختا دوكلات يازغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس!

بىر ئەسلىمىدە يەنە، تۇرپان پارتىزانلىرى ئۆزلىرىنى «شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى» دەپ ئاتىدى، «ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقتى» دەپ يېزىلغان. مىڭ ئېغىز قۇرۇق سۆزدىن بىر جۈملە پاكىت ئەلا دېگەندەك، تۇرپان پارتىزانلىرى ھېچ



قانداق بايراق كۆتۈرۈپ چىقمىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى تۇرپان پارتىزانلىرى دەپلا ئاتىغان. ئەگەر ئىسپاتلاش كېرەك بولسا، تۇرپان پارتىزانلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ۋە قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى ھازىرمۇ ھايات يۈرۈپتۇ، بېرىپ شۇلاردىن سوراپسىلا ئېنىقلىنىدۇ.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە ئىنقىلابىي توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدە قانداق ئېيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ كۈرىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلابىي كۈرەشتىن ئىبارەت. بۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنى قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستانچى»، «ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزغۇچى»، «خەنزۇلارغا قارشى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قارىلاش مەڭگۈ ئاقمايدۇ.

مەن بۇ يەردە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىدە بەزى ئەسلىمىلەردىن بىرنەچچە مىسال ئالدىم. مەن ئوتتۇرىغا قويغان بەزى پاكىتلارنى باشقىلارنىڭ يازغانلىرى ياكى ئېيتقانلىرىدىن ئىبارەت دېسىمۇ بولىدۇ.

تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسى 47 - يىلدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان كىشىلەردىن كەڭ پىكىر ئالغان ھالدا تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان بولسىدى، ئۇ چاغدا مۇندىن 40 نەچچە يىل بۇرۇن ئۆتكەن بۇ تارىخىي ۋەقەلىكتىن توغرا خۇلاسە چىقىرىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن تارىخنى توغرا بايان قىلىشقا ئوبدان ئاساس بولاتتى.

# تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش مەسىلىسى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش بېكىدىن باشلاندى. بۇ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. تارىخىي شەخس دېگىنىمىزدە، يېقىنقى زامان تارىخىدا جەمئىيەتكە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا، بىرى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي كېلىپ چىقىشى، سىياسىي كۆز قارىشى ۋە ئېتىقادىغا ئېسىلىۋالماسلىق؛ يەنە بىرى، ئۇلارنى ياشىغان زامان ۋە ماكاندىن ئايرىپ قارىماسلىق شەرت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىشتىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قاراش كېرەك. تارىخىي شەخسلەر ئىچىدە باشتىن ـ ئاياغ توغرا يولدا ماڭغانلار يەنى ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىپ ئۆتكەنلەر بار. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆمۈر بويى ئەكسىيەتچىل يولدا مېڭىپ يامان ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەنلەرمۇ بار، بۇنداقلارغا باھا بېرىش ئاسان. ئۆمۈر بويى ئەكسىيەتچى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغانلار ياكى ئۆمۈر بويى كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا خەلققە قارشى تۇرغان، خەلققە زىيانلىق ئىشلارنى قىلغانلارمۇ بار. بۇنداقلارنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ، سەلبىي تەرىپىمۇ بار بولۇپ، بۇلارغا سىياسىي جەھەتتە باھا بېرىشتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى پوزىتسىيىسىگە قاراپ باھا بېرىلىپ كەلدى. تارىخىي شەخسلەر بولىدىكەن، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇشتا ئۇلارغا بېرىلگەن باھاغا قاراپ تاللاپ تونۇشتۇرۇش



ياكى ئىجابىي تەرىپىنىلا تونۇشتۇرۇپ تۇرماستىن، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولسىلا ئىجابىي ـ سەلبىي تەرەپلەرنى ئوخشاش تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا يەنە بىر مەسىلە، ئۇلارنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتىگە قاراش لازىم؛ مەقسىتى، ئاساسىي ئېقىمى توغرا بولىدىكەن، ئالدى بىلەن توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. مەسىلەن: بۇرۇنراقتىن مىسال ئالساق، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ داھىسى خۇڭ شيۇچۈەن ئىستىبدات پادىشاھلارنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باشلامچىلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ جاكارلىغان؛ ئاخىرى مەغلۇب بولغان. رۇسىيە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى پوگاچېۋنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇڭ شيۇچۈەننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەيلى خۇڭ شۇچۈەن، مەيلى پوگاچېۋ بولسۇن، ئۇلارنىڭ پادىشاھنىڭ زۇلۇم ـ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئاساسىي ئېقىم. شۇڭا، ئۇلار ئىجابىي شەخس بولۇپ، قەھرىمان دەپ مەدھىيىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى «پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى مەدھىيىلىمەيمىز. لېكىن بىز ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنىمۇ بىلىمىز. يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئالساق، 1911 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەن جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى توغرا بولغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ كەلمەكتىمىز. مانا بۇلارنى تارىخىي شەخسلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قاراپ باھا بېرىشنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، تارىخىي شەخسلەرگە ئالاـ

قىدار ماتېرىيال، دەلىل - ئىسپاتلارنى تولۇق توپلىماي ۋە تەپسىلىي تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارغا سىياسىي قالپاق كىيگۈزۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش ياكى تارىخىي ئەسلىمە يېزىشتا بولسۇن، شەخسىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرماسلىق، بەزەنلەرنى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتبىق قىلمايلا ئورۇنسىز مەدھىيىلەپ كۆككە كۆتۈرىدىغان، يەنە بەزەنلەرنى ئورۇنسىز قارغاپ يەرگە ئۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش كېرەك. 1933 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تونۇشتۇرۇلغان بەزى ئەسلىمىلەر ياكى ئايرىم تارىخىي ماتېرىياللاردا بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بايانلار كۆرۈلدى، مەسىلەن، بىر ماتېرىيالدا: «ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى تارمار قىلدى» دېيىلگەن. ماجۇڭيىڭ شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بارغانمۇ ياكى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى تارمار قىلغىلى بارغانمۇ؟ يەنە: «ئۆلكە قىسىملىرى قەشقەرگە كىرىپ، ئابىت داموللىنى قولغا ئېلىپ، خوجىنىيازنى تەسلىم قىلدى» دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىش زادى بولمىغان.

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرۈپ باقايلى: 1) ماجۇڭيىڭ 1933 - يىلى 5 - ئايدا 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ، گۇچىڭ سوقۇشىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بۇلاڭچىلىق ئەپتبەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن، خوجىنىيازھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ماجۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، فۇكاڭ ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويدى. 2) ماجۇڭيىڭ زىنىچۈەنزە ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەيدىن مەغلۇپ



بولغاندىن كېيىن، قايتا كۈچ توپلاپ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قوزغىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىنى — ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى «ئالتايىسكى»، «تارباغاتايىسكى» نام بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادىن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىندۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قوغلاپ ماڭدى. 3) قەشقەرگە جوغلانغان خوجىنىياز ھاجى قوماندانلىقىدىكى قوراللىق كۈچلەر فۇكاڭ مۇئاھىدىسىگە ئاساسەن، يەنىلا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى سوستاۋىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار قەشقەر يېڭى شەھەردە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا (ماجەنساڭ — چولاق زىنخوي) قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. مەشھۇر 17 كۈنلۈك بارىن ئۇرۇشى شۇ چاغدا بولغان. دەل شۇ كۈنلەردە، ئاقسۇدىكى مافۇيۈەن (ماجۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەن ئالدىنقى قىسمى) قىسمى بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن قوغلاندى بولغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، قەشقەرگە كەلدى. خوجىنىياز ھاجى بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ پەيزىۋات چوكانىياردا ئازراق سوقۇش قىلىپلا، ئاتۇش - ئاغۇ تەرەپكە كەتتى. مامۇت سىجاڭ مەكىت - يەكەن تەرەپكە، خوتەن قىسىملىرى يېڭىسارغا چېكىنىپ كەتتى. دېمەك، قەشقەر شەھرىدە ھېچقانداق ئۇرۇش بولغىنى يوق. 4) ساۋۇت دامولла ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نى 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرغان ۋە شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىيازھاجىنى سىرتىدىن مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى دەپ ئېلان قىلىۋەرگەن. 33 -

يىلى 11 - ئايدا ھاپىلا - شاپىلا قۇراشتۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» 34 - يىلى 2 - ئايدا تۈزۈپ كەتتى، ئاران 3 ئايغا يېقىن جان تالاشتى، 5) ساۋۇت داموللىنى ئۆلكە ئەسكەرلىرى قەشقەردە قولغا ئالمىدى، بەلكى خوجىنىياز ھاجى يەكەندە قولغا ئېلىپ، ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى، ساۋۇت داموللا شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە كېيىنكى يىللاردا ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىقى ئەمەلىي پاكىتلاردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىر نېمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، جان قايغۇسىدا قېچىپ بارغان. دېمەك، جان قايغۇسىدا قەشقەرگە قېچىپ بارغان ماجۇڭيىڭنى قانداقتۇر «ئىستىقلالچىلار» نى تار - مار قىلدى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداپ قالدى، تۆھپىسى بار، دەپ كۆككە كۆتۈرۈش ئەمەلىيەت بولمايدۇ. ماجۇڭيىڭغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان يېڭى ھۆكۈمەت سوستاۋىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى (باۋ ئەن زۇڭسىلىڭى) غوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قانداقتۇر دۈشمەن ھېسابلاپ، ھەتتا قەشقەرگە بارمىغان ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى «خوجىنىياز ھاجىنى تەسلىم قىلدى» دېيىش قانداقمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسۇن؟

تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، 30 - يىللاردا شىنجاڭدا مەشھۇر بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەردىن خوجىنىياز ھاجى ۋە ماجۇڭيىڭلار توغرىسىدا يېزىلغان بەزى ئەسلىمە ياكى ماقالىلەردە ھەر خىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئايرىم كىشىلەر ماجۇڭيىڭنى «ئىجابىي شەخس» قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى مەدھىيىلەش خىيالىدا: ماجۇڭيىڭ



قەشقەرگە بېرىپ ساۋۇت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نى تار - مار قىلدى - دېسە، بەزىلەر ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى قانداقتۇر «ئىلغار» لىق دەپ تونۇشتۇرماقچى بولىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى قانداقتۇر «ئىلغارلىق»، «تەرەققىيپەرۋەرلىك» دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

تارىخىي ئەمەلىيەت شۇكى: ① ماجۇڭيىڭ ئەسلىدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان ئەمەس، بەلكى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن چىققان؛ ② ماجۇڭيىڭ قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە (1933 - يىل 5 - ئايدىن 1934 - يىل 5 - ئايغىچە) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئوت قويۇپ، قىرغىن ۋە چاپ - چاپ قىلىشتەك قانلىق پاجىئەلەرنى كەلتۈرگەن ئاپەت؛ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ، ناھايىتى چاپسانلا شىنجاڭدىكى ئۆزىدىن باشقا ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن قېچىپ، يول تېپىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغان. بۇ جەرياندا ئۇ، يۇرت - يۇرتتا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، بىر مۇنچە ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولغان، جۈملىدىن قەشقەردىكى «بەيتۇلمال» (خەزىنە مىلى) غا ئىگە بولغان. «بەيتۇلمال» ئەسلىدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇراتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى گۇماشتىسى ماجەنساڭ (چولاق زىخۇي) سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ، تۆمۈر سىجاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، «بەيتۇلمال» نى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپلا ماجەنساڭدىن بۇ «بەيتۇلمال» نى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا نەچچە ئون چارەك

تىللا، بىرنەچچە تونىلاپ زىقچە ئالتۇن (چوكا ئالتۇن) ۋە كۈمۈش جۇغلانغانىدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش يولىنى تاللىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ماجۇڭيىڭغا بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىرىپ-چېپىپ، بۇلاڭ-تالان قىلىپ توپلىغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكىنى قانداقمۇ ئىلغارلىق بولسۇن؟! شۇنداقلا، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا «ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولغان، ئاخىرقى ھېسابتا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئەشەددىي سۇيىقەستچى ماجۇڭيىڭ قانداقمۇ «ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغۇچى» تۆھپىكار بولسۇن؟

ھەتتا بىر ئەسلىمە يازغۇچى: «ماجۇڭيىڭ قەشقەردە ساۋۇت داموللا تەشكىل قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى تار-مار قىلغانلىقتىن، ئۇيغۇر پومېشچىكلىرى ئۇنى يامان كۆرىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇ بۇ يەردە، ئۇنى ئۇيغۇرلار يامان كۆرىدۇ دېمەكچى بولىدۇ، بۇ — بىر بىمەنىلىك. شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرمۇ ماجۇڭيىڭنى يامان كۆرۈپ قارشى تۇرغانغۇ! بۇنىڭغا قانداق دېيىش كېرەك؟ يەنە شۇنىمۇ سوراپ كۆرەيلى: ماجۇڭيىڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ يامان كۆرگەن، شۇڭا ئەسكەر ئەۋەتىپ تار-مار كەلتۈرگەنغۇ! ماجۇڭيىڭنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىمۇ يامان كۆرۈپ يوقاتقانغۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار قايسى پومېشچىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قاراپ ماجۇڭيىڭنى يامان كۆرۈپتۇ! بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك! بۇ يەردە شۇنى ئوچۇق ئېيتىش لازىمكى، بەزىلەرنىڭ ماجۇڭيىڭنى ئاقلاش ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەنچە قالايمىقان سۆزلىگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس؟!



بۈگۈنكى كۈندە، 30-يىللاردىكى ئاتاقلىق شەخس خوجىنىياز ھاجىنى بەزىلەر سەلبىي شەخس قىلىپ كۆرسەتسە، بىر قىسىم كىشىلەر 30-يىللاردىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى — ئىجابىي شەخس دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

سەلبىي شەخس دېگۈچىلەر خوجىنىياز ھاجىنى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى»گە رەئىس جۇمھۇر بولغان دەپ ھېسابلايدۇ، ئىجابىي شەخس دەپ مەدھىيىلىگۈچىلەر يۇقىرىقى پىكىرگە قايىل ئەمەس. خوجىنىياز ھاجىنى ئىجابىي شەخس دېگۈچىلەرنىڭ پاكىتى:

1) خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن 1933-يىلى 6-ئايدا ئىتتىپاق تۈزۈپ، «فۇكاڭ مۇئاھىدىسى»گە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئۆرۈمچى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى (بوۋىي زۇڭسىلىڭ) بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئۆتتى.

2) خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەنلىكى ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش پىلانى ئىچىدىكى تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا، خوجىنىياز ھاجى يول بويى، مەسىلەن: توقسۇن، ئۇششاقتال، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم جەڭ قىلدى، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭ بۆلەكچىلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قاتتىق جەڭلەرنى قىلدى. دېمەك، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم كۈچىنى سۆرەپ يۈرۈپ زەربە بەرگەنلىكى ماجۇڭيىڭنى يوقىتىش پىلانىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى ئىدى.

3) قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ ھەم قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ساۋۇت داموللا

يۇسۇپچان قۇر بېشى ۋە ئوسمان قىرغىزنىڭ بىر قىسىم كۈچىگە تايىنىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىر نىمىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى، بۇ 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بولغان ئىش. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا ئىدى. ئەمما، ساۋۇت داموللا قەشقەردە يوق ئادەمنى ئۆزى قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» گە رەئىس جۇمھۇر قىلىپ كىرگۈزۈپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىناۋەتلىك نامىنى سۇيىي ئىستېمال قىلدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى.

4) خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە 1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يېتىپ باردى. بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يېڭىشەھەردىكى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا (ماجەنساڭغا) قورشاپ ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇش ئون نەچچە كۈن داۋام قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى قىسمى مافۇيۈەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، خوجىنىياز ھاجى ئازراق ئەسكەر بىلەن پەيزىۋات ناھىيىسىدە بىرسىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىردا يېڭىلدى ۋە قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. بۇ 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بولغان ئىش. مانا شۇ چاغدا قەشقەردىكى ھەر خىل قوراللىق كۈچلەرمۇ چېكىنىپ كەتتى. قورچاق زۇڭلى ساۋۇت داموللا يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە كەتتى. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئوسمان قىرغىز، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، يۇسۇپچان قۇر بېشى دېگەنلەرمۇ ئۆزلىرى خالىغان جايلارغا چېكىنىپ كېتىشتى. نەتىجىدە، «زۇڭلى» نى قوغدايدىغان ئەسكەرمۇ يوق بولۇپ قالغان. «ھۆكۈمەت ئەزاسى» بولغانلارمۇ تارقاپ كەتكەنىدى. بۇ پاكىتلار ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق جازا ئىكەنلىكىنى



كۆرسىتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەردە ماجۇڭيىڭغا قارشى سوقۇش قىلغانلىقى ھېچ ۋاقىت ساۋۇت داموللىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان ئىش ئەمەس. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەركەشتامغا كەتكەنلىكىنىڭ، مەخمۇت سىجاڭلارنىڭ مەكىت تەرەپكە كەتكەنلىكى ۋە ساۋۇت داموللىنىڭ قەشقەردىن قېچىپ يەكەنگە كەتكەنلىكى بىلەن ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىشى يوق. مۇنداق تاسادىپىي ئەھۋالنى ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نى تار - مار قىلدى، دېيىش ئەمەلىيەتكە قىلچە ئۇيغۇن ئەمەس!

5) ئاخىرقى ھېسابتا قورچاق «زۇڭلى» ۋە بىر نەچچە «مىنىستىر» لار خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇغا يالاپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. دېمەك ساۋۇت داموللا ۋە بىر نەچچە مىنىستىرنىڭ قولغا ئېلىنىشى، بىر نەچچە مىنىستىرنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» ئاخىرلاشتى: ئەمەلىيەت شۇنداق بولغان يەردە، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ساۋۇت داموللىلارنى قانداقمۇ بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولسۇن؟ شېڭ شىسەي دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق ئادەم: «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلىسى ساۋۇت داموللا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان يەردە، ئۇنىڭ «رەئىس جۇمھۇرى» بولغۇچى خوجىنىياز ھاجى قانداقمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلىنەلەيدۇ؟ شۇنداقلا، خوجىنىياز ھاجى ئەگەر ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىگە ھەقىقىي «زۇڭتۇڭ» بولغان بولسا، 37 - يىلى خوجىنىياز ھاجىنى قولغا ئالغاندا ئالاھىدە يالغان ئەنزە ياساپ يۈرمەستىن، «ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىگە زۇڭتۇڭ بولغان» دەپلا جىنايەت ئارتقان بولمامتى؟

دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايدۇ. ياكى خوجىنىياز ھاجىنى «ئارقىغا قاراپ نەيزە ئۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ ھېسابلانغان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ياق! ئۇ ۋاقىتتا مۇنداق سىياسەتلەرمۇ يوق. ئەكسىچە «دۈشمەن» جايلانغان ئىكەن، ئۇزۇل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە يىغىنچاقلاپ مۇنداق بىرقانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئۇ 30 - يىللاردىكى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە، قاتمۇقات زۇلۇم ۋە ئىستىبدادقا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئاما ئېتىراپ قىلغان يولباشچىسى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ، قوزغىلاڭنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرغىچە تاشقى مۇڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولغان ھەم ئۇنى قوبۇل قىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، مەيلى قانداق ۋەزىيەتتە بولۇشىدىن، مەيلى كىمنىڭ بېسىمى ئاستىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلىسى ۋە بىرقانچە مىنىستىرلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئۆلكە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن؛ تۆتىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكى، قورقۇمسىزجەسۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئادەم، گەرچە ئۇ سىياسىي ئاڭ سەۋىيە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە تۆۋەن بولسىمۇ، تۈز كۆڭۈل ئاددىي ئادام.

ئىككىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم:

1) خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشى، ھەتتا ئاقسۇدىن قەشقەرگە تېز بارغانلىقى ئۆز خاھىشى بىلەن بولغان ئىشمۇ ياكى شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت تەرەپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، قانداقتۇر ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە



بولغان ئىشمۇ؟

2) «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» 33 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرۇلدى دەپ ئېلان قىلىندى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار ئەسكەر باشلاپ 34 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ باردى. ۋە شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. دېمەك، ساۋۇت داموللا ھۆكۈمەت قۇرۇپ 62 كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ بارغان خوجىنىياز ھاجى يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، ئەسكەرلەر 20 كۈنگە يېقىن جەڭ قىلدى، لېكىن خوجىنىياز ھاجى قەشقەردە ئون نەچچە كۈنلا تۇرۇپ، ئاندىن بىر قىسىم كۈچىنى باشلاپ پەيزىئاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، چېكىنىپ سوۋېت چېگرىسىغا كەتتى. بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە خوجىنىياز ھاجى قەشقەردە تۇرغان ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ساۋۇت داموللا بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلىشىپ يامان ئىشلارنى قىلدىمۇ؟ خوجىنىياز ھاجى بىلەن ساۋۇت داموللىنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولدى؟

3) ساۋۇت داموللا خوجىنىياز ھاجىنى «رەئىس جۇمھۇر» دەپ، ئۇنىڭ نامىدا نېمە ئىشلارنى قىلدى؟

4) خوجىنىياز ھاجى «رەئىس جۇمھۇر» لىقىنى رەت قىلىپ بايانات ئېلان قىلمىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلى ۋە مىنىستىرلىرىنى قولغا ئېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب تېپىش لازىم.

ئاخىردا يەنە شۇنىمۇ ئېيتالايمىزكى، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاتاقلىق يولباشچىسى بولغان خوجىنىياز ھاجى گەرچە قەشقەر شەھىرىدە ساۋۇت داموللا بىلەن ئون نەچچە كۈن تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن

ئۇ ساۋۇت داموللا ۋە بىرنەچچە مىنىستىرلارنى قولغا ئېلىپ ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىنى ئادەتتىكى تەسلىم بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرمىز. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، خوجىنىياز ھاجىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭتۇڭى دەپ، ساۋۇت داموللا بىلەن بىر قاتاردا سەلبىي شەخس قىلىشقا بولامدۇ؟

ھازىرغىچە خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئۈچ خىل باھا بېرىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇلار:

1) خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نى قوللىماي، ساۋۇت داموللىنى تۇتۇپ بېرىپ، مىللەتكە خائىنلىق قىلدى، دەپ ھاقارەتلەيدۇ.

2) بىر قىسىم ئەسلىمە ۋە ماقالىلەردە خوجىنىياز ھاجىنى ساۋۇت داموللا بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىس جۇمھۇرى (زۇڭتۇڭى) بولغان، دەپ سەلبىي شەخس قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

3) خەلق ئىچىدە بىر قىسىم مىللىي ئاپتورلار: خوجىنىياز ھاجى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى، مىللىي قەھرىمان، دەپ تونۇماقتا.

ھازىر بىزدە 1 - خىل كۆز قاراشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار تېخى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، 2 -، 3 - خىلدىكى پىكىرلەر رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. شۇڭا، خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا، تارىخىي رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتمەي، ئىلمىي ئاساستا باھا بېرىش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە



مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ باھا بېرىش، بۇ ھەقتىكى تونۇشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇھىم.

## تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشتا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك

1. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى دېگەندە، شىنجاڭدا 13 مىللەت ياشىغانلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكنى ھېسابقا ئالغاندىن سىرت، شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا يەنە تۆۋەندىكى كونكرېت ئەھۋاللارنىمۇ نەزەرگە ئېلىش لازىم.

1) شىنجاڭ — 1930 - يىللارغىچىلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قالاقلىقىدىن قۇتۇلالمىغان، خەلقىنىڭ 90% دىن كۆپرەكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان رايون.

2) 1930 - يىللارغىچىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن يەرلىك خەلق ئۈچۈن بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ بەرمىگەن ياكى بىرەر سىنىپمۇ ئېچىپ بەرمىگەن، ھەتتا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئايرىم ناھىيىلەردىكى بەزى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بىر - ئىككى سىنىپ بالا ئوقۇتسا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر بالىلىرىدىنمۇ بىرقانچىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە بولغان بولسىمۇ (30 - يىللاردا)، خەلق بۇنىڭدىن قاچقان ياكى بايلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ، شۆتاڭغا تۇتۇپ بېرىشتەك ئىشلار بولغان.

3) 1930 - يىللارغىچىلىك شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا — ناھىيىلەردە بىر - ئىككى توڭچى (تەرجىمان) ياكى بىر - ئىككى باجگىرنىڭ يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن دۆلەت ئورگانلىرى ياكى كەسپىي ئورۇنلاردا يەرلىك مىللەت خادىملىرى بولمىغان.

4) 1930 - يىللارغىچىلىك شىنجاڭدا قالاقلىق، قاششاقلىق ئېغىر دەرىجىدە ھۆكۈم سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىللىي ئۆچمەنلىك كېلىپ چىققان، ھەتتا بەزىدە خېلى چوڭقۇرلاشقان. بۇ مەسىلە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

2. شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىنى يېزىشتا، كۆپ ھاللاردا ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئارخىپ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان. ئۇ ئارخىپلار كۆپىنچە خان يارلىقلىرى، جايلاردىكى يەرلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرى، ئوردا تارىخچىلىرى ياكى بەزى ئەمەلدارلار يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال ئارخىپلىرىدا مىللىي يېزىقتا بىرەر ھۆججەت تېپىلمىسا كېرەك. ئومۇمەن ئالغاندا، پادىشاھ - ئەكسىيەتچىلەر ھۆكۈم سۈرگەن جايلاردا خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخى، جۈملىدىن ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي تارىخىنىڭ يېزىلىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى، شۇڭلاشقا، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىمىز دەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا خەلق ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تارىخنى تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىنەزىرى بويىچە



تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي خەلق تارىخىنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

3. شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشتا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىش شەرت. بۇ يالغۇز تارىخ تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق خىزمەتلەردە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ. شۇڭا، بۇ جەھەتتە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

1) ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدىكى مۇتەپەككۇر، ئالىم، ئەدىپلىرىنى، ئازاتلىق كۈرەشلىرىدىكى يولباشچىلىرىنى، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتىنى قوغدىغان كىشىلەرنى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ، يېقىندىن پەيدا بولغان ئىش بولماستىن، بەلكى مىللەتلەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردىلا «قوغدىنىش» چارىلىرى قاتارىدا پەيدا بولغان ئىش بولسا كېرەك. بۇنداق ئەھۋال بىرەر مىللەتتىلا ئەمەس، ھەممە مىللەتتە مەۋجۇت. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى سۆيىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرگە ھېچقانداق پاكىتسىزلا قالايمىقان قالپاق كىيگۈزۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەسىلىلەرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.

2) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوغدايدۇ، پارتىيە سىياسىتىمۇ بۇنى قوغدايدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئورۇنسىز تەنقىد قىلىشقا، مەسخىرە قىلىشقا بولمايدۇ. «مىللىي ئۆرپ - ئادەت» دېگەندە بەزى ئادەتلەر شۇ مىللەت ئىچىدە ئومۇملاشمىغان ياكى ئايرىم بىرلىك خاراكتېرلىك ئادەتلەر بولىدۇ. ئەگەر

ئۆزگەرتىشكە لايىق بولغان ناچار ئۆرپ - ئادەت بولغان ھالەتتىمۇ، شۇ مىللەتنى قايىل قىلىش لازىم، ھەرگىز مەجبۇرلىماسلىق ۋە ئالدىراپ تەنقىد قىلماسلىق لازىم.

3) مىللىي ھېسسىيات ياكى مىللىي غۇرۇر بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىش، مىللىي ھېسسىيات ياكى مىللىي غۇرۇرغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

4) شىنجاڭدا ئۆتكەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلق ئارىسىغا مىللىي ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچقانلىقى ھەممىگە مەلۇم، شۇڭا، مىللىي ئازادلىق كۆرەشلەر پارتلاپ چىققان چاغلاردا ئېزىلگەن مىللەتلەر بىر تەرەپ، ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن مىللەت بىر تەرەپ بولۇپ ئىككى سەپكە بۆلۈنىدىغان؛ ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلغان تەرەپكە يەنى ئۆز مىللىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بار تەرەپكە يىغىلىۋالىدىغان ھەمدە ئۆز مىللىتىدىن چىققان ئەمەلدارلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن قوللىرىغا قورال ئېلىپ قارشى تەرەپ بىلەن جەڭ قىلىدىغان؛ زىددىيەت كەسكىنلەشكەندە مىللەتلەر بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. مۇنداق قىرغىنچىلىق ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن مىللەت بىلەن ئېزىلگەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئېزىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ يۈز بەرگەن. بۇنداق قىرغىنچىلىقلارنى، شۈبھىسىزكى، شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭدەك، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، يەنە خەلق ئارىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەت كىشىلىرى بىر-بىرىنى قوغداپ قالغان، بىر بىرىگە ياردەم بەرگەن ۋەقەلەرمۇ كۆپ بولغان. تارىختىكى مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى بۈگۈنكى كۈندە ئېلان قىلىش - يېزىش لازىممۇ؟ قايسى زاماندا كىم



كىمنى ئۆلتۈردى؟ قانچىلىك ئۆلتۈردى؟ بۇنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇنى يىپ-يىڭنىسىغىچە ھېسابلاپ يۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق؛ تارىختا يۈز بەرگەن مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى قايتا سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوق، بەلكى زىيانلىق. بۇ مىللىي قىرغىنچىلىقلار توغرىسىدا بىرەر ماتېرىيال ئېلان قىلىنغىنى يوق. ئەمما بەزى ئەسلىمىلەردە ۋە ماقالىلەردە «ئۆلتۈردى»، «قىردى» دېگەن سۆزلەر ئۇچراۋاتىدۇ. بەزىلەر: «بۇ ئۇنى قىردى» دەپ يازسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە: «ئۇ بۇنى قىردى» دەپ يازدى. تارىختا ئۆتكەن مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى زادىلا يازماسلىق تارىخنى چىنلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنى تەكرارلاۋېرىشنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇنى يېزىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئۆچمەنلىكلەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە، مىللىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئىزاھلاپ، ھېساباتنى ئەكسىيەتچىلەر ھېساباتىغا يېزىش لازىم.

5) قالاقلىق، قاششاقلىق ۋە مىللىي زۇلۇم ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن شىنجاڭدا، يەرلىك مىللەتلەر ئۆز بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرنى زالىم ئەمەلدارلاردىن كۆرەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ زالىم ئەمەلدارلار تەۋە بولغان مىللەت ۋە خەلقىنىمۇ بىر قاتاردا قويۇپ يامان كۆرىدىغان خاتا ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. شۇڭلاشقا، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ھامان، خاتا ھالدا بىرەر مىللەتكە قارشى شوئارلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان ئەھۋاللار بولغان. بۇ خىل

شۇئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى شۇ مىللەتنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدا ئەھۋال مۇرەككەپ بولغان ھالەتتىمۇ، لېكىن بىر مىللەتنى قىرىپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋېتىش ئىشى بولغان ئەمەس. 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە «دالونى يوقىتايلى» دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا چىققان. گەرچە بۇ شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى خاتا بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتى باشقا بىر مىللەتنى قىرىپ تۈگىتىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىشتە، ئۇلار سۈيىئىستېمال قىلغان بىرەر شوئارغا، بىرەر تارماق ئېقىمغا يەنى ھادىسىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەي، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە، ئاساسىي ئېقىمغا ۋە تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان رولىغا قاراش، ئۇنى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش لازىم.

6) ئىسلام دىنى شىنجاڭدا مىڭ يىلدىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ 90% دىن كۆپرەكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكتىن، تارىختا ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتا دىنىي شوئارلارنى ۋاستە قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. 1930 - يىللاردا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭلار بولدى. بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىبىرلىرى ھەدېسىلا «ئىسلام ئاچىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسلام ئېچىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى، قانداق پروگراممىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. بۇ قوزغىلاڭلارغا يولباشچى بولغانلاردىن چەتئەللەردە تەربىيە كۆرۈپ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغۇچى ساۋۇت



داموللىدەك ئايرىم ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ياخشىراق كۈنلەرگە ئىگە بولۇشنىلا مەقسەت قىلغانلار ئىدى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەستلەپكى كۈنلىرىدە، بىر كىشى خەلققە دىنىي تەشۋىق قىلىپ: «ھەببۇل ۋەتەن، مىنەل ئىمان»، «ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى» دېگەندەك چاقىرىقلارنى قىلدى. لېكىن بۇ، ئايرىم ھادىسىدىنلا ئىبارەت. بۇ شوئار بويىچە بولغاندا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىسلام دىنىدا بولمىغان، لېكىن قورال تۇتۇپ گومىنداڭغا قارشى جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان رۇس، موڭغۇل، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىمۇ يوقىتىشى لازىم ئىدىغۇ؟ بۇنداق قالايمىقان بىرەر يېرىم چاقىرىققا قاراپلا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدىن گۇمانلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشتا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا ئەھۋاللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاشتا ماركسىزملىق سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي شارائىتى ۋە ئالاھىدىلىك ئەھۋاللىرىنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئورتاق روناق تېپىشنى ئالغا سۈرۈپ، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىش لازىم.

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# ئەنۋەر جاكۇلىننى ئەسلەيمىز

**لىيۇ فېنشىڭ، ياڭ جىڭپېي، دۇڭ ياڭيۇ**

يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەزاسى، ياخشى كادىرى. ئۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇ، بالايىئاپەتلىك ئون يىلدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ناھەق ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىز كۆپ يىل بىرگە خىزمەت قىلغان بولۇپ، مۇشۇنداق بىر ياخشى يولدىشىمىزدىن، ياخشى رەھبىرىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزغا، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يېقىن دوستىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزغا چوڭقۇر ئېچىنىمىز.

يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن نامرات قازاق چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە چوڭ بولغان. ئۇ، يەتتە يېشىدىن باشلاپ چارۋىدارغا ھەقسىز ئىشلەپ، قۇلدىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرگەن: كۈنبويى مال بېقىپ، يىل بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ، تويغۇدەك تاماق، ئىسسىغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمىگەن،



ياشلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەپ، كەڭ تۇرمۇش قاينىمىغا ئىنتىلىپ، بەدىنىدە چارۋىدار قالدۇرغان تىلىم - تىلىم قامچا ئىزلىرى بىلەن يايلاقتىن ۋە پادىلاردىن ئايرىلىپ، ئاۋۋال يول ئاسراش ئىشچىسى، پەيمىچى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېفىت ئىشچىسى بولغان. بۇلار كىچىككىدىنلا قوي پادىلىرى بىلەن بىرگە بولغان ئەنۋەر جاكۇلىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ باشقا بىر دۇنيانى كۆرگەنگە ئوخشاش ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆرگىنى ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممە يەردە كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئادالەتسىز دۇنيا ئىدى. تۇرمۇش ئەنۋەر جاكۇلىنغا چوڭقۇر سىنىپىي تامغا بېسىپ، ئۇنىڭدا ئىنقىلاب قىلىش، ئازادلىققا ئىنتىلىش سىنىپىي ئاڭنى يېتىلدۈردى.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنۋەر جاكۇلىن دەرھال ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ، قەيسەر جەڭچىگە ئايلاندى. ئۇ باتۇر ھەم ھوشيار بولغانلىقىدىن، ناھايىتى تېزلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيىلىك خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەنۋەر جاكۇلىن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى قارشى ئالدى. ئۇ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلەر بىلەن كۆرەش قىلدى. 1949 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-

تىيىسىگە كىرىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىرىنچى تۈركۈم پارتىيە ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ.

«مەرد مەيداندا سىنىلىدۇ» دېگەندەك، ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن بوران - چاپقۇن جەريانىدا، بىز ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ ئىنقىلابىي پەزىلىتىنى كۆرۈۋالالىدۇق. ھەر قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇ ھەمىشە باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى.

1950 - يىلى سېسىق نامى پۇر كەتكەن مىللىي مۇناپىق ئوسمان قارا نىيىتى ھەددىدىن ئاشقان ھالدا ئۆزىنى «قازاق پادىشاھى» دەپ ھېسابلاپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا «مىللەتنى قوغداش، دىنىنى قوغداش» تىن ئىبارەت ساختا ۋىۋىسكىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئوچۇق ئاشكارا قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ دۆلىتىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەنۋەر جاكۇلىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بالا - قازا گىردابىغا ئىتتىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇپ، ئوسمان قاتارلىقلارغا چەكسىز نەپرەتلىنىدۇ. شۇ چاغدا، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قازاق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ، يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ ھەمدە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئوسمان باندىتلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. قۇرۇلتاي قازاق خەلقىنى ئوسماننىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئوسمان قاتارلىق ئەكسىيەتچى سەردارلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، زەربە بېرىشكە چاقىرىدۇ. شۇنىڭ



بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى قوماندان پېڭ دېخۇيغا سالام تېلېگراممىسى يوللاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دەرھال قوشۇن چىقىرىپ، باندىتلارنى تارمار قىلىش ۋە يوقىتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يىغىندىن كېيىن، يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باندىتلارنى يوقىتىش قىسمىنىڭ 17 - دىۋىزىيىسى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، باندىتلارنى يوقىتىش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن باندىتلار ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ، 17 - دىۋىزىيىگە مەسلىشىپ جەڭ قوماندانلىقىغا ياردەملەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىسىمنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە قاتنىشىپ، مەجبۇرىي ئەگەشكەن قازاق ئاممىسىغا كۆپ خىل يوللار بىلەن تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ؛ پارتىيىنىڭ ھەر خىل سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ جىنايى مەقسىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلايدۇ. يولداش ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ خىزمىتى ناھايىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، باندىتلار ئەگەشتۈرۈۋالغان كۆپ ساندىكى قازاق ئاممىسى كەينى - كەينىدىن باندىتلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال خائىن - باندىتلار سەركەردىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپلا قالماي، بەلكى قايمۇقتۇرۇلغان قازاق ئاممىسىنى قۇتقۇزۇپ، باندىت تۇتۇش كۈرىشىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىتىدۇ.

1962 - يىلى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن، چېگرا رايون خەلقىنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر تەۋرىنىپ قالىدۇ، ھەتتا يولداش ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىمۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىدۇ؛ يەنە بىر

قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن: «سىز ئىناۋەتلىك ئادەم، ئەگەر سىزلا قوزغالسىڭىز، نۇرغۇن كىشىلەر سىزگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ» دەيدۇ. يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن ئۈستەلگە مۇشتلاپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن: «مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، مەن ئۆز قىسمىمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، مەڭگۈ پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلمايمەن!» دەيدۇ. يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ئاما ئارىسىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يۈزلىنىشىگە نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «مەن بىر رەھبىرى كادىر، ئىتتىپاقلىقنى قوغداشقا باشلامچى بولىمەن، ھەرگىز ئەگىرى يولغا ماڭمايمەن» دەيدۇ. ئۇ شۇ چاغدا كېسەل بولسىمۇ، لېكىن ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاغرىقچان يۈرۈپ خىزمەت قىلىپ، يولدىن ئازغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يامان يولدىن قايتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىكى ئېلى، تارباغتايدىن كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىدىيىسىدە چوڭ تەۋرىنىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ، كېسىلىگە قارىماي، دەرھال بېرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارغا ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغانلىق مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغانلىق؛ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلىق مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى سەمىمىي چۈشەندۈرۈپ، سەۋرچانلىق بىلەن ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتمەسلىككە كۆندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چەتئەلگە بولغان خام خىياللىرىنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، تىرىشىپ ئۆز يۇرتىنى



گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. يولداش ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، بىر مەھەل تەۋرىنىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى چۈشىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئېڭى ئۆسۈپ، كەيپىياتى تىنچلىنىدۇ.

ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى، لېكىن ئۇ، قانداق قىلغاندا ئۆز مىللىتىنى ھەقىقىي سۆيگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ئۇ مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ تەبرىكلەشكە بېرىپ، يول ئۈستىدە چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ (بۇلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئوسمان شىنجاڭدىن ئالداپ ئېلىپ چىققان قازاقلار ئىدى). ئەنۋەر جاكۇلىن ئۇلارنى يوقلاپ، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى قىياپىتىنى تونۇشتۇرۇپ، خاتىرجەم ھالدا شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، بىرلىكتە يېڭى تۇرمۇشنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ، ئۇ يەردە تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار، شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانلار توغرىسىدا ئاكتىپلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىگە قىزغىن ياردەم بېرىدۇ.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، مەركەزنىڭ يولىيورۇقىنىڭ

روھىغا ۋە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم ياشلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ماكانلىشىشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ. بۇ ئىش ئۆز ۋاقتىدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدۇ. يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلارنىڭ تېخنىكا ۋە ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە ئۆزى ئەنخۇي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاممىنى چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن ئۇزاق مۇددەت سىياسىي — قانۇن سېپىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ئۇ خىزمەت جەريانىدا، بىر قولىدا پارتىيىنىڭ فاڭجېن سىياسەتلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىنى تۇتسا، بىر قولىدا سىياسىي — قانۇن سېپىدىكى كادىر، جەڭچىلەر قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۇتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي — قانۇن كادىرلىرىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئۇ، كۈندىلىك خىزمەتتە، كادىرلارنى يۈرەكلىك ئىشلىتەتتى ۋە ئۇلارغا ئىشىنەتتى، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلسا، كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلاتتى.

يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدى. بۇرۇن ئۆزىدە تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇچۇق-يورۇقلۇق بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنى تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل مىللىي سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، تارىخنىڭ مەھسۇلى ئىدى.



يولداش ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ تار مىللەتچىلىكنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى ۋە زىيىنىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە، ئاڭلىق ھالدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، بىر مىللەتچىنىڭ ئۆزگىرىپ، كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلىنىشىدا. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى سەمىمىي بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇ ئەسلى مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئىنقىلابىي قوشۇندا ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر مەيدان ئۇلۇغ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇلارغا بولغان چۈشەنىشى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خەنزۇلارغا بولغان تومتاق كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ، خەنزۇلاردىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت پەرقنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ، «شۇنىڭدىن باشلاپ ئىدىيەمدە ئىچكىرىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشقا ھېسداشلىق پەيدا بولۇپ، خەنزۇلارغا بولغان قارىشىم قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەردى»، دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ۋاڭ جېن قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقىدا ئەنۋەر جاكۇلىن ناھايىتى تېز ئالغا باسىدۇ، ئۇ، بۇ

رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇلارغا ئىشىنىپ، ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چۈشىنىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چىن دىلى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئالىي جاناب روھىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئۇ، دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىگە قاتنىشىپ بېيجىڭغا بېرىپ، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاكتىپ ھالدا تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. ئۇ، بۇ ئۆزگىرىش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن باندىتلارنى تۇتۇش جەريانىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 17 - دىۋىزىيىسى سىياسىي كومىسسارىنىڭ ماڭا قىلغان ھەقىقىي ياردىمىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. 1959 - يىلى دۆلەت بايرىمىدا، مەن دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ بېيجىڭغا ماڭغاندا، يول بويى خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىگە بولغان ھەقىقىي دوستلۇقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەربىيە ئالدىم. مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئىلگىرىكى تار مىللەتچىلىك ئىدىيەم، خەنزۇلارغا ئىشەنمەسلىك كۆز قارىشىم تەلتۆكۈس تۈگىدى». بىز بۇنىڭدىن ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ سەمىمىيلىك بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك روھىنى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى توغرا بولمىغان ئىدىيىسىنى قاچۇرمۇ يوشۇرماسلىقتەك ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل جەريانىدا،



ئۇ، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرى بولۇپ يېتىلدى، باشتىن ئاخىر ساپ دىل، ئالىي پەزىلىتىنى ساقلاپ، پارتىيىگە چەكسىز سادىق بولدى. پارتىيە نېمە قىل دېسە ئۇ شۇنى قىلدى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلدى. يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن ئائىلە ئىشلىرىغا ناھايىتى ئاز ئارىلىشاتتى، ئەمما ئۇ، بىر قېتىم باشقىچە ھالەتتە ئائىلىسىدىكىلەرنى قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ توسۇپ، پاختا رەختنى ھازىرچە ئالماي تۇرۇشنى ئېيتىدۇ، لېكىن سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ھۆكۈمەت پاختا رەختنى بېلەتلىك تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاندىن چۈشىنىدۇ. يەنە بىر قېتىم ئايالى ئۇنىڭغا يېزىدىكى بىر نەۋرە ئاكىسىنى شەھەرگە يۆتكەپ ئەكېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتقاندا، ئۇ قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۇ ئايالىغا: «بىر نەۋرە ئاكىمىزنىڭ يېزىدا قىيىنچىلىقى بولسا، بىز ياردەم بەرسەك بولىدۇ، لېكىن شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ خىزمەت قىلىش تەشكىلنىڭ ئىشى، بىز تەشكىلگە ئاۋارىچىلىق سالساق بولمايدۇ» دەيدۇ. ئەنۋەر جاكۇلىن ئەزەلدىن پارتىيىنىڭ سىياسەت، قائىدە - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغان ئادەم ۋە ئىشلارغا يۈز خاتىرە قىلمايتتى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەنقىد قىلىپ، قەتئىي قارشى تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن، بەزىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاغرىناتتى. لېكىن ئۇ، باشقىلارنىڭ ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى چوڭ قالايمىقانچىلىقتىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئۆز خىزمىتىدىكى خاتالىقلارغا بەرگەن تەنقىدىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا كەمتەرلىك

بىلەن قوبۇل قىلدى. قارىسىغا چاپلانغان بوھتانلارنى بولسا، تولۇق ئاساسلار بىلەن كەسكىن رەت قىلدى. ئېقىمغا ئەگىشىپ يولداشلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشلارنى زادىلا قىلمىدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قاماققا ئېلىنىپ، پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئائىلىسىمۇ مۇسادىرە قىلىندى. لېكىن ئۇ، بالىلىرىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن: «نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ھېچقانداق يامىنى يوق» دەيدۇ. ئۇ بالىلىرىغا ھەرقانداق بىر تەرەپكە قاتناشماسلىقنى، ھەرگىز يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى، پارتىيىگە ھەرگىز نارازى بولۇش كەيپىياتىدا بولماسلىقنى قايتا - قايتا جېكىلەيدۇ. ئۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا: «پارتىيىگە ئىشىنىڭلار، بۇلار پەقەت ۋاقىتلىق ئەھۋال، ئاخىر ھەممىسى ئېنىق بولىدۇ» دەيدۇ.

يولداش ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ ھايات ۋاقتىدا ھەمىشە: «مەن پارتىيە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، پارتىيە بولمىغان بولسا مېنىڭ بۈگۈنۈممۇ بولمىغان بولاتتى، مېنىڭ بارلىقىمنى پارتىيە بەردى، مەن قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمەن» دېگەن سۆزى ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە. ئۇ، ھەقىقەتەن ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندىكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، يولداش ئەنۋەر جاكۇلىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يېتىشكەن كىشى. ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى نامرات، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىكىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالمىغان. لېكىن ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش روھى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزاق مۇددەت ھارماي - تالماي تىرىشىپ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭگو ۋە چەت



ئەلنىڭ داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەنزۇچە تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش روھى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. 1955 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دائىم تۇرۇشلۇق ئەزاسى بولۇپ بېيجىڭدا خىزمەت قىلغاندا، خەنزۇچە تىل - يېزىقنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆزىگە ھەر كۈنى ئون خەنزۇچە خەت ئۆگىنىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ، تەرجىمان يولداشلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئاساسىي قانۇننى دەرسلىك قىلىپ، ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي ئۆگىنىدۇ. كۆپ يىل ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ قازاق تىل - يېزىقىدىلا خېلى ياخشى سەۋىيىگە يېتىشىپ قالماي، بەلكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس تىل - يېزىقلىرىنىمۇ ئىگىلەپ، راۋان سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش سەۋىيىسىگە يېتىدۇ. ئۇ بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي - نەزەرىيە سەۋىيىسىگە ئىگە رەھبىرىي كادىر بولۇپلا قالماي، يەنە شېئىر، رومان يازىدىغان يازغۇچى، تەرجىمان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. 1962 - يىلى ئۇ، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - تومىنىڭ قازاقچە نەشرىنى تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ بۇنى بىر تەرەپتىن شەرەپ ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ، ناھايىتى جىددىي ھەم ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە كىرىشىدۇ. تەرجىمىنىڭ چوقۇم توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ دائىم بىرەر سۆز، بىرەر جۈملە ئۈچۈن ھەر خىل ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، تەرجىمە خىزمىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك تاماملايدۇ. ئۇ باشقىلارغا: «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتنىشىشىم نەچچە يىللىق ئوقۇشۇمدىنمۇ يۇقىرى تۇردى،

ئەزەرنىيە ئۆگىنىۋالدىم، بىلىمىمۇ ئۆستى، دەيدۇ. ئەنۋەر جاكۇ-لىنىڭ ئېلان قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىن «كۆرەش مۇساپىسى»، «بەش قېرىنداش»، «ئوردىدىكى بىر كېچە» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «ئۇلۇغ بېيجىڭ» قاتارلىق شېئىرلىرى بار. ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ۋەتەننى، پارتىيىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا قاماپ قويۇلغان ۋاقىتلاردا، يەنە موي قەلەم بىلەن خەنزۇچە ھۆسن خەت يېزىشنى ئۆگىنىپ، كەيشۇ ئۇسۇلىدا راۋرۇس، ئەپچىل خەت يېزىشنى ئىگىلىۋالدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يولداش ئەنۋەر جاكۇلىنىڭ ھاياتىغا زامىن بولدى، ئۇ ۋاپات بولغاندا ئاران 54 ياش ئىدى. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىنقىلابىيلاشقان، ياشلاشقان، بىلىملىك ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرى كادىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى — غايەت زور يوقىتىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز يولداش ئەنۋەر جاكۇلىننى ئاقلىدى. ئۇنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە سادىق بو-لۇشتەك ئىنقىلابىي پەزىلىتى ۋە ئىنقىلابىي روھى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تەڭرى تېغى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1985 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى)

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# سوۋېت چېگرىسىغا قېچىپ كىرگەن گومىنداڭ قاچاقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇكېرىم مەخمۇتوۋ

1946 - يىلى نەنجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر بىتىم تۈزۈلگەنىدى. شۇ چاغدا مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ چۆچەك شەھىرىدە تۇ-رۇشلۇق «تارباغاتاي» ناملىق 3 - ئاتلىق پولكىدا ئىشلەيتتىم.

1946 - يىلى 8 - ئايدا، پولك شتابىدىن مېنى جىددىي ۋەزىپە بار دەپ چاقىرتتى. مەن پولك شتابىغا بېرىپ پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا: «ساڭا تاپشۇرىدىغىنىم ھەم سىياسىي ۋەزىپە، ھەم جەڭ ۋەزىپىسى، سەنمۇ بىلىسەن، گومىنداڭنىڭ چۆچەكتە تۇ-رۇشلۇق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىدىن 4000 گە يېقىن كىشى چۆچەك ئازاد بولۇش ھارپىسىدا شىخو، سا-ۋەن، ئۈرۈمچىلەرگە قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلارنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن تۈزگەن بىتىمگە ئاساسەن

چىگرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈرۈمچىگە قايتۇرماقچى. ئۈچ ۋىلا-
يەتتىكى، بولۇپمۇ چۆچەكتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا
غەزەپ - نەپرىتى ناھايىتى كۈچلۈك. شۇڭا ئۇلارنىڭ
چۆچەك تەۋەسىدىن ئامان - ئېسەن چىقىپ كې-
تىشى ناھايىتى مۇشكۈللۈككە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، بۇلارنى
ماناس دەرياسىدىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈش ئۈچ ۋى-
لايەت مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتىگە، شۇن-
داقلا بىتىمنى ئىجرا قىلىش - قىلماسلىققا مۇناسىۋەتلىك
مۇھىم مەسىلە. شۇڭا بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى سىزگە تاپ-
شۇردۇق. سىزنىڭ كونكرېت ۋەزىپىڭىز، چۆچەكنىڭ سوۋېت
تەرەپتىن كېلىدىغان تاشيولىدا «بەش كۆۋرۈك» دېگەن
يەر بار (مال دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا)، سوۋېتتىن ئۆت-
كۈزۈۋېلىنغان ئەسىرلەرنى شۇ يەردە تاپشۇرۇۋالىسىز. ئۇلارنى
شەھەر ئىچىدىن ئۆتىدىغان تاشيول بىلەن ئېلىپ مېڭىپ،
دۆربىلجىنگە بارىدىغان قارا قاۋاقتىكى ئەسىرلەرنى ماناسقا
يەتكۈزىدىغان بېكەتكە ساق - سالامەت ئاپىرىپ، ئۇلارنى
شۇ يەردە ماناسقا ئېلىپ بارىدىغانلارغا تاپشۇرۇپ بېرى-
سىز. بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغانلار بىرنەچچە تۈركۈمگە
بۆلۈنۈپ كەلتۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىز مەسئۇل
بولىسىز»، دېدى.

مەن روتا شتابىغا قايتىپ كېلىپلا دەرھال كادىر-
لارنى يىغىپ، يۇقىرىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى
يەتكۈزدۈم. ئاندىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش تەدبىرلىرىنى
مۇزاكىرە قىلىپ، خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ۋەزىپە
ئورۇنلاشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

گومىنداڭنىڭ بۇ ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرى



سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشتىن بۇرۇن، چۆچەك تە-
ۋەسىدە ئۆزلىرىنى ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان ناھايىتى
كۈچلۈك بىر قوشۇن، دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، بۇلار ئۆز
ۋاقتىدا گومىنداڭنىڭ چۆچەك رايونىدىكى مىللىي ئىنقى-
لابىي ھەرىكەتلەرنى دەھشەتلىك باستۇرۇشىدىكى تايانچ
كۈچى ئىدى.

1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ كەڭساي 2 -
ئاتلىق بىرىگادا قىسىملىرى بۆرتالا ئارقىلىق قىزىل تۇز
بىلەن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ھازىرقى تولى ناھىيىسىنىڭ ياماتو
دېگەن تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە
تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار
گومىنداڭ قىسىملىرىغا غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ،
ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار-
نىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئاخىر
ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، نەتىجىدە تولى
ئازاد قىلىنىدۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى دۆربىلجىنگە
قاراپ ئىلگىرىلەپ، سارغۇسۇنغا بارغاندا، گومىنداڭنىڭ
دۆربىلجىندىن چىقىپ سارغۇسۇندىكى قىسىملارغا ياردەم بې-
رىش ئۈچۈن كەلگەن ئىككى ماشىنا ئەسكىرىگە دۈچ كې-
لىدۇ. مىللىي ئارمىيە ئالدىدىكى ماشىنىدىكى دۈشمەنلەرگە
زەربە بەرگەندىن كېيىن، كەينىدىكى ماشىنا دەرھال سولغا
بۇرۇلۇپ، يولسىز يەر بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۆرۈلۈپ
كېتىدۇ، پەقەت كابىنكىدا ئولتۇرغان شوپۇر بىلەن لىيەن-
جاڭدىن باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىدىن قاڭ-
قىپ، يەرگە چۈشۈپ ئۆلىدۇ. مىللىي ئارمىيە ماشىنىنى قوغلاپ
دۆربىلجىنگە يېتىپ بارىدۇ، دۆربىلجىندىكى دۈشمەنلەر دەسلەپ
مىللىي ئارمىيىگە قارشىلىق قىلىپ بىر مەزگىل تىركىش-

كەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر مىللىي ئارمىيىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ۋە دۆربىلجىن خەلقىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن دۆربىلجىندە تۇرغان گومىنداڭچىلار شەھەرنى تاشلاپ، دەرھال قىرىق ئۇچاققا قاراپ قېچىپ، ئۇ يەردىكى گومىنداڭنىڭ 7 - ئاتلىق تۇەنى بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ.

لېكىن، قىرىق ئۇچاقتىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن ھوشۇرۇپ ئىسلام باشلىق بىرقانچە كىشى قوراللىق قېچىپ چىقىپ جىمۇنەي پارتىزانلىرىغا قوشۇلغانلىقتىن، قىرىق ئۇچاق ئاللىقاچان جىمۇنەي پارتىزانلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ. شۇڭا، دۈشمەنلەر ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىنىپ، جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، گازارمىلىرىدىن چىقالماس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن جىمۇنەي پارتىزانلىرىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ بەرگەن زەربىسى ئاستىدا، دۆربىلجىندىن قېچىپ كىرگەنلەر يوقىتىلىدۇ، ئاندىن ئىككى كۈچنىڭ بىرلىشىپ قىلغان ھۇجۇمى ئاستىدا، قىرىق ئۇچاقتىكى دۈشمەن ناھايىتى تېزلىكتە تارمار قىلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، چۆچەك، چاغانتوقايدىكى گومىنداڭ قالدۇق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئۈرۈمچىگە قېچىش ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى سوۋېت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېتكە قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىش قارارىغا كېلىدۇ.

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بەختى ئارقىلىق



چېگرىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، گومىنداڭ 3 - ئاتلىق پولك تەۋەلىكىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر يول بويى بىردىن - ئىككىدىن سەپتىن ئايرىلىپ قېلىپ، 150 تىن ئارتۇق مىللىي ئەسكەر ھەقىقەتكە قايتىدۇ. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ (مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ)، ئالدى - كەينىگە قارىماي، ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭغانلارنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈۋالىدۇ.

مىللىي ئارمىيىگە تەسلىم بولغان، ھەقىقەتكە قايتقانلار چۆچەكتە مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن روتا قىلىپ تەشكىللىنىپ، كېيىنكى شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش سوقۇشىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ. كېيىن بۇ روتا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇۋېتىلىدۇ.

چۆچەك شەھىرىدىن سوۋېتكە قاچقانلار ئەسلىدە چۆچەكتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان، قان قەرزىگە بوغۇلغان جىنايەتچىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇلارغا چۆچەك خەلقىنىڭ قەھرى - غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان جەڭچىلەر ئىچىدىمۇ، كوماندىرلار ئىچىدىمۇ چۆچەك ۋىلايىتىدىن ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلار بولغاچقا، بۇلاردىمۇ ئۇلارغا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك بار ئىدى. بىز تاپشۇرۇۋېلىپ چۆچەك شەھىرى ئىچىدىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان كىشىلەر دەل شۇلار ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە لىيەننى سەپكە تىزىپ، ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ئادەملەرنى تاپشۇرۇۋېلىش پونكىتىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ پونكىتقا يېتىپ بارغۇچە

چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال بولۇپ ھەر مىللەت شەھەر خەلقىدىن نەچچە مىڭ ئادەم پونكىتتا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر تاپشۇرۇۋېلىش پونكىتى ئالدىغا بىرەر كىلومېتىر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىنتىقام ئېلىشقا كەلگەنىكەن. شۇڭا، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئەسىرلەر كېلىدىغان تەرەپكە تىكىلگەنىدى.

مەن بۇ مەيداندىكى كىشىلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل، ھەر نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم (بەزى كىشىلەرنىڭ گەپلىرىدىن يامان نىيىتى بىلىنىپ تۇراتتى)، بولۇپمۇ بەزىلەرنىڭ قەستەن قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ئەمدىلا تۈزۈلگەن بېتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، ئەڭ ئاۋۋال مەيدان تەرتىپىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، بىرىنچى قەدەمدە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن خەلقنى سۆز ۋە بېسىم كۈچى بىلەن ئارقىغا چېكىندۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. خەلقنى ئەسىرلەر كېلىدىغان يولنىڭ سىرتىغا يىراقراق تۇرغۇزۇپ، ئوتتۇرىدىن يول ئاچتىم. ئاندىن ئېھتىيات ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاممىنىڭ ئالدىغا جەڭچىلەرنى تۇرغۇزدۇم. دەل سائەت ئالتىدە بىرىنچى تۈركۈم ئادەملەر يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بولۇپ، بۇلار چۆچەكنىڭ رىكشا ھارۋىسىغا بىر - ئىككىدىن ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن



قېچىپ سوۋېت يېرىگە ئۆتۈپ كېتىپ، يەنە گومىنداڭدىن ئايرىلالماي قايتىپ كەلگەن تۆت ئۆيلۈك ئاق ئورۇسلارمۇ بار ئىدى.

مەن ھەربىر ھارۋىغا تۆتتىن جەڭچى بەلگىلەپ، ھەربىر ھارۋىنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، بىر ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھارۋىلارنى يولغا سېلىپ تۇردۇم.

ھەممە ئىش تىنچ - ئامان كېتىۋاتاتتى. مەن خاتىرجەم بولغان ھالدا ھارۋىلارنى ئارىلاپ كېتىۋاتاتتىم. ئارقامغا قارىسام، خەلق ئاخىرقى ھارۋىدا ئولتۇرغان ئاق ئورۇسلاردىن ئۈچ كىشىنى ھارۋىدىن سۆرەپ ئېلىپ چۈشۈپ، ھەدەپ دۈشكەلەپ، ئۇرۇپ سوراق قىلىۋېتىپتۇ. بەزىلەر ئۇلارنى تىللاپ يۈزىگە تۈكۈرسە، يەنە بەزىلەر ئورۇسلارنىڭ قىلمىش جىنايەتلىرىنى ئەيىبلەۋېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامان بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلۈمچان قىلىپ قويۇپتۇ.

مەن ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپلا، ئاۋۋال ئۇلارنى خەلقنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئاممىنىڭ ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر بىلەن بىر تاتار بوۋاي ئالدىغا چىقىپ، ۋەقەنىڭ جەريانىنى مۇنداق سۆزلىدى:

— بۇ ئورۇسلار ئەسلى چۆچەك شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، چۆچەك بازار ئىچىدە قاۋاقخانا ئېچىپ، سودىگەرچىلىك قىلاتتى. چۆچەكنىڭ ياشلىرى گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن نارازى بولۇپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قاۋاقخانىغا كىرىپ ھاراق ئىچىپ، تاماق يەپ ئولتۇرىدىكەن. قىزىپ قالغان چاغلىرىدا بەزىلەر ناخشا توۋلىسا،

بەزىلەر گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ
بەزى سۆزلەرنى قىلىدىكەن. يەنە بەزىلەر ئىلىنىڭ پارىڭىنى
قىلىپ، ئۇلار بالدۇرراق كەلسە، بىزمۇ قولىمىزغا قورال
ئېلىپ، بۇ ئەبلەخلەرگە ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قوياتـ
تۇق، دېيىشىدىكەن. بۇ ئاق ئورۇسلار ياشلارنىڭ گەپ -
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىرگە ئۇنىنى قوشۇپ ساقچى ئىدارىـ
سىگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇلار ئەسلى گومىنداڭنىڭ
ئىشپىيونلىرى بولغانلىقتىن، ئۇلار بەرگەن مەلۇماتقا ئاساـ
سەن ساقچى ئىدارىسىدىن نۇرغۇن ياشلارنى تۇتۇپ كەتـ
كەن. ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئىككىمىزنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى.
ئۇلارنى ساقچى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىز - دېرەكسىز
يوقىتىۋەتتى. ھازىرغىچە ئۇلاردىن خەۋەر يوق، ئۆلۈكىنىمۇ،
تىرىكىنىمۇ كۆرەلمىدۇق.

— چۆچەك ئازاد بولغاندا ساقچىدىن چىققان ئارـ
خىپ ماتېرىياللارغا قارىساق، بۇلارنىڭ بەرگەن ئاخباراـ
تىغا ئاساسەن نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر قولغا ئېلىنىپ،
ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. بۇ يەردە تۇرغان ياشلارنىڭ نۇرغۇنلىرى
ھەم بۇ ئەبلەخلەرنىڭ كاساپىتىدىن تۈرمىدە ئۇزۇن يېتىپ،
كۆرمىگەن كۈنلىرى قالمىغان، دەپ بىرنەچچەيلەننى كۆرـ
سەتتى ھېلىقى كىشى.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئۇلارغا سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭنىڭ تۈزگەن بىتىمىگە
ئاساسەن، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاللاشقا بولمايدىغانلىقىنى،
ئەگەر بۇنداق ئىشلار يۈز بەرسە، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق
ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتىگە يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىـ
قىنى سۆزلەپ، ئاممىنىڭ پەيلىنى ئاران دېگەندە ياندۇـ



رۇپ، ئۇلارنى سۆزۈمگە كۆندۈردۈم. ياۋاش، ساددا خەلق
ئاخىر سۆزگە قايىل بولدى. ئۇنىڭغىچە ھارۋىدىكىلەرمۇ
خېلى يىراققا ئۆزاپ كەتتى.

قالغان ئۈچ تۈركۈم مەھبۇس ئەمەلدارلارنىڭ ھارۋىـ
لىرىدىن چاتاق چىقمىدى. تىنچ - ئامان شەھەر ئىچىدىن
ئۆتۈپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈزۈلدى. ئەسىرلەرنى
ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتا تاشيول بويىغا چىقىدىغانلار كۈندىن -
كۈنگە كۆپەيدى.

4 - قېتىمدا گومىنداڭنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق
گارنىزون قوماندانى × × × ئۆزىنىڭ جىپ ماشىنىسىغا
ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. بۇلار كۆرسەتمە بويىچە چۆچەك
ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن
مۇھاپىزەت خىزمىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن ئۇلاپلا 6 -، 7 -، 8 - تۈركۈمدىكى ئەسىرـ
لەرمۇ ئۆتتى. 9 - تۈركۈمدە بۇرۇن چۆچەك گومىنداڭ
قوماندانلىق شتابىدا ئىشلىگەن × × × دېگەن كىشى
ئۆتۈپ كەلگەندە، يەنە چاتاق چىقتى.

ئاممىنىڭ غەزەپ بىلەن ئەيىبلىشىگە قارىغاندا،
× × × ئەسلىدە چۆچەكتە تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ
گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇ
ئۇچىغا چىققان نومۇسسىز، ئىچى زەھەر ئادەم ئىكەن.
ئۇ چۆچەكتە گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ
ھەممىسىنى «ئىلىدىكى قىزىل پاچاقلارنىڭ قۇيرۇقى»
دەپ سوراق قىلىپ، زىيانكەشلىك قىلغان ھەم بۇ ھەقـ
تىكى ئاخباراتلارنى گومىنداڭنىڭ گارنىزون شتابىغا يەتـ
كۈزۈپ بېرىپ تۇرغانىكەن. گومىنداڭ ئۆزىنىڭ بۇ سادىق

ماللىرىغا قاتتىق ئىشەنگەنلىكتىن، بۇ نومۇسسىز ئەبلەخ گومىنداڭنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە تايىنىپ خالىغىنىنى قىلىپ يۈرىدىكەن. بۇ مۇناپىق ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىكەن. ئەگەر ئۇلار قارشىلىق قىلىدىغان بولسا، دەرھال ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى خالىغانچە قارىلاپ تۇتقۇن قىلىدىكەن. بۇ ئەبلەخنىڭ قولىدا ئاياغ - ئاستى قىلىنغان خوتۇن - قىزلار، ئائىلىسى ۋەيران بولغانلار ۋە باللىرى تۇتقۇن قىلىنغانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قىيناشتا خوجايىنىغا خۇشامەت قىلىپ، ناھايىتى ئەشەددىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدىغان ۋەھشىي مەلئۇن ئىكەن.

دەل مۇشۇ ئەبلەخ ئولتۇرغان ھارۋا تاپشۇرۇۋېلىش پونكىتىغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، تاشيول بويىدا قاراپ تۇرغان نەچچە يۈز ئادەم خۇددى سەلدەك ھارۋىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى ھەممە «× × × دېگەن ئەبلەخ مانا بۇ ھارۋىدا ئولتۇرىدۇ، تۇتۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۇنى ھارۋىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، قوناق سوقىدىغاندەك دۇمبالاپ كەتتى. بەزىلەر «توختاڭلار، بۇ مۇناپىقنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈۋالاي!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە تۈكۈرۈپ سوراق قىلسا، بەزىلەر «ھەي ئەبلەخ، سېنىڭمۇ بۇ كۈننى كۆرىدىغان ۋاقتىڭ بولىدىكەن» دەپ تەرەپ - تەرەپتىن دۈشكەلەپ، ئۇرۇپ - تىللاپ، ئۇنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى. باشقا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ، تىترەپ، ھارۋىلاردا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يېتىۋېلىشتى.

مەن ۋارقىراپ، پوپۇزا قىلىپ، ھەتتا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپمۇ بۇ خەلق ئىچىگە كىرەلمىدىم. خەلق ھەدەپ ئۇنى يەرگە بېسىپ دۇمبالاپ، دومىلىتىپ، خۇددى كىگىزچى كىگىز پىشۇرغاندەك دەسسەپ تېپىۋەردى. بىر چاغدا نەدىندۇر بىر نەچچە ئاتلىق كىشىلەر كېلىپ «پوش - پوش، قېچىڭلار، مەن بۇ ئەبلەختىن بىر ئۆچۈمنى ئېلىۋالاي!» دەپ، ئېتىنى خەلق ئىچىگە تەسلىكتە كىرگۈزۈپ، × × × دېگەننى ئوغلاقچىلاپ سۆرەپ چىقىپ، ئىككى پۇتىدىن باغلاپ، ئاتقا سۆرەتكىنىچە كوچىنى بويلاپ شەھەر تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. خەلق ئاتنىڭ ئارقىسىدىن سەل بولۇپ ئاقتى. مەن ھاي، ھاي، دەپ ۋارقىراپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپمۇ ھېچكىمنى توسيالمىدىم.

مانا شۇ چاغدا ھېلىقى × × × نىڭ خوتۇنى بۇ جايغا كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، لام - جىم دېمەلمەي ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى. نەتىجىدە × × × نىڭ جېنى چىقىپ بولغانمۇ، ئۈزۈلۈكسىز ئاتقا سۆرىتىلىپ، ئۆلۈكىمۇ كوچىلاردا سازايى قىلىندۇرۇلدى. مەن بۇنى كۆرۈپ، خەلق غەزەپ - نەپرەتكە كېلىپ قوزغىلىپ كەتسە، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ توسيالمايدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

توققۇز تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان 3830 نەپەر ئەسىرنى ساق - سالامەت ماناسقا يەتكۈزۈپ، تاپشۇرۇۋېلىش پونكىتىغا تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردۇق. بۇلارنى ماناس دەرياسى بويىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى قاسموپ توختىي تۇەنجاڭ (ھازىر تاشقى سودا ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ) ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىگە ئاساسەن، بۇ ئەسىرلەرنى گومىنداڭ قىسىملىرىغا ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كېلىشىمنى ئىجرا قىلغانىدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ھەربىي رايونى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# چاقىلىق دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە تۇردى يىڭجاڭ توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى روزى

جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنىڭ دەسلەپىدە جەنشكوي چاقىلىق قىسىملىرىنىڭ تۇەنجاڭى بولۇپ، 1930 - يىللاردا 128 - بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا يۆتكىلىپ كەتكەن، چاقىلىقتا بىر لىيەن ئەتراپىدا ئەسكەر قالدۇرۇلغان.

1933 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇراخمان مۇھىتى... لار ئائىلىسىنىڭ چوڭى بولغان، تۇرپان، توخسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى مەۋسۇل مۇھىتى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنلىرى قارا شەھەردىن كېچىدە كېلىپ، باۋۇدۇن باينىڭ (ھازىرقى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئورنىدا) قورۇسىغا چۈشكەن. ئەتىسى ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز ھاجىملارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جەنشكوي قىسىمىنى قورالسىزلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغان. مەۋسۇلباي ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ۋاڭ نىياز (خۇيزۇ) نى، چاقىلىقتىن باۋۇدۇن باينىڭ ئىنىسى



سودىگەر ئىمىن ھاجى (ئىمىن شەيتان، دەپ لەقىمى بار) نى ئېلىپ، گەنسۇ تەرەپتىكى، ما جۇڭيىڭنى ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا باشلاپ كېلىش ئۈچۈن دۈنخۇاڭغا قاراپ يولغا چىققان (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كۇچالىق تۇردى بەكرى دېگەن ئادەمنى كورلىدىق ئايالى ھاشىخان بىلەن مەۋسۇلباي ئۆزى ئېلىپ كېلىپ، قوتلۇقنىياز شاڭيۇنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھازىرچە ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلارغا يىڭجاڭ ئۇنىۋانلىق ئوفىتسېر قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تاپىلىغانلىقى، چاقىلىق مۇرەككەپ ئىكەن دېگەنلىكى مەلۇم)، بۇ قېتىم قۇمۇلدىن مەھمۇت مۇھىتى يېنىغا ماڭغان يولۋاسمۇ مەۋسۇلباي بىلەن قايتىپ ماڭغان.

مەۋسۇل مۇھىتى مېڭىش بىلەنلا، ئابدۇكېرىم ئەلەم قول ئاستىدىكى 60 — 50 نەپەر قوراللىق يىگىتلىرىنى باشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ شايار ئارقىلىق كۇچاغا بېرىپ، تۆمۈر ئېلى قىسىملىرىغا قوشۇلغان.

ئاقسۇ - قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، پىچان - لۈكچۈنلۈك گاجىت بەكرى چاقىلىققا ھاكىم، تۇردى بەكرى (كۇچالىق) يىڭجاڭ، يەرلىكتىن ئابدۇكېرىم ئەلەم(بۇ كىشى ئاخۇن يىڭجاڭ دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەلەم دېگەن نام ئۇنىڭ بوۋىسى تۆمۈر ئەلەمدىن مىراس قالغان) يىڭجاڭ قىلىپ تەيىنلىنىپ رەسمىيەتلىرى بىلەن چاقىلىققا ئەۋەتىلگەن. شۇ يىلى يازدا چاقىلىقتا قوزغىلاڭچى قىسىملار تەشكىللىنىپ ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز ھاجىملار ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ كەلگەن قىسىملار بىلەن تۇردى يىڭجاڭ باشقۇرۇشىدىكى خوجىنىياز، مەھمۇت مۇھىتىلار ئەۋەتكەن قىسىملار يەرلىكتىن يېڭى قوبۇل قىلىنغان قىسىملار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇربان سوپى باشچىلىقىدىكى 50 تىن ئارتۇق كىشى ئالتۇنتاغ تەرەپتىكى داۋزا (دەرۋازا) چېگرىسىنى، ھوشۇر

لىيەنجاڭ قىسمى مىرەنى، رۇستەم، سامساق باشچىلىقىدىكى قىسمى دورال، يېڭىسۇ چېگرىسىنى، ھاشىم تاغ، ھاگاز باشلىق قىسمى ۋاششەرى، ئاقتاز ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىبراھىم ياخاڭ (تۇرپانلىق لىيەنجاڭ)، ئامبال باران، ئايۇپ فۇگۇەن، قۇربان چاپسان قىسىملىرى چاقىلىقنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لۈكچۈن شەھرىگە 1932 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلغان، 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق نۇرغۇن خەلقنى قىرىشقا قاتناشقان ئاق ئورۇسلاردىن 53 كىشى قۇم دەريا يولى بىلەن پىچاندىن تىكەنلىك ئارقىلىق چاقىلىقنىڭ يېڭىسۇ تەۋەسىگە كىرگەن بولۇپ، 9 - ئايلاردا ئۇلار قارادا بىلەن قورغان ئارىلىقىدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان؛ 10 دەك ئادىمى قېچىپ كەتكەن بولىسىمۇ ئاچلىقتىن چۆلدە ئۆلگەن). 1933 - يىلنىڭ ئاخىرىدا شامەنسۇر (ئابدۇللا) بىلەن ئىمىر ساھىپلارنىڭ خوتەن تەرەپتىن «ئىسلام ئېچىش» شوئارى بىلەن كەلگەن ھەم كالتەك - توقماق بىلەن قوراللانغان كامال داموللا، ئېلى ئەمىر، روزى ئەمىرلەر باشچىلىقىدىكى 1000 دىن ئارتۇق كىشى چاقىلىققا كېلىپ، 1934 - يىلى 7 - ئايلارغىچە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. ئاشلىق يېتىشمەسلىك، قەھەتچىلىك، يەرلىك قوزغىلاڭچىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ يېتىشالماسلىق، ھاكىمىيەت تالىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن، يېمەك - ئىچمەك مولراق بولغان چەرچەنگە قايتقان. بىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغان بۇ ئوغرىنى پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى سېپىل ئالدىغا توپلاپ سازايى قىلىپ، نەخ مەيداندا ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىنى (بارماق ئۈستى جەينەك ئاستى) كېسىپ تاشلىغان. كامال داموللا قوشۇنى رەتلىك، ئىنتىزاملىق بولسىمۇ، كامال داموللا باشلىق «قوماندان» لار كېچىسى تۈرلۈك ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە ئەسكەرلىكتىن يۇرتىغا قاچقانلارنى تۇتۇپ كەلسە، بىرنەچچە كۈن ئاچ قويۇپ، «ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى» دەپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمگەن. چاقىلىق خەلقى ئۇلارنىڭ سەپ تارتىپ بەش ۋاق ناماز ئوقۇشى ۋە ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقىغا قاراپ «استىنالا ئىسلام قوشۇنى ئىكەن» دەپ قارىغان. ئۇلار ھاكىمىيەت تالاشقانلىقتىن، يەرلىك قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۈركىلىش قىلغان. ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز قوشۇنى بىلەن ئوزۇق - تۈلۈكنى بوز كۆل رايونىغا يۆتكەپ كېتىپ، كامال داموللا قىسىملىرىنى ئاچ قويغانلىقتىن، ئۇلار قايتىپ كەتكەن. 1934 - يىلى 7 - ئايدا كامال داموللىنىڭ دىنىي تەشۋىقاتى، 1933 - يىلى 9 - ئايدا ناسىر ھاجىم باشلىق ھەج قىلىپ قايتقانلارنىڭ پائالىيىتى دىنىي ئەقىدىنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنى ئۆزگە تارتىش، كۆڭلىنى مايىل قىلىش رولىنى ئوينىغان. ئىمىن ھاجىم سالدۇرۇۋاتقان جامەمۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان. نەتىجىدە خەلق ئىچىدىلا ئەمەس، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدىمۇ ئېغىر ھالدىكى تەۋرىنىش پەيدا بولغانلىقتىن، بۇرۇنقى ئابدۇكېرىم، ئېزىز ھاجىم قوشۇنلىرى، يېڭى قوبۇل قىلىنغانلار ۋە تۇردى يىگچاڭ قارىمىقىغا مەھمۇت سىجاڭ تەرەپتىن ئاقسۇ، قەشقەر تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىسىدىكى قورۇسى ئالدىغا توپلاپ، خەلق قاتناشقان ھالدا «ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى» ئېلىپ بارغان ۋە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قېرىلارنى سەپتىن چېكىندۈرۈپ، قايتا سەپ تۈزۈپ بىرلەشتۈرگەن. شۇ يىغىندا خەلق قوشاقچىسى ياسىن سادىق ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ:

«ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئەسكەرلىرى قىزىلگۈلدىن زىيادە،
ئېزىز هاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى قېرى - چۆرى پىيادە.
سۇپۇرگۈچتە ئۆلتۈردۇق ئۆيگە كىرگەن ھەرىنى،
ئېزىز هاجىم يىغىۋاپتۇ ئەللىك - ئاتمىش قېرىنى» دەپ قوشاق قوشقان. ئەلەم ئاخۇنۇم بىرىگە بىر چارەك (18 جىڭ) بۇغداي كېلىدىغان، 1917 - يىلى ياڭ زېڭشىڭ چىقارغان سىڭ تىزا (ئۆلكە پۇلى) دىن ئۈچنى ئىنئام قىلىپ تۇرغاندا، پۈتۈن مەيداندىن يەنە بىر قوشاق قوشۇپ بەرسۇن، دېگەن سادا چىققانلىقتىن، ياسىن سابىق:
«غەزەلنى تولا ئېيتىپ چاقىلىقتا داڭ ئالدىم،
لەشكەرنى قوشاق قېتىپ ئۈچ سەر تىزا شاڭ ئالدىم»
دېگەندە، پۈتۈن مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلگەن، خەلق ۋە ئەسكەرلەر چاۋاك چېلىشقان.

ئاشۇ كۈنلەردە ئۆلكە تەمىنات، ھەربىي كىيىم - پورما، مائاش تارقىتىش قارارى چىقارغان. چاقىلىقتىكى قىسىم 36 - دىۋىزىيە (شتاب قەشقەردە) قارىمىقىغا قوشۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چاقىلىق تەمىناتنى قوبۇل قىلىپ، بۇ يەرگە شىڭ شىسەي قىسىملىرىنىڭ كېلىشىگە قارشى تۇرغان ۋە قولىدىكى قوراللارنى تاپشۇرمىغان.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، چەرچەن تەرەپتىن جامال، تۇردىجان «چاقىلىقنى سورايمىز» دەپ ئەسكەر باشلاپ كەلگەن (بۇلارنى كامال داموللام قۇترىتىپ ئەۋەتكەن، دېگەن گەپلەرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاقىلىققا بىر قازىمۇ ئەۋەتكەنىكەن). بىرنەچچە سائەتلىك كالتە جەڭلەردىن كېيىن، دەريا ئىچىدە جامال، تۇردىجان تىرىك تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى قورۇسىغا كەلتۈرۈلگەن. نەسىھەتنى



ئاڭلىمىغان جامال: «سەن — ئابدۇكېرىم ئەلەم دېگەننىڭ بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمەي قويمايمەن» دەپ ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلغانلىقتىن، ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۇنىڭ پېشانىسىگە خەنجەر بىلەن پىلوس (+) بەلگىسى سىزىپ، بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن (قوراللىرىنى بەرمىگەن) ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپ چەرچەنگە يالاپ ماڭغۇزۇۋەتكەن. ئۇلار بىلەن كەلگەن قازىنى ئېلىپ قالغان. شۇ چاغدا ياسىن سادىق:
«دەڭگىرەكلەپ كېلىپتۇ جامال بىلەن تۇردىجان،
لوپلۇقلارنى كۆردۈكمۇ پېشانەڭدىن ئالدى قان» دەپ قوشاق قوشقان. شۇ كۈنلەردە كوچا، شايا تەرەپتىن چاقىلىققا ئاشلىق (ھەربىي تەمىنات) يۆتكەش بولغان.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى چاقىلىقتا ئۆزگىچە بىر قەلەندەر(دىۋانە) پەيدا بولدى. ئۇ كىشىلەر ئىشىكىدە تىلەمچىلىك قىلغاندا، ئېسىل يېمەكلىك ۋە پۇل - پۇچەكلەرگە نەزەر سالمىغاندەك بەكمۇ ئېتىبار قىلمايتتى. رەستە ئىچىدىكى ھەشىمەتلىك دەرۋازىلار ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. ئەگەر بىرەرى يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا ياكى ئۆزى چوڭ ياشتىكى كىشىلەر يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە:

كاۋا تېرىسام باراڭ بولدى؛
خوتۇن ئالسام ساراڭ بولدى،
مېنىڭ بېشىم گاراڭ بولدى،

يا مۇستاپا مۇھەممەت، ھەق دوست ئىلللالاھ - دەپ، تۇرپان تەلەپپۇزىدا دائىمۇ دانە سۆزلەر بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى مەزىن رەستىدىكى مەسچىتنىڭ پەشتىقىدا بامداتتىقا ئەزان توۋلاپ بولۇشى

بىلەنلا، بۇ ئادەم باۋۇدۇن باينىڭ ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى (هازىرقى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئورنىدىكى) ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە مۆڭلۈق — جاراڭلىق ئاھاڭدا:

سەھەر قوپقان ئىبادەت، ئۇلۇغلاردىن كارامەت، بىر كۈن بولۇر قىيامەت، ھەق مۇستاپا مۇھەممەت، دەپ توۋلاشقا باشلىدى. كۈندە 2 – 3 قېتىم كېلىپ سەدىقە تىلەيدىغان تىلەمچىنىڭ بۈگۈن تىلەمچىلەر كېلىشكە تېگىشلىك بولمىغان چاغدا، يەنە كېلىپ نەچچە كۈندىن بۇيانقى ناخشىلىرى ۋە ساراڭلىق نەزمىلىرىگە ئوخشىمايدىغان قوشاقنى توۋلاپ كېلىشىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان باۋۇدۇن باي تەرەت ئالماقچى بولغان ئاپتۇۋىسنى قويۇپ دەرۋازىنى ئاچتى. باۋۇدۇنباي دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ بولغۇچە تىلەمچى ئۇنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن ئەپچىللىك بىلەن دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ بولدى. باۋۇدۇن باي بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ تۇرغاندا دىۋانە: «دەرۋازىنى تاقاپ، مېنى ئادەمزاتتىن خالىي بىر جايغا باشلىسىلا. مەن سىلىگە قەشقەردىن سالام ئېلىپ كەلدىم» دېدى. باۋۇدۇن باي بىلەن دىۋانە ئادەمدىن خالىي ھۇجرىغا كىردى. قەلەندەر سىرتقى كىيىمىنى سېلىپ، بېشىدىكى كۇلانى ئالدى. باۋۇدۇن باي بىردەم ھەيران بولۇپ تۇرۇپ ئاندىن:

«مۆمىن ئاخۇن!» دەپ ئۇنى باغرىغا باستى. دىۋانە مۇنداق دېدى: «مەن ھازىر مۆمىن ئاخۇن ئەمەس، سەلىم دىۋانە. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام ئەمەسمۇ؟ ئاۋۋال مەن مۇشۇ ھۇجرىدىلا تاھارەت ئالاي، بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، ماۋۇ بوش خالتىنى (قورسىقىغا شاپىلاقداپ) تولدۇرغاچ بىر نېمە دېيىشەيلى. «يول ئازابى، گۆر ئازابى» ئەمەسمۇ، سىلە بىلەن بىز مۇنداق چۆل سەپىرنى كۆپ ماڭغان. مۇنداق ئىسسىقتا، ئەنسىز يوللاردا يۈرۈش ماڭا بىرىنچى قېتىم.



ئەتىگەندە قېنىق چاي بىلەن كاكچىغا ئېغىز تەگكەچ باشلانغان پاراڭ يېڭى سويۇلغان ئېرىكنىڭ شورپىسى بىلەن گۆشلىرى كەلتۈرۈلگەندىمۇ داۋام قىلماقتا ئىدى. مۆمىن ئاخۇن مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۇزۇن يىل سىنالغان ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىنىمۇ يۈرگۈزىدىغان خوجىدارى ئىدى. باۋۇدۇنباينىڭ مۇھىتلار ئائىلىسى بىلەن ئۇزۇن يىللىق قويۇق بېرىش – كېلىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى. قۇمۇل، دۇنخۇاڭ، جۇچۈەن، لەنجۇ، شىئەنلەرگە سودا – سېتىق بىلەن بېرىپ – كېلىشتە تۇرپان – ئاستانە تەرەپكە سىڭگىم ئېغىزىدىن قايرىلىپلا ئۆز قورۇسىغا كىرىپ چىققاندەك ئۇدۇل كىرەتتى. مۆمىن ئاخۇن: «خوجىنىياز ھاجىم مەھمۇت مۇھىتى، ئابدۇلنىياز سەردار قاتارلىقلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ما جۇڭيىڭنى چاقىرىپ كەلگىنىمىز سۆگەل ئۈستىگە چىققان يارا بولدى. ماخوسەن بىلەن ئەمدى كېلىشىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارغا ئولجا، بايلىق، پىششىق مال كېرەك. مۆرىتى كەلسە گەنسۇغا قاراپ تىكىۋېتىدۇ. شېڭ شىسەي ماخوسەنلەرنىمۇ، بىزنىمۇ كۆزىگە قادالغان مىخ ھېسابلايدۇ. ھامان يۇلۇپ تاشلاش ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنۇشقا ئەۋەتتى. نەتىجە قانداق بولۇشى ھازىر مەلۇم ئەمەس. مەھمۇت سىجاڭنىڭ پىكرى: مەركەزدىن ئۈمىد بولمىسا، چاقىلىق تەۋەسىگە توپلىنىپ، تۇرپان، قۇمۇل تەرەپكە ئۆتۈپ قايتىدىن ئېلىشىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر دانە قىلىچ، بىرتال ئوقنىمۇ بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىق، قورالنى مەھكەم تۇتۇشنى تاپىلىدى»، دېدى. كېيىن مۆمىن ئاخۇن چاقىلىق، چىڭخەي چېگرىسى — داۋزا (دەرۋازا) غىچە ئۇزۇتۇلۇپ چېگرىدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويۇلدى. چاقىلىق ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئىدى. پايلاقچىلار شېڭ شىسەي تەرەپتىنلا ئەمەس،

چەرچەن ئارقىلىق ماخوسەن تەرەپتىنمۇ كېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆمىن ئاخۇن ئىسمىنى سەلىم دىۋانە، قىلىپ تىلەمچى قىياپەتتە كەلگەنىدى.

شۇ چاغدا تۇردى موللام، ئەيسا پەشتاق، قۇربان چاپسان، رۇستەم، سەيدەك، سامساق، ئىبراھىم ياخاك، ھوشۇر لىيەنجاڭ... قاتارلىق كىشىلەردىن ئالاقىچىلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق يول ئېچىپ مارالبېشى ئارقىلىق مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغان، گەنسۇ تەرەپكە ئوق - دورا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ماڭدۇرغاندىن سىرت، ئاق ئاخۇن قاتارلىقلارنى چەرچەنگە، ئارىف لىيەنجاڭ قاتارلىقلارنى كورلا تەرەپكە تىڭ - تىڭلاپ ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا قويغانىدى. ھاشىم پوچتىكەشمۇ پوچتا - خەت، ئالاقە توشۇغاچ كورلا تەرەپتىن يېڭى ئاخباراتلارنى ئېلىپ كېلەتتى (ئۇ ھۆكۈمەت مائاشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارغا خىزمەت قىلغان).

1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شېڭ شىسەي «تىنچلىق يىغىنى» ئاچقاندا، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭمۇ تىنچلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەمما، كىمدۇر بىرى شېڭ شىسەيگە: «چاقىلىق تېخى بويسۇنمىدى» دېگەنمىش، شۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي تېخى يېقىندىلا قاراشەھەرگە ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن ياڭ مىڭجۇنى «چاقىلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈش» كە دەرھال ماڭغۇزغان. ياڭ مىڭجۇ لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، شېڭ شىسەي بىلەن يېر يۇرتلۇق ھەم تونۇش بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن. ئۇ، گومىنداڭ CC گۇرۇھىنىڭ ئادىمى ئىدى.



ئۇ ئامرىكىدا ئوقۇغان بولۇپ، ھاكاۋۇر، شۇنداقلا چوڭ ئەمەلدار بولۇش قارا نىيىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى.

1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 40 نەپەر ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلدۇرۇپ، تۆت ئات قوشۇلغان بىر پوۋۇسكا ھارۋىغا ئولتۇرغان ياڭ مىڭجۇ ناماز ئەسىردە كونا يامۇلغا كەلدى ۋە 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قوراللىق قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى، كەچتە سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى، كەچ تاماق ۋاقتىدا زىياپەت بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇقتۇرۇش قىلغان.

ئۇقتۇرۇش بويىچە، بىر نەچچە يۈز كىشىلىك قوزغىلاڭچى قوشۇن توپلىنىپ، ھويلىغا رەتلىك تىزىلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئورۇنلاشقان ئىدى. ياڭ مىڭجۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا پوپوزا قىلىپ، سېسىق تاپىنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يىرگىنىش ھېس قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. تۇردى يىڭجاڭ ياڭ مىڭجۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ كاتىپى ۋە تەرجىمانى قاتارلىق بەش كىشى بىلەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى (ئابدۇكېرىم ئەلەم يىڭكىسۇ تەرەپتە بولۇپ، يىغىنغا كەلمىگەن). ئۇنىڭ پوپوزىسى، ھاكاۋۇرلۇقى، چوڭچىلىقى تۇردى يىڭجاڭغا ياقمىغان. «كۆزدىن كەچۈرۈش، زىياپەت...» دېگەنلەرنىڭ ھىلە، قاپقان، ئالداش ئىكەنلىكىنى تەرجىماننىڭ گەپلىرى بىلەن ياڭ مىڭجۇنىڭ ھەركىتىدىن چۈشىنىپ بولغان تۇردى يىڭجاڭ يان قورالىنى ئېلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئۆگزىنىڭ تۆت تەرىپىدىن پىلىموت ئېتىلىشقا باشلىدى (ياڭ مىڭجۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان تۆت پىلىموت ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتقانىدى). شۇنىڭ بىلەن، تۇردى يىڭجاڭنى سەھنىدىكى بىرنەچچە قوراللىق ئەسكەرلەر قورالسىزلاندۇرىدۇ. ياڭ مىڭ-

جۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوزغىلاڭچى قىسىملار قوراللىرىنى، ئوقلىرىنى جايىغا قويغاندىن كېيىن، غەربىي (ھازىرقى سىمپۇلى ئاسراش ئورنىدىكى) سېپىل ئىچىگە نەزەربەند قىلىنىدۇ. شۇ كېچىسى تۇردى يىڭجاڭنى مىرەنگە ئېلىپ بېرىپ، نەزەربەند قىلىدۇ. مىرەندىكى قوزغىلاڭچى قىسىممۇ قوراللىسىزلاندۇرۇلىدۇ.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ياڭ مىڭجۇنىڭ نەنجىڭگە ماڭغۇزغان ئادىمى داۋزىندىكى چېگرىدا مۇھاپىزەت قىسىملىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن، بۇ ئىش شۇ چاغدىكى ئامبال گاجىشەنگە مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ناسىر ھاجىم، گاجىشەنلەر كېچىدە ياندىشىقا كىلىپ، تۇتۇلغان ياڭ مىڭجۇنىڭ ئادىمى قولىدىكى جاڭ جيېشىغا بىۋاستە يېزىلغان خەتنى تولەيفۇغا ئوقۇتقان. خەتتە: «شىڭ شىسەي سوۋېت ۋە گوڭچەنداڭ بىلەن بىرلەشتى. مەھمۇت بىر تەرەپ، ماخوسەن بىر تەرەپ، شىڭ شىسەي بىر تەرەپ بولۇپ قېلىپ، شىنجاڭ تېنچلانمىدى. مەركەز چاقىلىق ئارقىلىق قوشۇن ئەۋەتسە...» دېگەن مەزمۇندا بولۇپ، بۇ خەتتىن ئۇلار ياڭ مىڭجۇنىڭ شىڭ شىسەينىڭ ئورنىنى ئىگەللەش غەرىزىنى چۈشەنگەن. ئاندىن ياڭ مىڭجۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ئادىمىنى دوڭ خۇاڭ يولىنى ساقلاۋاتقان قۇربان سوپى قىسمىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى مەخپىي ھالدا چاقىلىققا قايتىپ كەلگەن.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى دورالدىكى قاراۋۇللار ھاشىم پوچىنكەشىنىڭ مەلۇماتى بىلەن ئىككى ئادەمنى تۇتۇپ، بىر پارچە ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى قولىغا چۈشۈرگەن. ئۇلار ئىككى ئادەمنى تۇتۇپ قېلىپ، خەتنى گاجىشەنگە يوللاپ بەرگەن. خەت دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ «تۇردى يىڭجاڭ ئېتىپ تاشلانسۇن!» دېگەن قىسقىلا بۇيرۇقى بولۇپ، بۇنىڭدىن ياڭ مىڭجۇنىڭ



ئۈرۈمچىگە تۇردى يىڭجاڭنى يامان كۆرسىتىپ مەلۇمات يازغانلىقىنى بىلگەن. ھاشىم پوچىنكەشىنىڭ يولدا ھېلىقى ئالاقە ئېلىپ كەلگۈچى ئىككى كىشىنىڭ گېپىدىن تۇردى يىڭجاڭنىڭ مىرەندە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىنىنى ئۇققان. بۇ ئىش ئايۇپ فۇگۇەن بىلەن تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئايالى ھاشىخاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، شۇ كېچىسى 70 ئاتلىق كىشى يىغىلىپ (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ناسىر ھاجىمنىڭ دادىسى نىياز ھېكىم بەگنىڭ خىزمىتىنى قىلغان چاغدا «بەگلىرىم كىرگەن ساي»غا نىياز ھېكىم بەگ يوشۇرغان قوراللارنى ھايات ۋاقتىدا كۆرسىتىپ قويغان ئىكەن. بۇ كىشىلەر ئاشۇ قوراللارنى ئېلىپ مىرەنگە كىرگەنمىش. يەنە بىر گەپتە، گەنسۇ تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلار مەخپىي ھالدا ئالتۇنغا تېگىشىپ ئېلىپ كېلىپ «نۇر باقى ساي»غا يوشۇرغان قوراللار بىلەن قوراللىنىپ مىرەنگە كىرگەنمىش)، 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشكە يېقىن تۇردى يىڭجاڭنى قۇتقۇزۇپ چاقىلىق رەستىنىڭ شەرقىدىكى توختى خوجا باينىڭ كۆلى يېنىغا كەلگەندە، رەستە تەرەپتىن ئابدۇكېرىم ئەلەم تۇردى يىڭجاڭدىن «ھال سوراش» ئۈچۈن كەلگەن. تۇردى يىڭجاڭ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى كۆلگە ئېگىلىپ تۇرغان سۆگەتكە پىشانىسى سۇغا چىلاشقۇدەك ھالدا! ئاسمان تاپان قىلىپ ئاسقان، شۇ ھالەتتە ئابدۇكېرىم ئەلەمنى سوراق قىلغان. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ 1930 - يىللاردا گەنسۇ تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن خەنزۇ قىزنى (يەنى بۇ قىز ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى ئالماقچى بولغان) ياڭ مىڭجۇغا ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا بېرىپ ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولغان. كېيىن بۇ قىزنى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆزى ئالغان. ئۇلار بۇ ساتقىنلىقنى قايرىپ

قويۇپ ئۇمۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مۆھۈر بېسىلغا توختام تۈزۈپ، شۇ كېچىسى تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ماڭغۇزۇپ يوشۇرۇپ قويۇلغان قورال ۋە ئوقلارنى يىغىپ، ئاۋۋال نەزەربەنت ئاستىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قوراللاندۇرغان، گاجىت شەنجاڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقان. ئارقىدىن كونا يامۇلغا تەگكەن. ئۇلار ئاۋۋال قورال - ياراق ئامبىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ قوراللانغان. ئاندىن ياڭ مىڭجۇنى تۇتماقچى بولغان. ئارىلىقتا ياڭ مىڭجۇنىڭ ئەسكەرلىرى: «ئابدۇكېرىم ئەلەم ياڭ مىڭجۇنى قوغداپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان» دەپ قاراپ، ياڭ مىڭجۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بازاردىكى قورۇسىغا يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇردى يىڭجاڭ تەرەپ ياڭ مىڭجۇ تۇرۇشلۇق ئۆيىنى سىرتتىن قولۇپلىۋالغان (ئۇلار ياڭ مىڭجۇنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىنى يوقىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى بىرتەرەپ قىلماقچى بولغان). لېكىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تۇردى يىڭجاڭ بىلەن قايتىدىن بىرلەشكىنىنى تېخى بىلمەيدىغان، ئابدۇكېرىم تەرەپدارلىرى بولغان كونا ئەسكەرلەر قۇلۇپنى بۇزۇپ ياڭ مىڭجۇنى چەرچەن تەرەپكە قاچۇرۇۋەتكەن.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياقۇپباي قورۇقتا ياڭ مىڭجۇ بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەسكەرلىرىگە يېتىشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ياڭ مىڭجۇ ئىلگىرىلىيەلمەي، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاش ۋاقتىدىن كېيىن ئىككى پىلىمۇت، ئىككى مىلتىق بىلەن قوراللانغان تۆت ئەسكىرى بىلەن چاقىلىقنىڭ غەربىدىكى رەستىدىن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى «كالا ئۆلگەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز قۇم دۆڭگە چىقىپ، دۆڭنى كولاپ پىلىموتلار بىلەن ئۆزلىرىنى ئوبدان جايلاشتۇرىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بىردەمدىلا 13 كىشى



قۇربان بولىدۇ. ھاشىخان قوزغىلاڭچىلارنى توختىتىپ مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ: «بۇلار سۇ ئىچىدۇ، نان يەيدۇ. ئەمما، دۆڭ ئۈستىدە سۇ بىلەن نان يوق. ئۇلارغا ئەرشىئەلادىنمۇ، تەھتى ئەسرادىنمۇ ياردەم يوق. بىز 50 - 60 ئىت تېپىپ كېلىپ ئۇلارنى «مۇھاپىزەت» قىلايلى! شۇنداق قىلساق، بىرمۇ ئادىمىمىز چىقىم بولمايدۇ». 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىمۇ ئۆتىدۇ، 31 - كۈنىمۇ ئۆتىدۇ. دۆڭدە بىرى سەل مىدىرلىسىلا ئىتلار ئېتىلاتتى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كىمدۇر بىرى دۆڭگە قاراپ بىر قارا ئىتنىڭ ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ كۈشكۈرتىدۇ. ئۇلار ياتقان دۆڭنى قورشاپ ياتقان ئىتلار بىراقلا دۆڭگە ئېتىلىپ، ئىككى ئەسكەرنى سۆرەپ چۈشىدۇ. ئۇلار ئۆلگەن ئىدى. يەنە ئىككىسىنىڭ جېنى چىقاي دېگەن ئىدى.

شۇ ئەسنادا قوزغىلاڭچىلاردىن بىر قانچىسى دۆڭگە چىقىپ، ياڭ مىڭجۇنىڭ بېشىنى چاپىدۇ. بۇ دۆڭ ھازىرمۇ «دوتەي ئۆلگەن دۆڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. قوزغىلاڭچى قىسىم جەڭچىلىرى شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىخاننى «ھاشىخان تۇەنجاڭ» دەپ ئاتايدىغان بولغان. ياڭ مىڭجۇنىڭ كاللىسىنى ۋاشەرگە ئېلىپ چىقىپ، رازاق ئاخۇنۇمنىڭ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئىككى قولىقىدىن مىقلاپ قويىدۇ.

تۇردى يىڭجاڭ نەزەربەنت قىلىنىپ مىرەندە 70 كۈن قامىلىش جەريانىدىكى ئارىلىقتا، يېڭىسۇدىن قايتىپ كەلگەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ياڭ مىڭجۇغا ياخشىچاق بولۇپ، ئۆز مال - دۇنياسى ۋە ئەمەلىي ھوقۇقىنى قوغداپ جان ساقلىماقچى بولغان ئىككى يۈزلىمىلىكى ئالدىدا ھە دەپ قويۇپ، ھالقىلىق پەيتلەردە قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرمىغانلىقى،

تۇردى يىڭجاڭنى كۆزدىن يوقىتىپ چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۆزى يالغۇز باشلىق بولۇش كويىدا ئىكەنلىكىگە ئوخشاش مەسىلىلەر سەۋەبلىك، قوزغىلاڭچىلار كېڭەشىدىكى ئاساسىي رەھبەرلەردىن باۋدۇن ھاجى، ناسىر ھاجى، گاجىت بەكرى (ھاكىم)، تۇردى يىڭجاڭ، ئىبراھىم شاڭيو، ئىسمايىل شاڭيو، ئوسمان شاڭيو (ۋاشىشەردىكى رازاق ئاخۇنباينىڭ ئوغلى)، ئېزىز ھاجىلار... مەسلىھەتلىشىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمگە تەربىيە بېرىش، نەسىھەت قىلىش قارارىنى چىقارغان (بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەم بىر قانچىلىغان قوللىغۇچىلىرى بىلەن شەنلۇدەن ئورنىدىكى سېپىلدا نەزەربەنتتە ئىكەن). 11 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى دۇبەن مەھكىمىسىدىن گاجىت بەكرىنىڭ ھاكىم، تۇردى بەكرىنىڭ يىڭجاڭ بولۇشىنى تەستىقلاپ ئالاقە كەلگەن (بۇ شىڭ شىسەينىڭ ئالداش ھىيلىسى بولۇشى مۇمكىن). 1935 - يىلى 3 - ئايدا، ماخوسەن دائىرلىرى چەرچەن تەرەپتىن كېلىپ چاقىلىققا تەھدىت سالغان. خەلق تۇردى يىڭجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا چەرچەن دەرياسى تەرەپكە، بىخەتەرجايلارغا كۆچۈرۈلگەن. ئاندىن سېپىل ئىچىدە ماخوسەنلەرنى كۈتۈپ مۇداپىئەدە تۇرغان. ماخوسەن تەرەپ ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپ سېپىلنى ئالالماسلىقىغا، چاقىلىقنى ئۇنداق ئاسان بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھىلە ئويلاپ تاپقان. ئۇ، سېپىل ئىچىگە ئوقيا ئارقىلىق خەت كىرگۈزۈپ، «قۇتلۇق نىياز شاڭيونىڭ تۆگمىنىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ چۈشۈرگىسىگە 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل چىقىرىش» نى تەلەپ قىلغان. چاقىلىق تەرەپ قاسىم ھاجىم باشچىلىقىدا 12 نەپەر ۋەكىل چىقارغان. ماخوسەن تەرەپ 2000 سەر ئالتۇن تەلەپ قىلغان. ھېچقانداق «سوھبەت» ئېلىپ بېرىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، «چاقىلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار!» دەپ بېسىم ئىشلەتكەن.



ۋەكىللەر ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغانلىقتىن، ئۇلارنى چەرچەنگە ھەيدەپ ئاپىرىپ: «چەرچەندە ئالتۇن كان بار، سىلەر 2000 سەر ئالتۇن قېزىپ بىزگە تاپشۇرغاندىن كېيىن سىلەرنى قايتۇرىمىز» دەپ مەسخىرە قىلغان.

تۇردى يىڭجاڭ، گاجىتشەن، ئېزىز ھاجىم... لار غەزەپكە كېلىپ، چەرچەندىكى ماخوسەن قىسىملىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغان؛ 1935 - يىلى 5 - ئايدا، چەرچەن تاتراڭ يېنىغا (10 كىلومېتىر شەرققە) جايلاشقان ماخوسەن تەرەپ قاراۋۇللىرىنى تۇتۇپ، «12 ۋەكىل ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش» يۈزىسىدىن ئۇلارنى قىيناپ ئۆلتۈرگەن. سوراق داۋامىدا، ماخوسەن تەرەپنىڭ مۇداپىئەسى توغرىسىدا تۇردى يىڭجاڭ ھېچقانداق ئاخبارات ئالالمىغان (بىر قىسىم ماخوسەن تەرەپ قاراۋۇللىرىنى چاقىلىققا يولغا سالغان).

بۇ چاغدا ۋاشىشەرى تەرەپتىكى چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مەسئۇلى ئوسمان شاڭيو تۇرسۇنباي بىلەن بىرلىشىپ ماخوسەن تەرەپكە ئۆتۈۋالغان. چاقىلىق مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلىپ قالدۇرۇلغان ھوشۇر لىيەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 50 نەپەر قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەردىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ كونا ساداقەتمەنلىرىدىن بولغان رۇستەم، سامساق باشلىق 30 كىشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھوشۇر لىيەنجاڭنى باغلاپ تاشلاپ، ئابدۇكېرىم ئەلەم باشلىق نەزەربەندتە تۇرغانلارنى چەرچەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئارغامچا باغلىغان دېگەن جايغا ئېلىپ كەتكەن.

1935 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قاتتىق جەڭ بولغان. تاختا پەرە دېگەن دۆڭدىكى بۇ جەڭدە، ئەسلىدە قۇربان چاپسان، ئىبراھىم ياخان، ئامبال بارات باشلىق 300 جەڭچى، بايراقچى ھاشىخان، كانايچى نۇر بەختلەر

تۇردى يېڭجاڭ بىلەن ئالدىنقى سەپتە بولۇپ، ئايۇپ فۇگۇەن ئوتتۇرا سەپتە 400 جەڭچى بىلەن تۇرغان. گاجىشەن، ئىبىز ھاجىملار ئاخىرقى سەپتە 300 نەپەر قوشۇن بىلەن تۇرغان. ماخوسەن تەرەپ ياللانما قوشۇنىدىن 200 ئاتلىقنى ھۇجۇمغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بوستان توغراق، جىگدە قۇدۇق ئارقىلىق تۇردى يېڭجاڭ قىسىملىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، غەرب، جەنۇب، شەرقتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىمال تەرەپكە يەنى دەريا ياقىسىدىكى سازلىق، پاتقاقلىققا قىستىغان. روھى كۆتۈرەڭگۈ، قاتتىق مەشىق ئۆتكەللىرىدىن ئۆتكەن، ئەمما ھەقىقىي جەڭ تەجرىبىسى بولمىغان چاقىلىق قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپى چېكىنگەن، ئارقا سېپى قىستىلىپ ئوتتۇرا سەپ بىلەن بىرلىشىپ، 1000 جەڭچى يەر شارائىتى ئەپسىز ئەھۋالدا قاپسىلىپ قالغان. دەريا تەرەپتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئاتلىرى پاتقاققا چۆكۈپ كەتكەن ۋە ئۆلگەن. نەتىجىدە 200 ئاتلىق جەڭچى ماخۇسەن قىسىملىرى قولىدا قۇربان بولغان، ھاشىخان باشلىق 300 نەپەر ئاتلىق جەڭچى ئەسىر چۈشكەن، 300 ئاتلىق جەڭچى پاتقاقلىقتا ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، جەڭ شىددەتلىك بولغان. چاقىلىق تەرەپ باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان، ماخوسەن تەرەپتىن 200 دىن 300 گىچە كىشى ئۆلگەن).

قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان 200 چە كىشى ۋاششەرىگە كېلىپ، 25 - ماي كۈنلىرى كېچىدە ناسىر ھاجىمنىڭ ئىگىلىكىدىكى دەڭ ۋە مەھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ قورۇسىغا چۈشكەن، مەھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ قورۇسىدىكى كانايچى نۇر بەختى ھاجەتكە چىقىپ، باغنىڭ چىتلىرى سىرتىدا شەپە سەزگەن، ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى سېزىپ، دەرھال



ھويلا ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپ باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە تەگكەن ئوق يوتىسىنىمۇ سۈرۈپ كەتكەن (قاراۋۇللارنى ماخۇسەن قىسىملىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى). تۇردى يېڭجاڭ، گاجىشەن، ئىبىز ھاجىم، ئايۇپ فۇگۇەنلەر باغنىڭ شىمالىدىكى ناسىر ھاجىمنىڭ قورۇسىدىكى ئىبراھىم لىيەنجاڭلار بىلەن قوشۇلۇش ئۈچۈن، جەڭ بىلەن ئۆمىلەپ چېكىنىپ، باغنىڭ شىمالىي چېتىدىن تاڭ قاراڭغۇسىدا يول ئېچىپ، ناسىر ھاجىمنىڭ قورۇسىدىكىلەر بىلەن بامدات نامىزى ۋاقتىدا قوشۇلۇپ، 27 - ماي كۈنى يېرىم كېچىگىچە ناسىر ھاجىمنىڭ قورۇسى ئىچىدە ماخوسەن قىسىملىرى بىلەن ئېتىشقان (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار لەخمە كولاپ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان). ماخوسەن تەرەپ 28 - ماي كۈنى ئەسەبىيلىشىپ، ناسىر ھاجىمنىڭ قورۇسىغا پۈتۈنلەي ئوت قويۇۋەتكەن. ئاندىن قالماقدۆڭدىكى ئاقتاش مازار يېنىغا خەلقنى توپلاپ، ئۈچ كىشىنى شۇ يەردە چاپقان. ئۇلار ئىشقا يارايدىغانلىكى ئەرلەرنى ئەسىرلەر بىلەن چەرچەنگە ھەيدەپ كېتىپ، ئالتۇن كانىغا ئېلىپ بېرىپ، مەجبۇرلاپ ئالتۇن قازدۇرغان.

چاقىلىقتىكى ئەھۋاللارنى ھوشۇر لىيەنجاڭدىن ئىگىلىگەن تۇردى يېڭجاڭ ئايۇپ فۇگۇەن، تۇردى موللام، ئەيسا پەشتاق قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق مارالبېشى - قەشقەر تەرەپكە يول ئالغان. گاجىشەن جۇچۇەن تەرەپكە، ئىبىز ھاجىم قاتارلىقلار ئالتۇنتاغ ئىچىدىكى غازلىق داۋان ئەتراپىدا چارۋىچىلار ئارىسىدا پەيت كۈتۈپ، ۋاقىتلىق پىنھانلانغان.

كېيىن زۇنۇن ئىسلاموپ دېگەن تاشكەنتلىك كىشى ھاكىم بولۇپ كېلىپ، ھاشىخان تۇەنجاڭ باشلىق ئەسىرلەرنى ماخو-

سەن تەرەپنىڭ چاقىلىق تەرەپتىكى ئەسىرلىرى بىلەن كېلىشىم ئار-
قىلىق ئالماشتۇرغان. ماخوسەن تەرەپ چاقىلىقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ،
ماددىي غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولالمىغان، ئۇلار چاقىلىق خەلقىنىڭ
تارىم بويى، لوپنۇر كۆلى، بوزكۆل ئەترابلىرىغا كۆچۈپ كەت-
كىنىنى بىلگەن. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئارغامچا باغلىغان تەرەپتە
ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگەن. قالدى - قاتتى ئەر - ئايال، قېرى-
چۈرىلەرنى يىغىپ سىپىل ئالدىغا تورلاپ، بىز تەرەپتىن ئەسىر-
گە چۈشكەن سەيدەك (قوزۇق) نى چېپىپ تاشلىغان (ئەسلىدە
تۇردى يىڭجاڭ تەرەپ قەشقەر تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش
گۇرۇپپىسىنى «كەپتەر»، چەرچەن، كورلا ۋە باشقا جايلارغا
ئەۋەتكەن ئاخباراتچىلارنى «قوزۇق»، گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپ-
تىن قورال - ياراق، ئوق - دورا سېتىۋېلىپ كېلىشكە بارغان
ۋە كەلگەنلەرنى «كۆسەي» دەپ ئاتىغانىكەن، سەيدەك دېگەن
كىشى تۇردى يىڭجاڭنىڭ چەرچەندىكى ئاخباراتچىسى بولۇپ،
ئۇنى بىر خائىن ماخوسەن تەرەپكە مەلۇم قىلىپ
قويغانىكەن).

1935 - يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ماخوسەن تەرەپ
ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن،
ئارغامچا باغلىغان تەرەپكە بارغان، ئابدۇكېرىم ئەلەم ماخوسەن
تەرەپ قىسىملىرىنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقىنىنى بىلگەندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ كېلىش يولىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىغا: «ئارغامچا باغلى-
غاندا 5000 ئەسكەر توپلاندى» دەپ خەۋەر تارقاتقان، ماخوسەن تە-
رەپ بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن. بۇ قېتىم «ئابدۇكېرىم ئەلەمنى بو-
غۇزلاپ، بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىمەن» دەپ، جامالمۇ كەلگە-
نىدى. ماخوسەن تەرەپ «36 - دىۋىزىيە» قۇرۇپ پوسكامدىن
شەرقىدىچە بولغان جايلارنى، كېيىن خوتەن تەۋەسىنى سورى-



غاندا (ماخوسەن ھىيلىسى تولا، ۋەھشىي، مەنپەئەتپەرەست، ئالتۇن
توپلاشقىلا بېرىلگەن، جالالاتلىقتا ئۇچىغا چىققان، ئادەم
قېلىپىدىن چىققان، قەبىھ بولغاچقا، خوتەن، كېرىيە، چەرچەن
تەرەپتىكى بايلارنىڭ ئائىلىسىدىن قورال تۇتالىغۇدەك بىرەرسىنى
ئۆز يېنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارى بولسۇن - بولمىسۇن ھەر-
بىي مەنسەپ بەرگەن)، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى
چەكلەپ خوتەن تەۋەسىنى تىزگىنلىمەكچى بولغان. مە-
سىلەن، كېرىيىلىك ھال داشماندىكى چوڭ باينىڭ
ئەركە ئوغلى مۇھەممەتنى چەرچەندە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ
سەنمۇجاڭى قىلغان (بۇ ئادەم 1936 - يىلى 1 - ئىيۇن-
دىكى ئۇرۇشتا چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ،
1947 - يىللارغىچە چاقىلىقتا تۇرغان، ئۆيلەنگەن. ھازىر
ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئايالى زۆلەيخان ھايات، ئۇنىڭ بىر ئوغۇل
ۋە بىر قىزىمۇ بار، ماڭا بىر قىسىم ئەھۋاللارنى شۇلار سۆز-
لەپ بەرگەن). ماخوسەن تەرەپ ئۇرۇش بولسىلا ئۇيغۇر قىسىم-
لىرىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويىدىكەن. ئولجا ئېلىشتا بولسا، ئال-
دىدا بېرىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىدىكەن. جامال (خوتەنلىك)،
تۇردىجان (چەرچەنلىك) ئەسلىدە كامال داموللا قوشۇنىدىن ما-
خوسەن تەرەپكە ئۆتۈۋالغان پۇرسەتپەرەستلەر ئىدى (شۇنىسىمۇ
باركى، ماخوسەن تەرەپ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارغا لىيەنجاڭ-
لىقتىن يۇقىرى مەنسەپ بەرمىگەن). ئۇرۇش پەيتىدە بولسا،
500 دىن 250 كىچە ئەسكەرگە باشلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپكە
ئەۋەتىدىكەن. جامال ۋە تۇردىجان دېگەنلەر
ماخوسەن تەرەپ مۇرىسىگە شاپىلاق قاداپ قويسىلا
«چاقىلىقنى بويسۇندۇرۇش» يولىدا ماخوسەننىڭ كەتمىنىنى
چېپىش ئۈچۈن چاقىلىققا كەلگەنلەر ئىدى.

بۇ قېتىم «ئارغامچا باغلىغاندا 5000 ئەسكەر بار» دې-

گەنگەپگە جامال ئىشەنمىدى. ماخوسەن «تەكشۈرۈپ كۆرۈش»نى تەكىتلىدى (ماخوسەن شۇ چاغدا، شىڭ شىسەي كورلا ئارقىلىق ئەسكەر كىرگۈزگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىكەن). موكىدەك قاتناپ قويىچى قىياپىتىگە كىرىپ ئالغان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى ھەقىقەتەن چاقىلىق ئەتراپىدىكى بوزكۆل، كەڭ لايقا، چاپان قالدى، شاپتۇللۇق، ئارالچى، قۇم چاقما تەرەپلەردە 3000 ئاتلىق قوشۇن ھەرىكەتلىنىپ يۈرگىنىنى ماخوسەن تەرەپكە دوكلات قىلىپ ۋە ئىشەندۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى.

100 تالدىن ئارتۇق مىلتىق، 200 نەپەردەك ئادىمى بولغان ئابدۇكېرىم ئەلەم بۇ چاغدا ئادەملەرنى ھەدەپ بېلىق تۇتۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، چەرچەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ بېلىق تۇتقان ۋە ئۇنى ئېگىز دۆڭلەرگە، يوغان توغراقلار تۈۋىگە دۆۋىلەتكۈزگەن. ئاياللار، باللار، قېرىلارنى شاخ — شۇمبا يىغىپ بېلىقلار ئۈستىگە دۆۋىلەشكە تەشكىللىگەن. بۇ سىرنى ئابدۇكېرىم ئەلەم ھېچكىمگە تىنمىغان، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان رۇستەم، سامساق قاتارلىق ئىشەنچلىك ئادەملىرىگىمۇ دېمىگەنىكەن. ماخوسەن تەرەپ (جامالمۇ بار) بىر كېچىسى دەريانىڭ جەنۇبىغا كەلگەن (ئابدۇكېرىم بۇنىڭدىن ئالىقاچان خەۋەر تاپقانىدى)، ئۇلار قارىسا دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا نۇرغۇنلىغان گۈلخانلار كۆيۈپ تۇرغان (ئۇلار بېلىق دۆۋىلىرىگە ئوت ياققانىدى)، ماخوسەن تەرەپ «ھەقىقەتەن كۆپ ئەسكەر توپلىنىپتۇ» دەپ قاراپ، چەرچەننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن دەرھال دەريا بويلاپ چەرچەنگە قايتقان. شۇنىڭدىن كېيىن پارچە — كىچىك جەڭلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، چوڭ ئۇرۇش بولمىغان. ئابدۇكېرىم ئەلەممۇ چاقىلىق تەرەپكە قايتمىغان.



1936 - يىلى باھاردا تۆردى يىڭجاڭ ئارىق لىيەنجاڭ، تىلىۋالدى لىيەنجاڭ، سىيىتۋالدى لىيەنجاڭ (بۇلار ھەممىسى كورلىلىق) قاتارلىقلار باشچىلىقىدا ئەسكەر باشلاپ، يەنە تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي بىلەن مارالبېشى ئارقىلىق چاقىلىققا كىرگەن.

ماخوسەن تەرەپ بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەمگە ئالدانغانلىقىنى بىلگەن ھامان تۆردى يىڭجاڭنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ چاقىلىقتا بىر لىيەن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئولجىلىرىنى — ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇلارنى ھەدەپ گەنسۇ تەرەپكە يۆتكىگەن. تۆردى يىڭجاڭ چاقىلىقتىكى ماخوسەن ئادەملىرىنى تازىلاپ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ئەسلىدىكى ئەسكەرلىرىنى توپلىغان.

بۇ چاغدا شىڭ شىسەي تەرەپ قىسىملىرىدىن ياقۇپ يىڭفۇ (مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى)، مەخسۇت لىيەنجاڭ (توقسۇنلۇق) قاتارلىقلار ۋە ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى رېھىم لاۋيې، ئابلا شويې دېگەندەك كىشىلەر شىڭ شىسەي تەرەپكە مەخپىي ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولغان، چاقىلىق ئەھۋالى خېلى مۇرەككەپلەشكەن. لېكىن، ماخوسەن تەرەپ گەنسۇ تەرەپكە دائىم دېگۈدەك كارۋان ماڭدۇرۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇ قوراللىق كارۋانلار چاقىلىق خەلقىنى خاتىرجەم قىلمىغان. تۆردى يىڭجاڭ قاتارلىقلار ياقۇپ يىڭفۇ تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ، ماخوسەن تەرەپنىڭ خوتەن خەلقىنىڭ يىلىكىنى، قېنىنى شوراپ تاپقان بۇ ھارام ماللىرىنى چاقىلىقتا توسۇپ قېلىشقا باشلىغان.

1936 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ماخوسەن تەرەپ «چاقىلىقنى تۈزلىۋېتىش» پىلانىنى تۈزۈپ يېتىپ كەلگەن. ئاقتاز، ۋاششەرى تەرەپتىن ماخوسەن تەرەپنىڭ بېسىپ كېلىۋاتـ

قانلىقى، ئۇلارنىڭ سانى ۋە قوراللىرى توغرىسىدا ئېنىق ئاخبارات ئالغان تۆردى يېڭجاڭ تەرەپ سېپىل ئىچىگە يېمەك - ئىچمەك، ئوق - دورا زاپىسى توپلىغاندىن باشقا، ئالتۇنتاغ تەرەپتىكى سايلىق ۋە توغراقلىق مەھەللىسى تەرەپلەرگە بىر قىسىم كۈچنى پىستىرما قىلىپ قويۇپ، ئاساسىي كۈچنى رەستىدىكى سېپىلغا توپلىغان. تۇرپان مەھەللىسى تەرەپتىكى ئالدىنقى قاراۋۇلدا تۇرغانلاردىن بالا تۈردى: «ماخوسەن ئەسكەرلىرى كەلدى» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن. بۇ تازا چۈش ۋاقتى بولۇپ، دەريادا كەلكۈن سۇ ئېقىۋاتقانىدى. ماخوسەن تەرەپ تۈزلۈك قاشقا كېلىپ، ئۆز قىسمىنى جەنۇبىي سەپكە، جامال باشلىق ياللانما قوشۇننى شىمالىي سەپكە بۆلۈپ، ئىككى تەرەپتىن رەستىگە باستۇرۇپ كەلگەن.

سايباغ تەرەپتىكى ماخوسەن قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ناھايىتى شىددەتلىك بولغان، تۆردى يېڭجاڭ تەرەپتىكىلەرمۇ ئەپلىك جايلارغا مەرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماخوسەن تەرەپنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن، ماخوسەن تەرەپ 100 دىن ئارتۇق جەسەتنى دەريادا قالدۇرۇپ، ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىگە چېكىنگەن.

شىمال تەرەپتىكىلەر: «ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىمىز» دەپ، چەرچەندىنلا بەل تاسمىسىغا بىر كۈرۈشكىنى چىگىپ، جامال باشچىلىقىدا دەريا تەرەپكە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى قورۇسىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، چاقىلىق تەرەپ ئۇلارنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ھەممىسى دەريا ئىچىگە كىرىپ بولغاندا، ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا قاتتىق ئېلىشىش ئارقىلىق جامال تەرەپنىڭ 150 تىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن، جامال تەرەپنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇنغان.



لېكىن، جامال 30 — 40 ئادىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ «قېنىنى ئىچىش»تىن ۋاز كەچمەي، ئالغا بېسىپ ماڭغان (بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەم چاقىلىقتا يوق ئىدى). ئاخىر ئەسكەرلىرى بىر - بىرلەپ يەر چىشلەپ تۆت - بەش ئادىمى قالغاندا، جەنۇبىي سەپتىكى ماخوسەن قىسىملىرى يېنىغا چېكىنىشكە نىيەت قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ دەريا ئىچى بىلەن جەنۇب تەرەپكە ئۆتىدىغان يولى ئۈستىگە تۆردى يېڭجاڭ ئۆزى سېپىل ئىچىدىكى زاپاس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ توسۇپ تۇرغانلىقتىن، جامال رەستىگە قاچقان (ئۇلارنىڭ مەقسىتى جامالنى تىرىك تۇتۇش ئىدى). تۆردى يېڭجاڭ ئاخىرى جامالنىڭ يالغۇز قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەن.

ناماز ئەسىر ۋاقتىدا، ماخوسەن تەرەپنىڭ چېكىندۈرۈلگەن قىسىملىرى توپلىشىپ، دەريانىڭ يارداڭلىقلىرىنى پاناھ قىلىپ يوشۇرۇنۇپ كېلىپ، سايباغدىكى ئوسمان خاۋا تۇرۇشلۇق قىسىمغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن، ئوق ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر ئاخۇن باشلىق بىر قىسىملار ئوق يۆتكەش ئۈچۈن سېپىلغا ماڭغان. ئامبال بارات «شېھىتلىكىم» مازىرى يېنىغا تۆردى يېڭجاڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ماڭغان، يول ئۈستىدە (ھازىرقى يېمەكلىكلەر شىركىتى ماگىزىنى ئورنىدا) جامال بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ (ئامبال بارات جامالنى تونۇيتتى)، ئۇنى ئاتقان.

تۆردى يېڭجاڭ قىسمىنى باشلاپ سايباغ تەرەپكە بېرىپ، ماخوسەن قىسىملىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ غەلىبە قىلغان، ئاز بىر قىسىم ئارىلاشما قوشۇنى چەرچەن تەرەپكە قېچىپ كېتەلىگەن.

ياردەم يېتىپ كەلگۈچە ماخوسەن قىسىملىرى بىلەن سايباغدا ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ سانى ئازىيىپ، ئاخىردا قەيسەر

خەلق قەھرىمانى — ئوسمان خاۋا قۇربان بولغانلارنىڭ مىلتىقىدىن 12 نى يىغىپ ھەممىسىنى ئوقلاپ، بىر ئۆزى يالغۇز 100 دىن ئارتۇق ماخوسەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشقان، 30 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇن نەچچىنى يارىدار قىلغان. توققۇز يېرىگە ئوق تەگكەندىن كېيىنمۇ نەپسى توختىمىغان، مىلتىق تۇتالمىغانغا قەدەر سېپتىن چېكىنمەي، سايباغدىكى يوغان توغراق تۈۋىدە قۇربان بولغان (ئۇنىڭ قەبرىسى ھېلىمۇ شۇ يەردە).

شۇ كۈنى ماخوسەن تەرەپ ئاچچىقىدا ئېزىز ھاجىمنىڭ تۈگمەنچىسى توختى ئاخۇن دېگەن كىشىنى تۈگمەن ھويلىسىدا قىلىچ بىلەن چېپىۋەتكەن. بۇ قېتىم تۇردى يېڭجاڭ قىسىملىرىدىن ئۆلگەنلەر 80 — 90 نەپەر بولۇپ، ماخوسەن ۋە ئۇنىڭ جامال باشلىق ياللانما قوشۇنلىرىدىن ئۆلگەنلەر 250 — 300 ئەتراپىدا بولغان.

1937 - يىلى كىرىش بىلەن مەھمۇت سىجاڭ باۋۇدۇن بايغا كىشى ئەۋەتىپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن چاقىرتىپ كەتكەن. شىڭ شىسەي تەرەپ تۇردى يېڭجاڭنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ يوشۇرۇن ئادەم قويغان. ياقۇپ يېڭفۇ، ئابلا شويې، رېھىم لاۋيې دېگەنلەر ئەنە شۇ قاتاردا بار ئىدى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى، باۋۇدۇن ھاجىلار لاداق ئېغىزى ئارقىلىق كەشمىر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ خەۋەر تۇردى يېڭجاڭغا يامان تەسىر قىلغان. ئۇ، مارالبېشى ۋە ئاقسۇنىڭ ئاۋات ئەتراپىدا شىڭ شىسەيگە قارشى ئىككىنچى قېتىم قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋاتقان ئابدۇلنىياز بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىۋاتقان شىڭ شىسەي قىسىملىرىغا تەڭ كېلەلمىسە چاقىلىق ئارقىلىق لوپنۇر كۆلى رايونىغا بېرىپ،



تۇرپان، قۇمۇل بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئاخىرغىچە ئېلىشماقچى بولۇپ كېلىشكەن. بۇ كۈنلەردە تۇردى يېڭجاڭ ئۆيچان بولۇپ قالغان ۋە چىلىم تارتىشقا باشلىغان.

تۇردى يېڭجاڭ ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۆزىگە ئىشەنچلىك سەپداشلىرىدىن 70 — 80 كىشى بىلەن تىم مەھەللىسى (بەگ مەھەللىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە چىقىپ، ناسىر بەگنىڭ قورۇسىدا تۇرغان.

1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياقۇپ يېڭفۇ تۇردى يېڭجاڭنىڭ يېنىغا كەلگەن (ئۇ ئەسلىدە رەستىدىكى سېپىلدا تۇراتتى). ناماز ئەسىر ۋاقتىدا چىلىم تارتىپ ئولتۇرغان تۇردى يېڭجاڭغا ئىككى قاناتلىق ئىشىك يوچۇقىدىن ماۋزۇر ئارقىلىق ئوق ئۈزگەن. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايۇپ فۇگۇەن ئوق ئېتىپ، ياقۇپ يېڭفۇنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرگەن (ئەسلىدە ئايۇپ فۇگۇەن ياقۇپ يېڭفۇنىڭ ئۇزۇندىن بويانقى قەستىنى بىلەتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ تۇردى يېڭجاڭغا قەست قىلىش ئۈچۈن پەيت ئىزدەپ كەلگىنىنىمۇ بىلگەنىكەن، شۇ سەۋەبلىك، ياقۇپ يېڭفۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ماۋزۇرىغا يالغان ئوق سېلىپ قويغانىكەن). ياقۇپ يېڭفۇنىڭ قورالىدىن ئوق ئاۋازى چىقمىغان بولسىمۇ، ئايۇپ فۇگۇەن ئاتقان ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈگەن تۇردى يېڭجاڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئولتۇرغان ئۆينىڭ روجىكىنى بىر تېپىپ بىلەن سۇندۇرۇپ، باغ ئىچىگە سەكرىگەن ھەمدە ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، كۆل ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ 500 مېتىرچە شىمالدىكى قۇربان سوپىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، باۋۇدۇن باينىڭ يېقىن ئەتراپتىكى قورۇسىغا بېرىش، ئۇ يەردىن ئوزۇق - تۈلۈك، بىرەر ئات ياكى ئېشەك ئېلىپ، ئۆزىنى ئەھۋال ئېنىقلانغۇچە پىنھانغا ئېلىش ئۈ-

چۈن كېتىۋاتقاندا خېلىلا قاراڭغۇ چۈشكەن. تۇردى يىڭجاك باۋۇدۇن باينىڭ قورۇسىغا يېقىنلاشقاندا، ئىككى كىشىنىڭ گەپلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئېرىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان، تىڭشىسا ئۇ تونۇش ئاۋاز ئىكەن. تۇردى يىڭجاك:

— ھەي، ئابلا شويېمۇسەن؟

— تۇردىكامۇ؟

— يېنىڭدا كىم بار؟

— رېھىم ئاكام بىلەن ئىككىمىز بۇگۈن باۋۇدۇن باينىڭ بۇ ئۆيىگە چىققانىدۇق، كەچ كىرىپ قالغاچقا، ئەتە قايتىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ، يېتىش ئالدىدا سەيلە قىلىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خائىنلىق قىلىدىغان ئەپت - بەشىرىسىنى بىلمىگەن تۇردى يىڭجاك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار تەرەپكە ماڭغان. ئابلا شويې تۇردى يىڭجاڭغا ئوق چىقارغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۆگىتىلگەن ۋاپادار چىلان تۇرۇق ئېتى (ئايۇپ فۇ گۇەن ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن) ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان (بۇ ئات تۇردى يىڭجاك بىر - ئىككى كۈنلۈك يەرگە كەتكەن تەقدىردىمۇ ئىزدەپ تاپىدىكەن، دېگەن گەپ بار). تۇردى يىڭجاك بۇلارنىڭ ئۆزىگە خائىنلىق قىلغىنىنى چۈشىنىپ، دەرھال ئېتىغا مىنگەچ قايرىلغان. شۇ چاغدا ئىككىنچى ئوق ئېتىلغان. ئۇ ئانچە يىراققا بارمايلا، ئات تۆپىدە ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرالماي، سىيرىلىپ چۈشكەن. قانسىراپ يېتىپ، ئەتىسى ئاش ۋاقتىغا يېقىن نەپەستىن توختىغان (ئاتمۇ تۇردى يىڭجاڭغا يانداشىپ ئۇنىڭغا قاراپ ياتقان).

ئايۇپ فۇ گۇەن رەستىدە قۇتلۇق نىياز شاڭيۇنىڭ سارىيىدا ئولتۇرۇشلۇق تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئايالى ھاشىخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، سۇيىقەست بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغان، ئۇلار شۇ كېچە ھاشىخانغا تۇردى يىڭجاڭنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ،



70—80 كىشى بىلەن ئالتۇنتاغ تەرەپكە چىقىپ كەتكەن.

كېيىن كورلا تەرەپتىن لى تۇەنجاڭ، خوتەن تەرەپتىن سوۋېت ئايروپىلانلىرى قىستاپ كېلىپ، ما خوسەن قىسىملىرىنى ئالتۇنتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قىستاپ يوقاتقان. ما خوسەن ھىندىستانغا قاچقان (ئازادلىق ھارپىسىدا يۇرتىغا يوشۇرۇن قايتقان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان)، ئۇنىڭ ئاز ساندىكى كىشىلىرى كېتەلمىگەن ياكى ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۇيلارغا قوشۇلغان.

كامال داموللا قىسىملىرى چەرچەننىڭ ئاق تىكەندۈك، ئىسسىق ئوتاغ تەرەپلىرىدە 1935 - يىلى باھاردا ما خوسەن قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، كاللا ئاستى، يانتاق قۇدۇق تەرەپلەر بىلەن خوتەنگە چېكىنگەن. لېكىن چىرىيىنىڭ چاقار تاغلىرىدا پۈتۈنلەي تارمار قىلىنغان (گەپ - سۆزلەردىن قارىغاندا، كامال داموللا تىرىك تۇتۇلۇپ خوتەنگە ما خوسەن ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندا، ئاغزىنى بۇزۇپ ھاقارەتلىگەنلىكتىن ۋە «بىرگە ئىشلەش» نى رەت قىلغانلىقتىن، ما خوسەن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۆز قولى بىلەن قىزىتىلغان سىماب قۇيۇپ ئۆلتۈرگەنمىش).

(ئاپتورى: چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# ۋۇ جۇڭشىننىڭ چېگرا رايون سىياسىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى

جىن شاۋشيەن

«چېگرا رايون سىياسىتى» ئەينى ۋاقىتتا ۋۇ جۇڭشىننىڭ قوشۇمچە مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان موڭغۇل - تىبەت سىياسىي تەلىم تەربىيە كۇرسىدا (چېگرا رايون سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان كۇرس) ئۆتۈلىدىغان بىر خىل دەرس ئىدى. بۇ، ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ «قاراشلىق رايونلارنى ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنىڭغا جياڭ جيېشىنىڭ «ئۇرۇقداشلىق» ئەكسىيەتچىل تەلىماتى سىڭدۈرۈلگەنىدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ «چېگرا رايون سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى «دىن ھەممىدىن ئەلا، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىرىنچى، ئۆزىگە تارتىپ ئاجىزلىتىش، پارچىلاپ ئاسمىلاتسىيە قىلىش» تىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بۇ دەل ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆزگىچە ھۈنىرى ئىدى.



## ۋاڭ، گۇڭ، لامالارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش

موڭغۇل - تىبەت ئۇيۇشمىسىنىڭ چېگرا رايوندىكى سىياسىي ۋەدىنى داھىلەرگە مەخسۇس ئىشلىتىدىغان كۈتۈۋېلىش خىراجىتى بار ئىدى. بۇ خىراجەت موڭغۇل، تىبەتلەرنىڭ ۋاڭ، گۇڭ، لامالىرىنى ئۆزىگە تارتىش ۋە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۇڭچىڭنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا بىرقانچە ئورۇندا مېھمانخانا تەسىس قىلىنغان. بۇ مېھمانخانىلار ئاساسەن شەرقىي موڭغۇلىيىدىكى ۋە سۇييۈەن ئۆلكىسىدىكى موڭغۇللارنىڭ پاناھسىز يۈرگەن لاما، ۋاڭ، گۇڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىنى كۈتۈۋالاتتى. يەنە ئىچكى موڭغۇلدىكى جاڭجيا خۇتۇكتۇ ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە بېيجىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تاشقى موڭغۇلىيىدىن موڭغۇل - تىبەت ھەيئىتىگە ئەزا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان دىلوۋا خۇتۇكتۇ ئۇزۇن مۇددەت كۈتۈۋېلىنغانىدى. ئۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا غەربىي رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلىرىنى سەيلى ساياھەت قىلغان ھەمدە ئىنتايىن ئەتراپلىق كۈتۈلگەنىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت تاشقى موڭغۇلىيىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئۇنىڭ چىن شىن ۋە ئېمېي تېغىنى ساياھەت قىلىشىغا ھەمراھ بولۇش جەريانىدا، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. مەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دىنىي سىياسىتىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن موڭغۇل - تىبەت ھەيـ

ئىتتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دىلىۋا خوتوكتونىڭ ئاخىر جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، خەيفاڭ بىلەن شياڭگاڭ ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىگە كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. بۇ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ بېقىندا سىياسىتىگە قىلىنغان بىر چوڭ مەسخىرە ئىدى.

موڭغۇل — تىبەت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋاڭ، گۇڭ، لامالار سەپلەنگەندىن باشقا، مۇئاۋىن ۋىيۇەنجاڭ جاۋ پېيلەننىڭ يەنشىشەن، فۇزويى (يەنشىشەن سۈيىيۇەن ئۆلكىسى بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيىگە باشلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە فۇزويى مەسئۇل ئىدى) لار بىلەن ئالاقە باغلىشى ئارقىلىق لىيۇ شياڭنىڭ ۋەكىلى چيۇ جياڭ، لوكيۇننىڭ ۋەكىلى لى پېتيەن، لىيۇ ۋېنخۇينىڭ ۋەكىلى لىڭ روڭ، ياڭ سىننىڭ ۋەكىلى لى خۇەنلەرمۇ ئەزالىققا سەپلەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىنىڭ ئورنىدا چېگرا ئۆلكىلەردىكى مىلىتارىستلارنى ئۆزىگە تارتىشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان قورالغا ئايلانغانىدى. ۋۇ جۇڭشىن گۇيجۇدىكى ۋاقتىدا نەنجىڭگە بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئايلىنىپ سىچۇەنگە ئىككى قېتىم بېرىپ، ئىممي ئوفىتسېرلار تۇەندىكى لىيۇ، ياڭ قاتارلىق (ئۇلار مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ياكى فۇگۇەن ئىدى) كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانىدى. شۇ چاغدا سەنمۇلار تۇەنى سىچۇەنگە كىرگەن بولۇپ، كاڭزىننىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت قىسمى مېھمان ئۆيگە خوجايىن بولۇۋالغاندەك ئىشنى قىلدى. لىيۇ شياڭ بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ۋۇ جۇڭشىننى ياردەمگە چاقىردى. موڭغۇل — تىبەت ھەيئىتى دەۋرىدىكى يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئەمەلىيەتتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش خىزمىتىنىڭ داۋامى ئىدى.

لىڭرۇنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ لىيۇ ۋېن-



خۇينىڭ مەيدانىدىن تېنىپ، جياڭ جيېشى تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئالاقىسى بار ئىدى.

## شىزاڭغا قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتلىك سەپەر

گومىنداڭنىڭ پارچىلاش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدىن 9 - بەنچەن بىلەن 13- دالاي بىر - بىرىنىڭ پېيىگە چۈشتى. بەنچەن شىزاڭغا قايتماقچى بولغاندا، دالاينىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئاخىر گەنزىدە ئۆلدى. چىڭخەيدە «قايتا دۇنياغا كەلگەن» 10 - بەنچەنمۇ شىزاڭغا كىرەلمەي، ئۇزاق مۇددەت تارسى بۇتخانىسىدا تۇرۇپ قالدى. 1939 - يىلى ۋۇ جۇڭشىن 14 - دالاينى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ خىزمەتچىسى شىكاڭ ئۆلكىسىنىڭ گەنزى رايونى ئارقىلىق شىزاڭغا ئالدىن يۈرۈپ كەتتى، ۋۇ جۇڭشىن ئاز ساندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك يېقىنلىرىنى ئېلىپ يۈننەن، ھىندىستان ئارقىلىق شىزاڭغا باردى. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لۇڭ يۈن ۋە ھىندىستان دائىرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش ۋىزىسى (رەسمىيەتنى بېجىرىشتە ئەنگلىيە كونسۇلى ماڭا قاتمۇ قات تەگلىك سالدى) نى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. رەسمىيەت بىرقانچە ۋاقىت كېيىنگە سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاخىر بېجىرىلدى.

14 - دالاينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشتا ئۈچ خوبىلغەن (نامزات) نى تېپىش، ئالتۇن شىشىدىن چەك تارتىش قاتارلىق رەسمىيەتلەر ئۆتەلمىدى، بەلكى سابىق شىزاڭ ھۆكۈمىتى بىر

كىشى كۆرسەتتى، ئۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلدى. ئاتالمىش تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىنى باشقۇرۇش ئىشى بىر خىل رەسمىيەتچىلىك بولۇپ، ئەسلى تۈزۈلمىنى ساقلاپ قېلىش رولىنىلا ئوينىدى. ۋۇ جۇڭشىن بۇ قېتىمقى سەپىرىدە شىزاڭنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىزاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. شىزاڭدىن قايتىش ھارپىسىدا، كوك چېگزوگنى باشقارما باشلىقلىقىغا سەپلىگەن بىر قۇرۇق ئالاقىنى شىزاڭ تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويدى ۋە ئەتىسىلا سەپەرگە چىقتى. باشقا مەسىلىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ۋاقتىدا بېكىتمىدى. بۇ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى. ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىزاڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايتتى. بۇ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى «دەرۋازىسى دائىملا تاقىلىپ تۇرغان» بىر خىل پالەچ ھالەتتە ئىدى.

ئەمدى بەنچەننىڭ شىزاڭغا قايتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ كارى چاغلىق بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ۋۇ جۇڭشىن ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىگە ئۆزىچە دەل جايىدا قىلىنغان نەيرەڭلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ: «مېنىڭ ۋەزىپەم تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئىدى، مەن ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىدا تەڭ ئورۇندا تۇرۇش دېگەن يولسىز تەلىپىنى رەت قىلدىم، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر دالايىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىغا ئارىلىشالمىدى؛ ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشتىكى بامانىسى سۇغا چىلاشتى. مېنىڭ شىزاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىشىم بىلەن ھېچ



بولمىغاندا 30 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان ئەلچى تۇرغۇزۇش مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشتى. دېمەك، ئىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئەگەر بەنچەننىڭ شىزاڭغا قايتىش مەسىلىسىدە ۋە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى مەسىلىسىدە يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرغان بولساق، ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالغان بولاتتۇق»، دېدى. ئۇ شىزاڭدىن قايتىش سەپىرىدە مۇنداق بىر كۇپلېت نەزمە پۈتكەنىدى:

سەپىرىمدە قازاندىم مۇۋەپپەقىيەت،
تىبەت خەلقى بۇتقا چوقۇنىدىكەن بەك ھەيۋەت.
چەكسىز كەتكەن شۇ چۆللۈكتە بىر تال گىياھ يوق،
ياغسام دەيمەن يامغۇر بولۇپ، بەرسەم كۈچ-مەدەت.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ تۈكمەك-خۇيىغا ئەزابولغان مەزگىللىدىكى قەدىناس دوستى، گۈيجۇ رەسساملىرىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى چېن شۇرېن ئەپەندى «بۇتقا چوقۇنۇش» تېمىسىدا مۇنداق ئۈچ كۇپلېت نەزمە پۈتكەن:

بۇرۇنقىلار كۆڭۈل بۆلۈپ پەقەت ئەلەمگە،
ئۆتۈپتىكەن ھېچ ئېتىبار بەرمەي قەلەمگە.
بارچە ئەسكەر بولۇپ راھىب بۇتخانىلاردا،
تاپقان ساۋاب راسا ئېيتىپ تۇۋا - ئىستىغپار.

قار شەھىرىدە كۆرەشتە ئۇ قازاندى ئىشەنچ،
دۆلەت ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز قاتۇرۇپ باش.

چىن دىلىدىن قايىل بولدى ئاڭا كۆپچىلىك،
بۇنىڭدىن كۆردۇق ئۇ بۇت بىلەن تەقدىرداش.

ئۇزاق يىللار ئىشلىدى ئۇ ئوچۇق — ئاشكارا،
ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس پەقەت چېگرا رايونغا.
دۇنيادا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولماقتا ئەمدى،
تەڭرى ئەلگە ئاتا قىلغاي بەخت — سائادەت.

كىشىلەر بۇ نەزمىدە ۋۇ جۇڭشىننىڭ ھەددىدىن زىيادە ماختالغانلىقىنى سۆز — چۆچەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەزمە ئۇنىڭ دىنىي سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. ۋۇ جۇڭشىن بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھەقىقەتەن ئەنگلىيىنىڭ لاسادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ لاسادىكى كونسۇلى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىدا ۋۇ جۇڭشىننى دالاينىڭ سول تەرىپىدىن، كونسۇلنى ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشنى، مۇراسىمنى ئورتاق باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇنى ۋۇ جۇڭشىن قەتئىي رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىغا قاتنىشالمىدى. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ شىزاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش غەرىزى رەت قىلىندى.

## مابۇفاڭنى يېنىغا تارتىپ، خېشى كارىدورى يولىنى ئېچىش

جياڭ جيېشى چېگرا رايونىدىكى بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭنى كۆزلەپ (تەمە قىلىپ)



يۈرەتتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋۇ جۇڭشىنمۇ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ھەممىدىن ئاۋۋال، ئىچكى ئۆلكىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان، سابىق قۇمۇل — بارىكۆل گارنىزونىنىڭ قوماندانى يولۋاسنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزىگە تارتتى. موڭغۇل — تىبەت ھەيئىتىدە يولۋاسنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئۇزاق بىر مۇددەت كۈتۈۋالدى. جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، يولۋاسقا ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىن نام بېرىپ، ئۇنى ئەمىن تاپقۇزدى. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇنى ئىزگىنلەش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە، موڭغۇل — تىبەت سىياسىي تەلىم — تەربىيە كۇرسى (چېگرا رايون سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان كۇرس)دا خۇيزۇ سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈلدى ھەم تىيانشاننى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. خۇيزۇ سىنىپ كۇرسانتلىرىدىن بىر تۈركۈمى شىنجاڭغا ئالدىن ئەۋەتىلمەكچى بولدى. بۇ ئىش توغرۇلۇق شېڭ شىسەينىڭ قوشۇلۇشىنى سوراپ تېلېگرامما بەرگەندە شېڭ شىسەي دەسلەپتە رەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تەكشۈرگۈچى خادىملار شىڭشىڭشادا توسۇلۇپ قېلىپ، نائىلاج جيۇچۈەنگە قايتتى. سابىق جيۇچۈەننى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تىيانشاننى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىمۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

خېشى كارىدورى چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ جەمەتىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. ما بۇفاڭنىڭ قوشۇنى جيۇچۈەن ۋە جاڭيېدا تۇراتتى، ما بۇچىڭنىڭ قوشۇنى ۋۇۋېيدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا يەر ئىگىلەپ ھۆكۈم سۈرگىنىگە ئۇن نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاكا — ئۇكىنىڭ يۈرىكى پىششىمايتتى. جياڭ جيېشىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭغا بېرىش نىيىتى بار ئىدى. ئۇ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت

ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش نىيىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا بېرىش يولىنى ئېچىشنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولدى. موڭغۇل - تىبەت ھەيئىتىنىڭ جيۇەچۇەننى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نىڭشيا ئۆلكىسىدىكى ئىجىنا موڭغۇللىرىنى ۋە شىنجاڭنى خىزمەت ئوبيېكتى قىلغاندىن باشقا، ئاساسەن ما بۇفاڭنىڭ قوشۇنىغا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇزۇندىن بۇيان غەربىي شىمالدىكى تۆت ما فامىلىلىك (چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ ۋە ما بۇچىڭ، نىڭشيادىكى ما خۇڭكۇي ۋە ما خۇڭبىڭ) نى باش قۇرۇۋاتىمەن دەپ يۈرگەن جۇشياۋلياڭ ما جەمەتى قوشۇنلىرىنى خىشى كارىدورىدىن يۆتكەپ چىقىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئۇزۇندىن بېرى ئورۇنلىيالمىغانىدى. 1941 - يىلى ۋۇ جۇڭشىن غەربىي شىمال پارتىيە - ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سۈپىتى بىلەن چىڭخەيگە بارغاندا، ما بۇفاڭغا يول كۆرسىتىپ: «خىشى كارىدورى رايوننى مەركەزگە ئۆتكۈزۈپ بەرسىڭىز، بۇ ئالىقاندەك يەرنى بېرىش ئارقىلىق جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ھەم ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك، باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ما بۇچىڭنى قەتلە قىلىش مەقسىتىگە يېتىپ، بىر چالمىدا بىرنەچچە پاختەكنى سوقىلى بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدى. ما بۇفاڭ ئۇنىڭ بۇ كۆرسەتكەن يولىغا قايىل بولۇپ، دەرھال ۋۇ جۇڭشىن بىلەن بىللە ئايروپىلانغا چۈشۈپ چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ زۇڭتۇڭ ئالدىدا تەسلىم بولدى. جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننىڭ بۇ ئىشىنى بەكمۇ ياقتۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەلۇم بىر قېتىملىق يىغىنىدا مەركەزگە قاراشلىق ھەر قايسى ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تىلغا ئالغاندا، موڭغۇل - تىبەت ھەيئىتىنى بىرىنچى دەپ باھالىدى. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار نىمە ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنداق



دىگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. جياڭ جيېشى: «ما بۇچىڭ سەيدام رايونىنىڭ قوماندانى بولسۇن!، ئۇنىڭ قوشۇنى قايتا چىڭخەيگە يۆتكەلسۇن ۋە 5 - ئاتلىق كورپۇسقا ئۆزگەرتىلسۇن!» دەپ ئېلان قىلدى. ما بۇفاڭ بولسا ساختىپەزلىك بىلەن 5 - ئاتلىق كورپۇسنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى. مانا بۇلار كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭغا كېلىپ تۇرغۇن ئەسكەرلىكلەرنى قىلغان 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشىنىڭ يېقىن قوشۇنى بولغان خوزۇڭنەن قوشۇنى خىشى كارىدورى رايونىغا قەدەم بېسىپ، جيۇچۈەننى ئىشغال قىلدى. لى تيېجۈن خىشى رايونى گارنىزونىغا قوماندان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، جياڭ جيېشى قىسمىنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشتىكى ئىچكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولدى. بۇ ئىشلار 1942 - يىلى ۋۇ جۇڭشىننىڭ سۇڭ مېيلىڭغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى، جياڭ جيېشى بىلەن يېقىنلىشىشى ھەققىدىكى سۆھبىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، 1944 - يىلى شېڭ شىسەيدىن كېيىنلا شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە ئولتۇرۇشى ئۈچۈن قوشۇمچە ئىشلىگەن يوشۇرۇن ئىشلار ئىدى.

## سۇڭ مېيلىڭ بىلەن شىنجاڭغا سەپەر قىلىش

1942 - يىلى باھاردا، شېڭ شىسەي تېلېگرامما ئارقىلىق جۇشياۋلياڭنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، جياڭ جيېشىغا ئەل بولۇش مەخپىي سۆھبىتىنى ئۆتكۈزدى. ئارقىدىنلا جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەشكىلىي تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىپ، 8 - ئۇرۇش

رايوننىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى ئاشكارىلاندى. پەقەت جياڭ جيېشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ يۈز تۇرانە سۆزلىشىشىلا قالغانىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1942 - يىلى كۈزدە سۇڭ مېيلىڭ ۋۇجۇڭشىننىڭ ھەمراھلىقىدا، جياڭ جيېشىغا ۋەكالىتەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىڭ شىسەي بىلەن ئاخىرقى ھېساباتتا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇلارنىڭ زادى قانداق كونكرېت ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكەنلىكىگە كەلسەك، ۋۇجۇڭشىننىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا ۋە جياڭ جيېشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ شۇ ۋاقىتتا قوللانغان چارە - تەدبىرلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرىمەن:

**شىڭ شىسەي تەرەپ:** شىڭ شىسەينىڭ سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈپ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتا قوللانغان مۇھىم تەدبىرى شۇكى، 1940 - يىلدىن كېيىن دەسلەپتە شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت كوممۇنىستلىرى (كۆپلىرى مەسلىھەتچىلەر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت كومپارتىيىسى ئۇلارنى سوۋېت كوممۇنىستلىرى، دەپ ئاتايتتى) نى تروتسكىچىلار دەپ قارىلاپ، ئۇلارنى بۇيرۇق بىلەن مەجبۇرىي چېكىندۈردى. يەنە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق يولداشنى يۇقىرىقىدەك بەتناملار بىلەن قولغا ئالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا خىزمەتلەرگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن يولداشلارنى ۋە پارتىيىسىز زات دو جۇڭيۈەننى (ئاسىيى دەپ بوھتان چاپلاپ) بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شىڭ شىچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا قىزىل ئارمىيە داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن



كېيىن، لۈيجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. شىڭ شىسەي ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش سىياسىتىگە پايدىسىز دەپ ھېسابلاپ ئۆلتۈرگۈزۋەتتى. بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ رەپىقىسىنى باشقىلار بىلەن زىنا قىلدى دەپ ھاقارەتلىدى. شىڭ شىچىنى ئاشنىسىغا ئۆلتۈرگۈزگەن دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ رەپىقىسىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، «خائىنلار دۆبەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دۆبەننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن گەپلەرنى تارقاتتى، ئارقىدىنلا كەڭ - كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، دۇجۇڭيۈەن قاتارلىق كىشىلەر مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. بۇ جاللاتلارچە جىنايى قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا قەلبىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلار ئىكەن. يىغىپ ئېيتساق، سۇڭ مېيلىڭ، ۋۇ جۇڭشىن ۋە جۇشياۋلاڭلار يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىشتا ئەقەللىسى شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۈيىقەستىگە ئارىلاشقان، بۇ شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىرادىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن.

**جياڭ جيېشى تەرەپ:** سۇڭ مېيلىڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارنىڭ شىنجاڭغا ھەربىي ئىشلار، پارتىيە ئىشلىرى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە تەرەپلەردىن ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىرگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئۆز سەپىرىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلاندى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، لى تيېجۈن خېشى كارىدورى گارنىزونىنىڭ سانگلىقىدىن بوشىتىلىپ 19 - جىتۈەن جۈننىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسى بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، زاپاس قوشۇن بولغان 7 -

دۇدزىيىنى ئۈرۈمچى لاۋ مەنچىڭگە يۆتكەپ كەلدى، شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئاساسىدا مەركىزىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 9 - شۆبىسىنى قۇردى، بۇ مەكتەپكە ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن گۇڭ يۇيىنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلدى، شىڭ شىسەي بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، سوۋېت ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچى ھەربىي ئاۋىئاتسىيە باش پونكىتى ۋە ئۇنىڭ ئىلىدىكى شۆبىسى ئىشنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭچىلار شىنجاڭغا ھەر تەرەپتىن سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن كەسپىي ئىشلىرىنى كۈچەيتتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئالاقە پونكىتلىرىنى كۆپەيتىپ قۇردى.

**پارتىيە ئىشلىرى جەھەتتە:** سۇڭ مېيلىڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىن چۇڭچىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى تەسىس قىلىشقا پائال تەييارلىق كۆردى. شۇ يىلى قىشتا لياڭ خەنساۋ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كەلدى. 1943 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى رەسمىي قۇرۇلدى. شىڭ شىسەي مۇدىر بولدى، خۇاڭ رۇجىن شۇجى بولدى، ئاندىن يۈي جىپىنيەن، لىن بۇيا، تۇڭ شىچۈەن، جاڭ جىجى، شۈي گۈەنيۈي، جىن شاۋشيەن، شىڭ شىجى، لى يىڭچى، سۇڭ نيەنسى قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزاسى بولدى؛ گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنى ۋە مەركىزىي تەلىم - تەربىيە تۈەنىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇردى.

**دىپلوماتىيە جەھەتتە:** گومىنداڭ خېلى بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان خادىملارنى



تۇرغۇزغانىدى. شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرغاندا، گومىنداڭنىڭ ئالاقىچى خادىمى ئەي چىڭ ۋەزىپىسىنى تاشلاپ ئىلىدىن سىبىرىيىگە كېتىپ قالدى. ۋۇجۇڭشىن، سۇڭ مېيلىڭلار شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىرى مەھكىمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلدى. چىڭخۇا داشۆنى پۈتتۈرۈپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغان ۋۇ زېشاڭ تۇنجى ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىقىغا تەيىنلەندى (ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۇبا ئەلچىخانىسىغا ئۆتتى). ئارقىدىنلا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانىلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە تايىنىشنى مەقسەت قىلغان.

**سىياسىي جەھەتتە:** شىنجاڭ رېۋزىيە مەھكىمىسى قۇرۇلدى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئالىملىق چۈمپەردىسىگە ئورنىۋالغان لۇجيالۇن بۇ مەھكىمىگە تۇنجى باشلىق بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇن ئىقتىساد مىنىستىرلىكى زاۋۇت - كانلارنى تەكشۈرۈش باشقارمىسىغا باشلىق بولغان ۋە بيۇروكرات كاپىتالىستلارغا خىزمەت كۆرسەتكەن لىن جىرۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە ئەزا، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىگە نازىر بولدى. ئۇ شىنجاڭغا كېلىشتە بىر تۈركۈم تېخنىكلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. يەنە بىر تۈركۈم پروفېسسور ۋە دوختۇرلار ئەۋەتىلدى.

**ئىقتىساد جەھەتتە:** مالىيە، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىمۇ شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغانىدى. ما يەنجاڭ مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ دىرېكتورى بولدى. دىڭ گۇيتاڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ × × شىنجاڭ تامۇژنا باج ئىشلىرى مەھكىمىسىگە قويۇلدى. شىن ياڭيى شىنجاڭ پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسىگە باشلىق قىلىندى. جۇشياۋلياڭنىڭ كۈيئوغلى

جاڭ شۈەنزې يانكىغا مۇپەتتىش بولدى.

يىغىنىدا خىزمەتكە سېپلەنگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ۋە شېڭ شىسەينى قولغا كەلتۈرۈشكە قويۇلغانىدى. لېكىن، ئۇلار شېڭ شىسەي دەۋرىدە ھېچ ئىش قىلالمىدى، پەقەت جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا كېڭىيىشىنىڭ ئالامەتلىرى ھېسابلاندى. شېڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدىكى قولچوماقلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارالغان بولۇپ، ناھايىتى ھوقۇقلۇق ئىدى. چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ ئىشەنچىسىنى تولا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئىشپىيون (جونتۇڭ، جۇڭتۇڭ دېگەن ئىشپىيونلار) ئەۋەتمەسلىككە ماقۇل بولغانىدى. ئۆلكىلىك گومىنداڭ پىرقىسىدىمۇ ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتى — جۇڭتۇڭ ئىشخانىسى تەسىس قىلىنمىغان ھەم مەخسۇس تېلېگراف ئىدارىسىمۇ تەسىس قىلىنمىغانىدى. بۇلار سۇڭ مېيلىڭ ۋە ۋۇ جۇڭشىنلارنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ماقۇل بولۇشقان كېلىشىمدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گىتلېرنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى. بولۇپمۇ ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملىرى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيدى. قورشاۋغا ئېلىنغان، كۈن بويى ئەنسىزلىكتە قالغان شېڭ شىسەي 1944 - يىلى «ئاۋغۇست ۋەقەسى» نى قوزغىدى، جياڭ جيېشى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ رۇجېن ۋە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جيۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن 50 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى (ھەربىي خادىملار قولغا ئېلىنمىدى). ئۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك ئۇسۇلدا تۈزگەن «جاھانگىرلىككە قارشى



تۇرۇش» ساختا بىرلىك سېپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى توسۇپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خىيالى - نەيرەڭلىرى ئاقمىدى. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ بېشىنى يەپ، 12 يىل داۋام قىلغان قانلىق ھۆكۈمرانلىقى بىتچىت بولدى.

## شىنجاڭنى ئوڭشاشتا قوللانغان ئۈچ تەدبىر

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن يۇقىرىلارنىڭ ھەرىكەت قىلمىشلىرىنى چەكلەيدىغان قائىدە-يوسۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىكتىن ئىبارەت فاكتېرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىنقىلابنى دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ دەپ قارىمىغان بولسىمۇ («ئىنقىلاب» نى ئىنقىلاب دېمەيتتى، ئەلۋەتتە) لېكىن، ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلارنى توسۇشقا ئۇرۇندى. ئۇ ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلارنى توسۇشتا مۇنداق ئۈچ تەدبىرنى قوللاندى. كىشىلەر ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ ئۈچ تەدبىرىنى «ئۈچ خىل چارە» دەپ ئاتىغانىدى.

**تۈرمىنى تەكشۈرۈپ بوشىتىش:** ۋۇ جۇڭشىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «زالىملىقتىن كېلىپ چىققان»، شېڭ شىسەينىڭ 10 يىل داۋام قىلغان زوراۋانلىقىنىڭ، گۇناھسىز كىشىلەرنى تۈرمىگە ناھەق قامىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىغانلىقتىن، ھەممىدىن ئاۋۋال تۈرمىنى تەكشۈرۈپ بوشىتىشنى ئويلىدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن بۇرھان شەھىدى، مالياڭجۇن ۋە باشقا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنى بوشىتىپ، بۇرھان شەھىدىنى 1 - ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي نازارەتچى ۋالىيلىقىغا، مالياڭجۇننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەپ، سىياسىي جەھەتتىن ھۇجۇمغا

ئۆتۈپ، ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرغا سېلىش، خۇيزۇنى خۇيزۇغا سېلىش» خام خىيالىدا بولدى. قامالغان ئادەتتىكى كىشىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا، ھەربىي قانۇن ئىجرائىيە باش شتابىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇردى، چوڭچىڭنىڭ شىنجاڭدا قامالغانلىرىنىمۇ شۇنداق قىلدى. ئايرىملارنى، مەسىلەن: جاۋدەن، ۋاڭ ۋېيجى، شۇي تاۋ، جۇجىنمىڭ قاتارلىق يولداشلارنى قويۇۋەتتى. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب بۇ ئىشنى ماڭا خوڭچىن تاپىلىغانتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومورومۇ ۋۇجوڭشىنغا خەت يازدى، شۇنىڭ بىلەن ئىش ئوڭغا تارتقاندى.

شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، قول چوماقلىرى ھەممە يەرگە تارالغان بولغاچقا، ۋۇجۇڭشىن كونا كۈچلەرنى تۈپتىن يوقاتماي تۇرۇپ، جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭا، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى تەختتىن چۈشۈرۈشتە، ئۇنى دېھقانچىلىق – ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە قويدى. شۇ سەۋەبلەر بىلەن ۋۇجۇڭشىنمۇ شېڭ شىسەينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئىشىنى ئادەتتىكىچىلا ئىنكار قىلىشقا پېتىنمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ھەربىي قانۇن ئىجرائىيە باش شتابى بىلەن بىرلىكتە ئىش كۆردى، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنى تۈرمىدىكى چوڭچىڭدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ئالىي دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىدىن ھال سوراشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ئازدۇر – كۆپتۇر ياخشىلاتقۇزدى ھەم مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاقەت قىلىپ تۇرۇشىغا نەسىھەت قىلغۇزدى. سوت كوللېگىيىسى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىدىن قويۇۋېتىلدى.

سوت كوللېگىيىسى قارىماققا ھەربىي قانۇن بۆلۈمى تەرىپىدىن



ئۇيۇشتۇرۇلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇھىم سوتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى شۇي ئىنزىڭنىڭ قول ئاستىدىكى جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە خام سېمىز كەلگەن چېن قامىلىلىك بىرى بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ جۇڭتۇڭنىڭ چوڭچىڭ رايونىدىكى ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى لى خۇڭجى بولۇپ، ئىلگىرى – كېيىن شۇي ئىنزىڭ ۋە چېن لىفۇلارنىڭ مەخپىي كاتىپى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەربىيىلەش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شې يوڭسۇننىڭ (جۇڭتۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى كاتىبىشى) قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. يېڭىدىن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى بولغان ياڭ ۋى ئۆزىنى «سوۋېتشۇناس» قىلىۋالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ جۇڭتۇڭ ئىدارىسىدە خېلى يىللار خىزمەتكە مەسئۇل بولغانىكەن. ئۇ، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ پىلانىغا ئارىلاشقان. سوت كوللېگىيىسىنىڭ مەخسۇس تېلېگرافى ئۆلكىلىك پىرقە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كېيىن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تېلېگرافى بولۇپ قالغان. سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىگە ئەمەلىيەتتە شې يوڭسۇن چات كىرىۋالغان. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۈرمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر يەرلىك خادىملارنى پارچىلاپ قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئايرىملىرى چوڭچىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. مەسىلەن، گومىنداڭنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىرىدىن بولغان لىيۇ ۋىنلۇڭ، گۇي فىنلەرنى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن سۇڭ نيەنسى، خې چويگۇاڭلارنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋەزىپە بېرىپ ئىشلەتكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خائىنلارغا مانا مۇشۇ خىلدىكى تاقابىل تۇرۇش، «ئويلىنىۋېلىش» تەرتىپى تۇرغۇزۇلغان. تۈرمىدىكى يەنئەندىن كەلگەنلەرنىڭ

ھەممىسى داۋاملىق قاملاشتۇردى. ماۋ جۇشى بىلەن جياڭجيېشى
«10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمىسى» نى تۈزدى. جاڭ جىژجۇڭ بۇيرۇققا
بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ تىنچلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزگەندىن
كېيىن، ئاندىن تۈرمىدىكىلەرنى قويۇپ بېرىشكە تەييارلىق
قىلدى. شۇ چاغلاردا جياڭ جىڭگو شىنجاڭغا كېلىپ، ۋۇ جۇڭ-
شىنىڭ «يېڭى بىناسى» غا چۈشكەن بولۇپ، بىر مەھەل ناھا-
يىتى ئالدىراش بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى
قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغان، ئۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا
بىرگە ئوقۇغان كوممۇنىستلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەن. ياڭ
ۋېي، شى يوگسۇن قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى.
نەتىجىدە، ئەمەلىيەت بىلەن ئارزۇ تەبىئىي ھالدا قارىمۇ قارشى بو-
لۇپ چىقتى. 1946 - يىلى ئەتىيازدا يەنئەندىن كەلگەن-
لەرنىڭ ھەممىسى يەنئەنگە قايتۇرۇلدى، بۇ ئەكسىيەتچىل-
چارىلەرنىڭ ھەممىسىگە گەرچە ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇل بولمىسىمۇ
(جۇڭتۇڭ خادىملىرى بىۋاسىتە جۇڭتۇڭ ئىدارىسىگە مەسئۇل)،
لېكىن شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك پىرقىدا ۋۇ جۇڭشىن مۇدىر
ھەيئەتلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتاتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانـ
لىق قىلغان مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆلكىلىك پىرقە
ئىشپىيونلار ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ
قالغانىدى.

**جايلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش:** ۋۇ جۇڭشىن
شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن بولمايلا، خاتىرجەم-
لەندۈرۈش ھەيئىتىنى قۇردى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاقسا-
قاللىرىنى، مەسىلەن: ئالتايدىكى خادىۋاڭ، موڭغۇل ۋاڭى
چۇجەپ، مەن خەنۋاڭ (ئەمەلىيەتتە، مەن خەنۋاڭنىڭ رەپىقىسى
ۋۇ جېڭىن ئۇنىڭ ئورنىنى دەسسىگەن) قاتارلىقلار ھەيئەت



ئەزالىقىغا تەيىنلەندى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى
دىڭ شياڭخەي ھەيئەت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. خا-
تىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلغان كۈنى ۋۇجۇڭشىن ئاپتورغا
«شىنجاڭ گېزىتى» دە باش ماقالە ئېلان قىلىشنى تاپىلىدى.
ئۇنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە روسچىغا تەرجىمە قىـ
لىپ باستۇرۇپ، تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
«تەسلىمچى ۋە خائىنلارنى ئەتراپىغا يىغىپ» ئىنقىلابىي قو-
شۇننى پارچىلاپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باستۇرۇشتىن باشقا نەرسە
ئەمەس ئىدى، خالاس. بۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتىن، ماخشۇس
مەبلەغ تەسىس قىلىپ، خىراجەتنى قالايمىقان چىقىم قىلىپ،
تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىپ سېتىۋېلىش بىلەن شۇغۇل-
لاندى. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ موڭغۇل - تىبەت
ھەيئىتىدىكى ۋاقتىدا لاما، ۋاڭ، گۇڭ ئەۋلادلىرىنى بېقىندى قى-
لىۋېلىش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنىنىڭ قايتىلىنىشى ئىدى.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ
ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتىكى ئىلغار رايونلىرى بولغانلىقتىن،
ۋۇجۇڭشىننىڭ خاتىرجەملەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئوبيـ
يېكتى بولۇپ قالغانىدى. ۋۇ جۇڭشىن ئىلى ئازاد بولۇش ھار-
پىسىدا شىنجاڭغا كەلدى، ئۇ بىتاقەت بولۇپ، دىڭ شياڭخەينى
ئىلىغا ئەۋەتىپ سىياسىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش غەرىزىدە بولدى.
بىراق دىڭ قۇيرۇقىنى قىستۇرۇپ تىكىۋەتتى. ۋۇ جوڭشىن يەنە،
شېڭ شىسەي دەۋرىدە مۇدىر كاتىپ بولغان
پېڭ ۋېنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىـ
قىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن جۇ كۇنتيەننىڭ يۇ-
قىرى سىنىپتىكى ساۋاقدىشى گاۋبويۇنى (ئازادلىقتىن كېيىن
بۇ كىشى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن)
ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن

بىرگە، ئۆلكىلىك پىرقىمۇ تارباغاتاي، ئالتاي ناھىيىلىرىگە
شۇجى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، تەسلىم قىلىش،
قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ماسلىشىش، بولۇپمۇ
ئالتايدىكى ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆپرەك كۈچ
چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. گاۋبو يۈي خىزمەت كۆرسى-
تىش نىيىتىدە، ئۇۋال خادىۋاڭنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى.
ۋۇ جۇڭشىن خادىۋاڭنى خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ چاغدا ئوسمان كۈچەپ قاراق-
چىلىق قىلىپ، گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو-
موڭغۇلىيە چېگراسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتاتتى. گۈچۈڭ ناھىيى-
سىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ دېگەن سابىق موڭغۇل - تىبەت سىياسىي كۇرسى-
نىڭ 1 - قارارلىق موڭغۇل تىل سىنىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ،
ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ، ئوسماننى
قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنىمۇ ماسلىشىپ ئىشلىگەنىدى. بىراق،
ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدە ئىشلىگەن بۇ قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ
ئۈنۈمى بولماي قالدى. 1946 - يىلى يازدا
گاۋبويۈي كەچلىك بىلەن قويۇپ بېرىلگەن ئەسىرلەر قاتا-
رىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بۇ دەل جاڭ جىجۇڭ ھۆكۈم-
رانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، پەقەت شەخسىي مۇناسى-
ۋەت ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن تۇردى. ئۇنىڭ
ئەھۋالى ناھايىتى خاراب ئىدى. ئۇ، شىنجاڭدا ئىنقىلابىي
خەلقنى باستۇرۇش، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئاجىزلىتىش سۈيى-
قەستىنىڭ پەقەت قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان ئۆلۈم ئالدىدىكى
جان تالىشىش ئىكەنلىكىنى، ئەكسىيەتچىلەرنى ھالاكەتتىن
قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

«بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» ۋۇ جۇڭشىننىڭ خاتىرجەملەندۈ-
رۈش سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەن تىپى بولۇپ، خاتىرجەملەندۈ-



رۈش خىزمىتىنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باش
قاتۇرۇپ «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» چارىسىنى ئويلاپ چىقتى.
بۇ ئۇسۇل بىلەن ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئايرىۋېتىشنى
مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ، شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش توغ-
رىسىدا جىياڭ جېيشىغا تەكلىپ بەرگەن. يەنى تىيانشاننىڭ
شىمالىدىكى ناھىيىلەرنى شىمالىي ئۆلكە قىلىپ، ئۆلكە مەر-
كىزىنى ئۈرۈمچىگە قۇرماقچى؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ناھى-
يىلەرنى جەنۇبىي ئۆلكە قىلىپ، ئاقسۇنى ئۆلكە مەركىزى قىل-
ماقچى؛ كۈنئېنلۇن ئېتىكىدىكى ناھىيىلەرنى كۈنئېنلۇن
ئۆلكىسى قىلىپ، خوتەننى ئۆلكە مەركىزى قىلماقچى بولغانىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا خېشى كارىدور-
نىڭ بىر قىسمىنى قوشۇپ ئەنشى ئۆلكىسى قۇرۇپ، قۇمۇلنى
ئۆلكە مەركىزى قىلماقچى بولغانىدى. ئۆلكىلەرنى ئايرىش
ئىشى يۈرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ
مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئورنىنى
تەسىس قىلىپ، دىڭ شياڭخېينى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىر-
لىقىغا تەيىنلىدى. ۋۇ جۇڭشىن بۇ تەكلىپنى «شىنجاڭنى خا-
تىرجەملەندۈرۈشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت» دېگەن
شېرىن خىيال بىلەن، مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغان:

شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلمەك بولدۇم،
جەنۇب، شىمال، كۈنئېنلۇن ئۈچ ئۆلكە،
تۆتىنچىسى ئەنشى بولار بىر ئۆلكە،
تىيانشان - قەدىناستلار تولغان يۇرتۇم.

بىراق، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەت-
كەچكە ،بۇ خىيالنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانىدى.

ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرۇش ۋۇجۇڭشىنىڭ خاتىرجەملەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئارقا تىرىكى ئىدى. لېكىن ئۇ، ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرۇشقا تولۇق ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇ، گۇاڭدۇڭ قوشۇنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قايتا ۋەزىپە ئۆتەشنى خالىمايتتى! ناھايىتى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىگە بۇددا دىنى ئېتىقادچىلىرى جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، دېگەن ئىدىيە بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنى «رەھىمدىل» قىلىپ كۆرسىتىپ، يا نەنچاڭدا يېڭى سەنمۇجاڭى بولۇشقا، يا گۈيجۇدا تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشكە ئۇنىمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى ئىدىيىنى ئاساس قىلغانىدى. ئۇ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن چاغدا، دەل ئۆلكىنىڭ رەئىسى گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان چاغلار ئىدى. شىنجاڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان ئۆلكە بولغاچقا، ئۇ شېڭ شىسەيدىن قالغان مۇنتىزىمسىز قوشۇن ئارقىلىق خەلق ئىنقىلابى بىلەن قارشىلىشىشتا مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوغدىغۇچىلار 1 - باشقارمىسىدىكى جياڭ جەمەتىدىن بولغان يۈيدانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش سىلىڭبۇسىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا قويدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت يۈيدانى جياڭ جيېشى ئالدىدا پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن جۇ شياۋلياڭنىڭ قولىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئامانلىق ساقلاش سىلىڭبۇسىنى ئۇنىڭ داۋاملىق باشقۇرۇشىغا قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، جۇ شياۋلياڭنىڭ



شىنجاڭدا داۋاملىق تۇرۇشى ئۈچۈن جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئەمەلىيەتتە، ۋۇ جۇڭشىن ھەربىي مەسئۇلىيەتتىن قورقاتتى، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق باستۇرۇشقا ئىشەنچىسى يوق ئىدى.

ۋۇ جۇڭشىن ھەربىي كۈچلەرنى ئارقا تىرەك قىلمىغاندا ئۆزىنىڭ رەئىسلىكتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى، ئۇ، ئالدىراپ - تېنەپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەربابلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپ، سىياسىي ھۇجۇمنى كۈچەيتىۋاتقان بولسىمۇ، جۇ شياۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىككى نەپەر دىۋىزىيە باشلىقىنى (بىرىنىڭ ئىسمى ۋەن لىڭيۈەن) قويۇپ بەرمىگەنىدى. شۇڭا، جۇ شياۋلياڭنى «دىتى يوق» دەپ ئەيىبلىدى. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇلارنى بالدۇرراق قويۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرسا بولماامتى» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئارقىدىنلا چىڭخەيدىكى مابۇفاڭ قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى. كۆرۈنۈشتە ئۇلار ئارقىلىق ئارقا سەپ موھاپىزىتىنى كۈچەيتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چىڭخەينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئارقىلىق قازاقلارغا تاقابىل تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇنداقلا ئۇ، خۇيزۇلار بىلەن قازاقلارنىڭ بىر ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى «بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپتىن خاتىرجەملەندۈرۈش» كە پايدىلىق دەپ قارىغانىدى. بۇ، ۋۇجۇڭشىننىڭ ئەڭ قەبىھ ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئەكسىيەتچىل چارە شىنجاڭنىڭ خەلق ئىنقىلابىغا چوڭقۇر زىيان ۋە تەسىر يەتكۈزدى.

ۋۇجۇڭشىن بىلەن مابۇفاڭنىڭ بىر-بىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈش جەريانى ۋە ئاتالمىش 5 - جۈننىڭ

ئۆزگىرىش جەريانىنى يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتتۇق. چىڭخەيدىكى ما جەمەتى ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭدىن تەمەيىنى ئۈزەلمەي يۈرەتتى. ۋۇجۇڭشىننىڭ ياردەم سوراش خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، ئۇلار تېزدىن پۇتۇشۇۋالدى. جاھاندا نېمىدېمۇ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان ئىش بار؟ شۇڭا، چىڭخەيدىكى ئاتلىق 5 - جۈن كۆرەڭلىگەن ھالدا شىنجاڭغا كىردى. دەسلەپكى بىر تۈركۈمى تۇرپان، توقسۇن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. ئەرلەرنى باج يىغىش، غەللە - پاراق يىغىش، ئوت - چۆپ يىغىشقا ئەۋەتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ خەلقنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق ساقلانغاچقا، كىشىلەر: «ما جۇڭيىڭنىڭ دادىسى كەلدى» دەپ بىر - بىرىنى خەۋەرلەندۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتلىق 5 - جۈن شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەلدى. بۇ چاغدا ئاتلىق 5 - جۈننىڭ شتابى ئەسلىدىكى زاپاس 7 - دىۋىزىيە تۇرغان جاي — ئۈرۈمچىنىڭ لاۋمەنچىڭ دېگەن يېرىگە ئورۇنلاشتى. مابۇفاڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ماچىڭشياڭ جۈنجاڭلىققا تەيىنلەندى. ئۇ، دۆت بولۇپ، ھەشەمەتچىلىككە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا مابۇفاڭنىڭ «تىيانشان چوققىسىدىن ئاتلىق ئۆتۈڭ» دەپ يېزىلغان لەۋھەسى ئېسىلغانىدى. بۇنىڭدىن مابۇفاڭنىڭ ئاچكۆزلۈكى، گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاپتور (مەن) ۋۇ جۇڭشىندىن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق «ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىنى تەستە ئاياغلاشتۇرغان تۇرۇقلۇق، ئەمدى يەنە ما جەمەتىنى تەكلىپ قىلغانلىقى بۆرىنى ئۆيگە چىللىغانلىقمۇ - قانداق؟» دەپ سورىغاندا، ۋۇجۇڭشىن مەنسىتمىگەن قىياپەتتە: «كارى چاغلىق، مابۇفاڭغا تاقابىل تۇرۇش ئامالىمىز بار» دېگەنىدى.

ھەقىقەتەن ئاتلىق 5 - جۈن ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا



ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ بىر كوزىرى ئىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا، ئاتلىق 5 - جۈن ئۇنىڭ «بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپتىن خاتىرجەملەندۈرۈش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغانىدى. ما چىڭشياڭ ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىغا يانتاياق بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئىشنى تېرىپ قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۆڭگەپ، خەلقئارانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئارىلىشىشىنى قوزغىماقچى بولدى (بۇ، دەل مارشالل ① گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىختىلاپلىرىنى كېلىشتۈرۈپ قويغان چاغ ئىدى) ھەم ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا پايدىلىق، دەپ ئويلىدى. ئوسمان يىققان بىر توپ قاغا - قۇزغۇنلار موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەنىدى. ئاتلىق 5 - جۈن قوشۇن ۋە قورال - ياراق ئەۋەتىپ ئۇلارغا ياردەم قىلدى. ئوسماننىڭ قالدۇق قوشۇنىنى يىغىپ، گۇچۇڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئېتىكىدە مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن، قايتا - قايتا جەڭ قىلىش بىلەن ئەسىر ۋە ئولجا ئېلىشقا باشلىدى ھەمدە ئولجا ئېلىنغان قورال - ياراقلارنى نەنجىڭگە ئايروپىلان بىلەن توشۇپ ئاپىرىپ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇلار موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنلىرى ئىشلەتكەن قورال - ياراقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەپچىقارغان ۋە تەمىنلەپ بەرگەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار بەيتىكنىڭ شىمالىغا بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت

① George Gatleett Marshall (1880 - 1959) ئامېرىكا دۆلەت كومىسسارى (1947 - 1949 - يىللىرى) بولغان، 1945 - يىلى «كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش» ئۈچۈن ئالاھىدە خادىم سۈپىتىدە جۇڭگوغا كەلگەن ۋە گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىنى قوللىغان. — مۇھەررىردىن

ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتىشىگە قارشى تۇردۇق دەۋالدى. مانا بۇ ــ شۇ چاغدا ئەكسىيەتچىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان «بەيتىك ۋەقەسى» نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى. بۇ، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ «بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىش، بىر تەرەپتىن خاتىرجەملەندۈرۈش» سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئىدى.

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىكى خەلقلەر قورااللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ما چىڭشياڭ ئۇنى ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇردى ۋە قىرغىنچىلىق قىلدى، ھەتتا كارىز ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ ئامان قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «جاھاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە» دېگەن شوئار ئارقىلىق ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. بۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا «بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىش، بىر تەرەپتىن خاتىرجەملەندۈرۈش» سىياسىتىنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ «ما بۇفاڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئامال بار» دېگەن تەدبىرى دەل مۇشۇ ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ 1942 ـ يىلى ما بۇفاڭنى ئۆزگە تارتقاندىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانچە قويۇقلاشتى، ياپونلار گۇيجۇغا بېسىپ كىرىشكە يېقىنلاشقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنى (جياڭ ۋېگونىڭ بېقىۋالغان ئانىسى) بىلەن ۋۇجۇڭشىننىڭ چوڭ خوتۇنى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ لەنجۇدا تۇرغانىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ما بۇفاڭنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باش قارمىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ما بۇفاڭنىڭ ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋېلىشىگە ئېرىشكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. غەربىي شىمال ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ما بۇفاڭ گو جىڭياۋنىڭ



ئورنىغا غەربىي شىمال ھەربىي ـ سىياسىي جاڭگۇەنى بولدى. بۇمۇ ــ ۋۇ جۇڭشىننىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن بولغان ئىش. ئارقىدىنلا جو كۇنتيەن جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇيەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كۈشكۈرتۈپ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئاتلىق 5 ـ جۈننى دەسمايە قىلىپ بەرگەنىدى. بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ۋۇ جۇڭشىن 1946 ـ يىلى شىنجاڭدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى.

قوشنىدارچىلىق ـ ئىناقلىق دىپلوماتىيىسى: ئوسمان ئەسلىدە شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئالتاي ۋالىيسى، قازاقلار ئىچىدىكى چوڭ پومېشچىك ۋە چارۋىدار ئىدى. ئۇلار گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىگىمۇ قارشى تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنى ئار مىللەتچى دېيىشكىلا بولاتتى. ئۇلار خەلق ئىنقىلابى بىلەن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چىقىشالمايتتى. ۋۇ جۇڭشىن بۇ ئەھۋاللارنى بىلسىمۇ، ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قىزغىن ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنىڭ ئاچقۇچى ــ سوۋېت ئىتتىپاقى، دەپ تونىدى. شۇڭا بۇ، ئۇنىڭ «قوشنىدارچىلىق ـ ئىناقلىق دىپلوماتىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مۇھىم چىقىش نۇقتىسى ئىدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى دىپلوماتىيە جەھەتتە ئالاھىدە خادىملارنى ئالماشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتە ئاخباراتچىلىقنى كونترول قىلىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىنىڭ مەسلىھەتچىسى ــ رۇس تىلىغا راۋان ليۇ زېرۇڭنى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە دىپ-

لوماتىيە خادىملىقىغا يۆتكەپ، ۋۇ زىشياڭنىڭ ئورنىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ، خادىملىرى كۆپ بولغاچقا، شىنجاڭ خارجى خادىملىرىنىڭ كونسۇل، مۇئاۋىن كونسۇللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭغا نۇرغۇن راسخوت كېتەتتى. بىراق، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىدە راسخوتنىڭ كەمچىللىكىدىن، ۋۇجوڭشىن شىڭ شىسەيدىن قالغان ئېسىل تاماكا، هاراق، كەمپۇت، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ ئالاقىلىشىشتا ئىشلىتىشكە قوشۇلدى. ئاتالمىش قوشنىدارچىلىق - ئىناقلىق دىپلوماتىيىسى دىگەن مانا مۇشۇنداق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەندە سالاچىلىق قىلىش رولىنى ئوينىشى جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىش ئىدى.

ئاخباراتنى كونترول قىلىش جەھەتتە، ۋۇ جوڭشىن دەسلەپتە ئۆزىنىڭ «جىنى» بولغان جوكۇنتىيەننى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قوشۇمچە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى، كېيىن مېنى باشلىق قىلدى. مەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇدىر كاتىپى جاڭ جىنيىنى گېزىتخانىنىڭ باشلىقى قىلدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىگە باشتىن ئاياغ «ئۆزىنىڭ ئادىمى» نى قويدى. گېزىتخانا مەركەز ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلىپ، كۈندە ۋۇ جوڭشىن، خۇاشاۋلياڭنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە سۇناتتى. جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئەيىبلەيدىغان خەۋەرلەرنى گېزىتكە باسقىلى قويمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى يازما ئېلان چىقارغىلىمۇ



قويمايتتى. كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرمىغاندىكىن، ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇلمايدۇ. بىراق، بۇلارنىڭ يەنە بىر خىل «چاۋسىنى چىنتقا يايماسلىق» كۆزقارىشى بولۇپ، «قېرىنداشلار ماجىراسى» بولغان گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى «ئائىلە ئىشلىرى»، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «يات ئادەملەر» دەپ تونۇيتتى. بۇ پەقەت سىرتقى ھادىسە بولۇپ، ۋۇ جوڭشىن ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشتا جاڭ جيېشىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، جاڭ جيېشى بىلەن بىر بۇرۇندا نەپەس ئالاتتى. ئەگەر ماۋ جۇشى بىلەن جاڭ جيېشىنىڭ «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» مەجبۇرلىمايدىغان بولسا، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىشكە قوشۇلمايتتى، مەدەت بەرمەيتتى (ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جاڭ جيېشىغا تەكلىپ بەرگەن ئىكەنمىش). ئەگەر ئۇ ۋەزىپىدىن ئايرىلمىغان بولسا، يەنە ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارشى «بەيتىك ۋەقەسى» دە قايتىدىن مۇھىم رول ئوينىماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشىمايدىغان بۇ خىل ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇ ئىشلەتكەن گېزىتچى خادىملار ئەلۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيتتى. مەن گېزىتخانا باشلىقى بولغان چاغدا، «پارتىيىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى»، «خەلق روھىنى ئۇرغۇتۇش ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى» دىگەن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغانىدىم. ئالدىنقىسىنى گومىنداڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەپ يازغان، يېزىشتىن بۇرۇن ۋۇ جوڭشىن بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقانىدىم. ماقالىدە غۇلغۇلا قىلىنغان مۇنداق

بىر جۈملە سۆز بار ئىدى: «كوممۇنىستىك پارتىيە دېموكراتىيىنى ئۇقتىلىق يۈرگۈزىدىغان پارتىيە بولسا بولىدۇ». ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا سىياسىي پارتىيىلىرىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىنى ئاساس قىلغانلىق؛ گومىنداڭدىن باشقا كوممۇنىستىك پارتىيە بولسىمۇ بولىدۇ، گومىنداڭ پارتىيىسى يالغۇزلا دىكتاتۇرا يۈرگۈزمەيدۇ، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئىدى. بىراق، كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ چوقۇم «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى» دىن ۋاز كېچىشى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى (ئۇ چاغدا گومىنداڭچىلار ستالىننىڭ 3 - ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ھامان ھەقىقىي ئەھۋال دەپ تونۇمايتتى). شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا «تاجاۋۇز» قىلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىش ئۈچۈن: «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن چوقۇم بىر تەسىر كۆرسەتمەيدىغان مۇھىت بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ» دېگەن ئوخشىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ گومىنداڭچىلىرىنىڭ كۆرەشچانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئىلھام بەرگەن، ئۇنىڭ مەنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكىسى جاڭ جىيېشىنىڭ «خەلق روھىنى ئۇرغۇتۇش» ھەرىكىتىنى كۆككە كۆتۈرۈش ھەمدە ۋۇ جۇڭشىن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلماقچى بولغان خاتىرىلەش يىغىنىدا شۇ ماقالىنى سۆز تېكىستى قىلىش ئۈچۈن يېزىلغانىدى. ئۇ، كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى بىلەن مېتافىزىكىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۇڭزىنىڭ «بەش تۈرلۈك بەلگىلىمە»، گۇەنزىنىڭ «تۆت تۈرلۈك ئۆلچەم» ۋە «تاقەتسىزلەر قەلبى» قاتارلىقلار تەكىتلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ساقلاش» نىڭ قانۇنىيىتى ئىدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا



«شىنجاڭ گېزىتى» ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا باھا بېرىپ باش ماقالە ئېلان قىلدى. مەن بۇ ماقالىگە «ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتى» دېگەن كۆز قاراشنى ئاساس قىلىپ، «ئىرقىمىز ئوخشاش، يېزىقىمىز ئوخشاش»، «كونا ئۆچمەنلىكنى ئەسلىمەسلىك»، «يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش»، «ئەشەددىي دۈشمەننى سۆيۈش» دېگەندەك ياپونىيە مىلىتارىزمىغا كەڭ قورساقلىق قىلىدىغان بىر ئابزاس سۆز قوشۇپ قويدۇم. ئىككىنچى كۈنى جاڭ جىيېشىمۇ ماقالە ئېلان قىلىپ مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلىدى. ۋۇ جۇڭشىن بۇنداق قىلىشنىڭ ياپونىيىنى يۆلەش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زەربە بېرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، تەسلىمنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قوبۇل قىلىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەچ، بۇ باش ماقالىنى قاتتىق ماختىدى. 1946 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوسماننىڭ قالدۇق قىسمى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدا قايتا - قايتا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى، بۇ مەزگىلدە ئەكسىيەتچىلەر شەرقىي شىمال مەسىلىسى توغرىسىدا داۋراڭ سالغىلى تۇردى. بولۇپمۇ «يالتا كېلىشىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ، جۇڭگوغا ۋەكالىتەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە شەرقىي شىمالدىكى ئىككى يول (ئوتتۇرا شەرق، شەنۇبىي مانجۇرىيە) بىلەن ئىككى پورت (لۈيشۈن، دالىيەن) نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى دەپ تونۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش تەتۈر قۇيۇنىنى چىقاردى. «شىنجاڭ گېزىتى» مۇ ئارقىدا قال-

لىدى. بىراق، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى گېزىتلەرگە ئوخشاش ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆز ئاچالمىدى. پەقەت موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار ۋە ئولجىغا ئالىنغان قورال - ياراقلار جەھەتتىكى پاكىتلار ئارقىلىق «كىممۇ چىداپ تۇرالايدۇ؟» دېگەن سەرلەۋھىلىك، ئەمەلىيەت بۇرمىلانغان خەۋەر ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىستتىپاقىنى «قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلەپ، تاجاۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتكەن» دەپ ھاقارەتلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشى بىلەن جاڭ جىرجوڭ جاڭ جىنپىيىنىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ ۋەقە ئەمەلىيەتتە ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك فاكچىنىنىڭ كونكرېت ئىنكاسى ئىدى، خالاس.

(مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى «تارىخىي ماتېرىياللار تاللانمىسى» نىڭ 118 - سانىدىن ئېلىندى)

ئائىشەم ھەۋىپ تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللار

ئابلەت نۇردۇن

ياڭ زېڭشىن گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، 1928 - يىلى يۈز بەرگەن «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ياڭ زېڭشىن ھەققىدە: «ھازىرقى يەرشارىدا بار ھۆكۈمرانلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭكىدەك چوڭ ئەمەس، ئۇ شىنجاڭدا گويا «ھوقۇقى چەكسىز پادىشاھقا ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دېگەنىدى. ئۇ، شىنجاڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ باش مۇدىرى، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، دىخۇا (ئۈرۈمچى) نىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مالىيە - باج ۋە مەنسەپكە تەيىنلەش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1912 - يىلى يۈەن داخۇا خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندا، ياڭ زېڭشىننى دۇدۇ (ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارى) لىققا كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈم سۈردى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ سانائەت ئاساسى ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، سانائەت ماللىرى ئاساسەن ئىلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن، ئۇنىڭدىن قالسا ئەنگلىيە، روسىيەدىن كىرگۈزۈلەتتى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ سانائىتى ئۇرۇش تەسىرىدە تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاچقا، شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى بىر مەھەل روناق تاپقانىدى، ئەمما بۇ ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمايلا، سودىدا يەنە كاساتچىلىق كېلىپ چىقتى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» دا، «شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى ئانچە روناق تاپمىدى» دەپ ۋايسىغانىدى.

شىنجاڭدا سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان. ئەڭ دەسلەپتە ئىلى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى 1893 - يىلى قۇرۇلغان. شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دىخۇا (ئۈرۈمچى)، گۇچۇڭ، سۈيدۈڭ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. شىنجاڭ سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى 1915 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇيۇشمىدا 56 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى، 2331 ئۇيۇشما ئەزاسي بارئىدى، 1916 - يىلى ئۇيۇشما ئەزاسى 2461 كىشىگە يەتكەن.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە دىخۇا (ئۈرۈمچى) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سودا مەركىزى ئىدى. 1919 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈرۈمچىنىڭ نوپۇسى 50 مىڭ بولۇپ، 1926 - يىلغا كەلگەندە 71 مىڭ 800 كىشىگە يەتكەن. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە 764 چوڭ - كىچىك سودا دۇكىنى، 370 ئۇستىخانا (قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى) بارئىدى. سودىگەرلەرئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇسلار كۆپ ئىدي. ئۇلاردىن «تيەنجىنلىك سەككىز



چوڭ ئائىلە» نىڭ سەرمايىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ۋۇشاۋلىن «شىنجاڭغا نەزەر» دېگەن كىتابىدا: «تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ ئائىلىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ نەچچە يۈز مىڭ سەردىن دەسمايىسى بار» دەپ يازغان. ئۇلار بېيجىڭ، تيەنجىنلەرنىڭ تۈرلۈك ماللىرىنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتقان، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى بېيجىڭ، تيەنجىنگە ئاپىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇلاردىن كۆپ پايدا ئالغان. دىخۇا (ئۈرۈمچى)نى مەركەز، تيەنجىننى باش تۈگۈن قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا شۆبە دۇكانلار ئاچقان؛ ئۇلارنىڭ گۇچۇڭ، قۇمۇل، ئىلى، چۆچەك، قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا سودا دۇكانلىرى بولغان.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە دىخۇا (ئۈرۈمچى)دە چاي تىجارىتى خېلى راۋاجلانىدى. 1920 - يىلى سۈييۈەن - شىنجاڭ يولى ئارقىلىق دىخۇا (ئۈرۈمچى)غا تۆگە بىلەن توشۇلغان چاي 2 مىليون 217 مىڭ 700 جىڭ بولۇپ، بۇنىڭدىن 1 مىليون 324 مىڭ جىڭى تاش چاي ئىدى. 1921 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىڭخېڭماۋ چاي دۇكىنى 200 دىن (تەخمىنەن 20 مىڭ جىڭ) چاي ساتقان.

ئەينى چاغدا دىخۇا (ئۈرۈمچى)دا يىڭدېتاڭ قاتارلىق جۇڭگوچە دورىلارنى ساتىدىغان دورا كانىلىرى بارئىدى. 1927 - يىلى ليۇگۇيېڭ ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۈرۈمچىدە مىنشېڭ (خەلق تۇرمۇشى) نامىلىق دورا دۇكىنى ئېچىپ، جۇڭگو دورىلىرى ۋە غەرب دورىلىرىنى ساتتى. شۇچاغدا ئۈرۈمچىدىكى دورا دۇكانلىرىنىڭ بەزىلىرىدە دۇكاندا ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرىدىغان تېۋىپلار بولۇپ، بىمارلار قاچان كەلسە شۇچاغدا كېسىلىنى كۆرۈپ دورا بېرەتتى. شۇچاغدا يەنە يېمەك، ئىچمەك دۇكانلىرى، چوڭ ئاشخانىلار بارئىدى.

1926 - يىلى جۇبېلىڭ دېگەن كىشى دىخۇا (ئۈرۈمچى)دا بوغدا كىتابخانىسى ئېچىپ، گېزىت - ژۇرنال ساتقان ھەمدە شاڭخەيدىكى شاڭۇۋ كىتابخانىسى، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى بىلەن كىتاب ئېلىش توختىمى تۈزگەن ھەمدە مۇشتەرىلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك سېتىۋېلىشىغا ياردەملەشكەن. 1928 - يىلى بۇ كىتاب دۇكىنىنىڭ ساتىدىغان كىتاب - ژۇرنىلى 2 مىڭ خىلدىن ئاشقان.

1918 - يىلى ئەنگلىيىلىك بىررو ھانىي دىخۇا (ئۈرۈمچى)دا رەسىمخانا ئاچقان. لېكىن رەسىم تارتىش باھاسى بەك قىممەت بولۇپ، P × 12cm چوڭلۇقتا بىر پارچە رەسىم تارتىسا بەش يۈەن كۈمۈش تەڭگە، بىر پارچە رەسىم يۇيدۇرسا بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگە ئالغان. 1920 - يىلى سوۋېتتىن كەلگەن بىر تاتار «مىزگىن» ناملىق بىر رەسىمخانا ئاچقان ۋە قوشۇمچە سائەت رېمونت قىلغان. ئۇيغۇر سودىگەر يۈسۈپمۇ نەنمېندە بىر رەسىمخانا ئاچقان ۋە قوشۇمچە سائەت رېمونت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

لىن جىڭ «غەربىي شىمال مەجمۇئەسى» نىڭ I بۆلۈم، 3 - توم، 267 - بېتىدە: «1919 - يىلى دىخۇا (ئۈرۈمچى)نىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسى 5 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىدى» دەپ يازغان.

دىخۇا (ئۈرۈمچى) ئەينى چاغدا گۈچۈڭ ئارقىلىق خېبېي، سەنشى بىلەن؛ قۇمۇل ئارقىلىق شەنشى، گەنسۇ، خېنەن، سىچۈەن، خۇنەن، خۇبېي بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى ساقلاپ كەلگەن. ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئالتاي قاتارلىق جايلار ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى، ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتكەن.



شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ سودا ئىشلىرىدا مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىك بار ئىدى: بىرىنچى، تىجارەت دائىرىسى كەڭ ئىدى يەنى سودا دۇكانلىرى بىر خىللا تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانماي، كۆپ خىل تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىككىنچى، ئۈرۈمچىدىكى دۇكانلار توپ سېتىش بىلەن پارچە سېتىشنى تەڭ ئېلىپ باراتتى. ئۈچىنچى، بىرلىككە كەلگەن باھا يوق ئىدى، مال باھاسى مالنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە، تاۋار زاپىسىغا، مالنىڭ بازىرى ئىتتىك ياكى كاساتلىقىغا، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. تۆتىنچى، پۇل بىرلىككە كەلمىگەن ئىدى.

دىخۇا (ئۈرۈمچى)دىن باشقا، قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، چۆچەك، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ خېلى چوڭ سودا بازارلىرى بار ئىدى.

قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم سودا مەركىزى ھېسابلىناتتى. قەشقەر روسىيە، ئافغانىستان، ھىندىستان بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، بۇ ئەللەر بىلەنمۇ قويۇق سودا ئالاقىسى قىلاتتى. لىن جىڭنىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»دە يېزىشىچە، ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ «قاتناش يوللىرى ئاۋات، بازارلىرىدا ئادەم كۆپ» بولۇپ، سودىگەرلەر توپلىنىدىغان جاي ئىدى. ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ ئەڭ ئاۋات سودا بازارلىرى شىمالىي چوڭ كوچا، غەربىي چوڭ كوچا، ھېيتگاھنىڭ ئالدى، گەزمال بازىرى بولۇپ، ئەنگلىيە، روسىيە سودىگەرلىرى شىمالىي دەرۋازا ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانىدى. ۋۇشاۋلىننىڭ «شىنجاڭغا نەزەر»دە يېزىشىچە، ئەينى چاغدا ھۈسەيىنباي بىلەن ئۆمەر بايلار قەشقەر بويىچە ئەڭ باي سودىگەر ھېسابلانغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ سەرمايىسى 4 - 5 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ئۇلارنىڭ تيەنجىن ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار بىلەنمۇ ئالاقىسى

بار ئىدى. ئۆمەر باي روسىيە ماللىرىنى ۋە سىچۈەننىڭ تاۋار-دۇردۇنلىرىنى ئەكىلىپ سېتىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى جۈملىدىن يۇڭ-تېرە، پاختىلىرىنى چەتكە چىقىرىپ، نۇرغۇن پايدا ئالغان. ئۇ، قەشقەر كونىشەھەردە پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ، روسىيىلىك بىر تېخنىكنى يالالاپ ئىشلەتكەن، تۆت دانە چىگىت ئايرىش ماشىنىسىنى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگەن، ھەربىر ماشىنا كۈنىگە 12 مىڭ جىڭ چىگىت ئايرىغان.

قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم سودا شەھىرى ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان سودىگەرلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى چاي، تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق ماللارنى قۇمۇلغا ئەكىلىپ، قۇمۇلنىڭ يۇڭ-تېرە، قوغۇن قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرغان. 1916-يىلى قۇمۇلدىن سىرتقا چىقىرىلغان قوي يۇڭى 200 مىڭ جىڭغا يەتكەن. قۇمۇلنىڭ قوغۇن قېقى، دورا ماتېرىياللىرى، قىزىل قارىغاي ۋە ئالما، نەشپۈت، ياڭاق قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىلىپ، ئۇ جايلاردىن گۈرۈچ ۋە باشقا تاۋارلار ئېلىپ كېلىنگەن.

قۇمۇلغا قوشنا بولغان پىچان، تۇرپانلاردىن پاختا، ئۈزۈم كۆپ چىقىدۇ، بولارنىڭ كۆپ قىسمى تاۋار سۈپىتىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلغان. 1917-يىلى پىچاندىن 1 مىليون 600 مىڭ جىڭ پاختا، 1 مىليون جىڭ ئۈزۈم چىققان. شۇ چاغدا بىر خالتا (100 جىڭ) پاختىنىڭ باھاسى 20 نەچچە سەر كۈمۈش تەڭگە، 100 جىڭ ئۈزۈمنىڭ باھاسى 6 — 7 سەر كۈمۈش تەڭگە ئىدى. شۇ چاغدا پىچاننىڭ لەمجىن يېزىسىدا يۈزنەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بولۇپ، نەچچە ئون سودا دۇكىنى، تۆت دەڭ بار ئىدى. تۇرپان پىچاندىن چوڭراق بولۇپ، كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەرگە بۆلۈنگەنىدى. شيې بىن



«شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە، ئەينى چاغدا تۇرپاننىڭ «يىللىق سودا سوممىسى 2 مىليون يۈەندىن ئاشاتتى، ئېكسپورت سوممىسى ئىمپورت سوممىسىدىن 1 مىليون يۈەن ئارتۇق» دەپ يازغان.

ئىلى شىنجاڭنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ، شۇ چاغدا كورە (惠远城)، سۈيدۈڭ (绥定城)، غۇلجا، قورغاس، ئۆكۈر بارسۇق (广仁城)، چاخانۇسۇ (瞻德城)، تارچى (塔勒奇)①، باياندای (惠宁城)، قارابۇلاق (熙春城) تىن ئىبارەت توققۇز شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىلىدا خەنزۇ، رۇس سودىگەرلىرىدىن باشقا، خېلى باي ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئالايلۇق، ھۈسەينبايىنىڭ سەرمايىسى ئىككى مىليون يۈەندىن ئاشاتتى، ياقۇپبايىنىڭ سەرمايىسىمۇ 7 — 8 يۈز مىڭ يۈەنگە يېتەتتى. ھۈسەينباينىڭ سودا دۇكىنى ھەتتا گېرمانىيىنىڭ لېيپزىگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىگىمۇ قاتناشقان. مۇپتى ئاخۇن (شايىدى، خۇيزۇ) ئىلىدا قوي يۇڭى شىركىتى ئاچقان، يەنە خەسەن شەمىيۇ ئارقىلىق پولشادىن ئىككى ئاپتوبۇس سېتىۋېلىپ، كورەدىن غۇلجىغا يولۇۋچىلارنى توشۇش كەسپىنى يولغا قويغان. ئاپتوبۇسلار كۈنىگە 10 قېتىم قاتنىغان.

شۇ چاغدا ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان تۆت سودا يولى بار ئىدى.

چۆچەك شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ، سودىدا چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئاساسىي تاۋار ئىدى. چۆچەكتە روسىيە سودىگەرلىرى كۆپ بولۇپ، شەھەرنىڭ

① بەزى ماتېرىياللاردا ئۆكۈر بارسۇق «ئۇقۇر بورسۇق» دەپ، تارچى «تالچى» دەپ، چاخانۇسۇ «چاخانئۇسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

غەربىي شىمالىدا سودا چەمبىرىكى قۇرغان، سودا ئىشلىرىدا رۇبلىنى ئاساس قىلغانىدى. روسىيە سودىگەرلىرى چۆچەكتىكە گەزمال، تۆمۈر بۇيۇملار، چىنە - قاچا، قەنت، قەغەز قاتارلىقلارنى ئەكىلىپ، تېرە - يۇڭ، پاختا، قۇرۇق يەل - يېمىش قاتارلىقلارغا ئالماشتۇراتتى.

چۆچەكتە 1190 چاقىرىم كېلىدىغان ئالتاي شەھىرىدە 120 سودا دۇكىنى بار ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئىچىدە سادىراخۇن ① ئەڭ باي بولۇپ، ئەجنەبىيچە سېلىنغان ئېگىز، ھەشەمەتلىك دۇكىنى بار ئىدى. شىيې بىن «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە خارجىي ئىشلار» دېگەن كىتابىدا، شۇ چاغلاردا ئالتايغا بىر يىلدا كىركۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەنلىكىنى، باجنى 2% دەپ ھېسابلىغاندا، تاۋاردىن قىلىنغان باج كىرىمى 6-7 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغانلىقىنى يازغان.

ئاقسۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ، ئاقسۇدا ئەنگلىيە، روسىيە سودىگەرلىرىدىن 40 نەچچىسى بار ئىدى. ئاقسۇغا تەۋە ئۇچتۇرپاندا سودا بازارلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى شەرقتە ئاقسۇغا، غەربىي جەنۇبتا قەشقەرگە ئاپىرىلىپ سېتىلاتتى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودىگەرلىرىمۇ كېلىپ تۇراتتى، باينىڭ بازىرى پامۇل ئالدىدىكى كونا بازاردا ئىدى، كۇچادا سودا ئىشلىرى خېلى روناق تاپقان بولۇپ، كۇچانىڭ كۆپىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە، ئەنگلىيە ۋە روسىيىگە چىقىرىلاتتى، كۇچانىڭ قەلەمتۇرۇچىمۇ ناھايىتى نەپىس ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن

① تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق سوجىڭى چېن خۇيشېڭنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان، ماتېرىيال ئاساسى ئىشەنچلىك.



داڭ چىقارغانىدى.

خوتەن پامىرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان مۇھىم سودا مەركىزى. ئەينى چاغدا خوتەن شەھىرىنىڭ ئالدى كوچا، ئۇيغۇر شەھىرى ۋە غەربىي قوۋۇق قاتارلىق جايلىرىدا سودا-سېتىق روناق تاپقانىدى. خوتەننىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ھەر يىلى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ نۇرغۇن مال ئېلىپ كېلەتتى. شۇ چاغلاردا يىللىق سودا سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى. خوتەن گىلىمى ۋە شايى - ئەتلىسى داڭلىق بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىرىلاتتى. خوتەن، كېرىيەلەردىن سىرتقا چىقىرىلغان يۇڭ - تېرە، پاختا، شايى - ئەتلەس، كىگىز، گىلەم قاتارلىقلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. خوتەن كىگىزى ئاق ھەم چىڭ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئاسان يىرتىلمايتتى. خوتەندىن چىقىدىغان قاشتېشىمۇ باشقا جايلاردا ناھايىتى ئەتىۋارلىق بۇيۇم ھېسابلىناتتى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيىلىك سودىگەرلەر ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى كۆپ ئىدى، ئۇلاردىن باشقا گېرمانىيە، ئامېرىكا، ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە تۈركىيە سودىگەرلىرىمۇ بار ئىدى.

1914 - يىلى روسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 11 مىليون 56 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن، شىنجاڭدىن روسىيىگە چىقىرىلغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى: چارۋا 1 مىليون 697 مىڭ رۇبلىغا، قوي يۇڭى 6087 توننا، تېرە - يۇڭ 2475 توننا بولغان. 1915 - يىلى روسىيىنىڭ ئىقتىسادى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 5 مىليون رۇبلىغا ئازىيىپ كەتكەن. 1927 - يىلى ئەنگلىيە-

ھىندىستان (ئەينى چاغدا ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى)نىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 186 مىڭ 848 رۇبلى، شىنجاڭدىن ئەنگلىيە ـ ھىندىستانغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 814 مىڭ 565 رۇبلى بولغان. ئافغانىستاننىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 530 مىڭ 500 رۇبلىغا، شىنجاڭدىن ئافغانىستانغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 547 مىڭ 540 روبلىغا يەتكەن.

ئەينى چاغدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاساسەن ئۈچ سودا يولى بولغاندىن باشقا، يەنە سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىقمۇ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتنىغىلى بولاتتى. يەن زۇخۇەن «شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سودا ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە، 1924 ـ يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 300 مىڭ سەردىن كۆپرەككە، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 400 مىڭ سەردىن كۆپرەككە يەتكەنلىكىنى يازغان («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ سان، خەنزۇچە، 159 ـ بەت، قاراڭ). زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»دا ئېيتىلىشىچە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن تاۋارلار ئىچىدە تاۋار ـ دۇردۇن، يۇڭ توقۇلما، رەخت، چاي، تاماكا، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، چىنە ـ قاچا، قەلەم ـ سىياھ، مېتال ئەسۋاب، شېكەر، زىننەت ـ گىرىم بۇيۇملىرى؛ شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان ماللار ئىچىدە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئات قۇيرۇقى، ئالقات، سوغىنگول،



توشقان مەدىكى، كېپەك ئالتۇن، تۆگە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى. ھەر خىل قۇرۇق يەل ـ يېمىش بار ئىكەن. ئەينى چاغلاردا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودا ئىشلىرىدا تۆگە كارۋىنى بىلەن ئات ھارۋىسى ئاساسىي توشۇش قورالى بولغان.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجى ھەر قايسى جايلاردا تولىمۇ تەكشىسىز، تاۋارلارنىڭ تۈرىمۇ كەمچىل ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن جاڭيۇ ئەكەلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابىنىڭ 207 ـ بېتىدە، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە تۈرلۈك ناملار بىلەن ئېلىنىدىغان باجلار ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئاساسىي باجلاردىن باشقا، يەنە قەغەز بېجى، يۆتكىلىش بېجى، سودا بېجى، ھاراق ـ تاماكا بېجى، پەيجو بېجى، ئىسپات بېجى، ماركا بېجى قاتارلىق باجلار بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

قىسقىسى، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ روناق تاپالمىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىك، ئىقتىدارسىزلىقى، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئاساسىنىڭ ئاجىز، مال مەنبەسىنىڭ كەملىكى، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ قالاق، قولايسىزلىقى، تەلەپ بىلەن تەمىنلەشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەب بولغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە، 3 ـ قىسىم،

② بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىلى 11 - سان.
④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1 - قىسىم، 294 - 347 - بەتلەر.
⑤ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە 1 - سان.
⑥ زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى ئىدارە قىلىش تارىخى»

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# قەشقەر خەلقىنىڭ 1938 - يىلى ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قىلغان بىر قېتىملىق ئىئانىسى

**شېرىپ خۇشتار**

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى 1936 - يىلى سۈييۈەن ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن باشلاپ 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرغىچە يىلمۇ يىل ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلدى.

1938 - يىلى 1 - ئايدا، سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئەزاسى ۋاڭ شۇ چىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغانىدى. ئۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى خۇاڭ مىنخۇ (خۇاڭ خۇچىڭ) رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، جاي - جايلاردا «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات 1938 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەردىمۇ تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوتقۇ-زۇش ئۇچۇن ئىئانە توپلىشىنى ئاساس قىلغان بۇ ھەيئەت كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بېرىش بىلەن پۈتۈن قەشقەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈردى. نەتىجىدە، ھەر ساھە خەلقى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچى - ئوفىتسېرلەرگە ياردەم بېرىشىنىڭ زوررۇرلۇكىنى چۈشەندى.

بۇ ھەرىكەتكە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ھەرقايسى ئىدارە-جەمئىيەت، جامائەت تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەر قاتناشتى. ئارىدىن 52 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، سانلىق ئارخىپ ماتېرىيالىغا ئاساسەن، پەقەت قەشقەر شەھىرىدىكىلا ئىدارە - جەمئىيەت، جامائەت تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرنى ئورۇن، ئىسمى، ئىئانە قىلغان پۇل سانى بىلەن تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

**ئىئانە قىلغان ئىدارە، جەمئىيەت ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى**

| № | ئورۇن | قەشقەر پۇلى (سەر) | № | ئورۇن | قەشقەر پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قەشقەر ۋالى مەھكىمىسى | 26.600 | 12 | غەيرەت شىركىتى | 50.000 |
| 2 | ھاكىم ئىدارىسى | 50.000 | 13 | ئۈمىد شىركىتى نامىدىن ئابدۇقىيۇم ھاجىم | 15.100 |



| № | ئورۇن | قەشقەر پۇلى (سەر) | № | ئورۇن | قەشقەر پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 3 | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى | 24.150 | 14 | ترانسپورت شىركىتى نامىدىن يۈسۈپ قارى ھاجىم | 80.000 |
| 4 | سەھىيە ئىدارىسى | 24.000 | 15 | تۆمۈرچىلەر شىركىتى نامىدىن ئابدۇقادىر ئاخۇن | 30.000 |
| 5 | ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما | 89.480 | 16 | ياشلار شىركىتى نامىدىن ئابدۇراخمان ھاجىم | 10.000 |
| 6 | ۋىلايەتلىك قىرغىز ئۇيۇشما | 94.000 | 17 | كۆنچىلەر شىركىتى نامىدىن ئوبۇل قارى | 10.000 |
| 7 | بەشكېرەم شۆبە ئۇيۇشما | 20.000 | 18 | غۇلجا شىركىتى نامىدىن مەھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم | 10.000 |
| 8 | سوللۇغ شۆبە ئۇيۇشما | 2.650 | 19 | ئاتچىلار شىركىتى نامىدىن ئابدۇراخمان ئاخۇن | 50 000 |
| 9 | نەشرىيات | پۇل 33.600 كۈمۈش 4 سە | 20 | ئىتتىپاق شىركىتى نامىدىن ھىدايىتىللا ھاجىم | 10.000 |
| 10 | ئىتتىپاق شىركىتى نامىدىن مەھەممەت ئىمىن ئاخۇن | 10.000 | 21 | ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى | 65.000 |
| 11 | ئازاد شىركىتى نامىدىن سىدىق ئاخۇن | 75.000 | 22 | پوچتىخانا | 16.600 |

| № | | | № | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 23 | ۋىلايەتلىك مۇسادىرە ھەيئىتى | 84.000 | 25 | سودىگەرلەر بىر- لەشمىسى | 66.000 |
| 24 | بەگلىك مەھكىمە ئىدارىسى | 14.040 | 26 | ھەر خىل كەسىپتە- كىلەر | 42.109 |

## ئىئانە قىلغان شەخسىلەر ۋە ئاۋام

1938 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 -، 26 -، 30 - كۈن- لىرى ۋە 8 - ئاينىڭ 9 -، 13 - كۈنلىرى تەرەققىيپەرۋەر زات مەتنىياز مەخسۇم (سودىگەرلەر بىرلەشمىسىنىڭ خۇيجاڭى) ۋىلايەتلىك سودا سانائەتچىلار بىرلەشمىسىدە، ياپون جاھان- گىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا تەشۋىقات ۋە قوزغى- تىش يىغىنلىرىنى ئاچىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى (باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئېلىپ بېرىلغان، لېكىن بۇ يەردە يالغۇزلا قەشقەر شەھەرىدىكى شەخسلەرنىلا كۆرسىتىمىز) سودا - سانائەتچىلەر، سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى خادىم- لىرى ۋە باشقا تىجارەتچىلەردىن 278 ئادەم ئۆزلۈكىدىن 1.054.210 سەر (قەشقەر پۇلى) ئىئانە قىلىدۇ.

ئەينى زاماندا، مەزكۇر پۇلنىڭ قىممىتى مۇنداق ئىدى: 160 سەر قەشقەر قەغەز پۇلىغا بىر سەر تەڭگە (كۆمۈش پۇل) كېلەتتى، بىر سەر تەڭگىگە 10 چارەك (بىر تاغار) بۇغداي (ھەر چارىكى چوڭ جىڭدا 16 جىڭ، ھازىرقى جىڭدا 20 جىڭ كېلىدۇ) ياكى 8— 10 كىلو ئەتراپىدا ماي چىقىدىغان يارامىلىق بىر قوي كېلەتتى.



## 1000 سەردىن ئارتۇق ئىئانە قىلغان شەخسىلەر

| № | ئىسىم فامىلىسى | ئىئانە قىلغان پۇلى (قەشقەر پۇلى) | № | ئىسىم فامىلىسى | ئىئانە قىلغان پۇلى (قەشقەر پۇلى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئەلاخان ئايىم (غۇلجىدىن كەلگەن مۇساپىر ئايال) | 10.000 | 14 | قاسىمجان مىرزىسالى | 5.000 |
| 2 | ھۆسەيىن ئاخۇن موپتى | 25.000 | 15 | ئەمەت ھاجىم ئاتۇش | 10.000 |
| 3 | سوپى بەگ ھاجى | 10.000 | 16 | خالىق نەزەر، روزى ئاخۇن | 2.000 |
| 4 | ئەمەتخان مەخسۇم | 20.000 | 17 | ئىمىن ئاخۇن ئاتۇش | 15.000 |
| 5 | قادىر ئاخۇن شاپتۇل | 30.000 | 18 | مەھمۇدخان | 2.000 |
| 6 | ئابدۇراخمان ئۇچەيچى | 30.000 | 19 | ئىسمائىل ئاخۇن ئابدۇراخمان ئوغلى | 5.000 |
| 7 | يوسۇپ قارى ھاجىم | 10.000 | 20 | تۇردۇش ئاخۇن | 10.000 |
| 8 | مەھەممەتخان خانئىرىق | 25.000 | 21 | شاكىرجان | 10.000 |
| 9 | تىلىۋالدى موللام | 20.000 | 22 | ياقۇبجان | 5.000 |
| 10 | ئىسمايىلجان (مۇئاۋىن دىرېكتور) | 15.000 | 23 | باقى ئاخۇن (ئىسمائىل ئاخۇنغا ۋاكالىتەن) | 3.000 |
| 11 | قاسىمجان تالىپ | 5.000 | 24 | نۇراخۇن لوزۇك | 3.000 |
| 12 | ھامۇت ئاخۇن تاھىر | 4.000 | 25 | زۇنۇن ھاجىم يارباغ | 5.000 |
| 13 | ئالىمجان مىرزا ئۆمەرجان | 5.000 | 26 | ئابابەكرى ئاخۇن | 2.000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 27 | ئابدۇراخمان ۋاپۇرۇچ | 2.000 | 41 | مۆمىن قارى | 1.000 |
| 28 | ھمت ئاخۇن | 1.000 | 42 | ئابدۇللا خەلپىتىم | 1.000 |
| 29 | ئىزىز ئاخۇن | 2.000 | 43 | مەتنىياز مەخسۇم خۇيجاك | 20.000 |
| 30 | سابىت ئاخۇن يڭسار | 3.000 | 44 | ئىسرائىلجان شاگىزۇك | 5.000 |
| 31 | تىيشە باي | 3.000 | 45 | ئابلىز ئىبرايىم (ئاۋاتلىق) | 7.000 |
| 32 | ئابلىزجان | 2.000 | 46 | ھۆسەينخان ھاجىم | 5.000 |
| 33 | ئوبۇلخەيرى ئاخۇن | 1.000 | 47 | ئابدۇرىھىم ئاخۇن (كىنو شىركىتىدىن) | 5.000 |
| 34 | ئابدىرىيىم ھاجىم قەنتچى | 2.000 | 48 | ئوبۇلقارى (كۆنچى شىركىتىدىن) | 5.000 |
| 35 | ھېكىم ھاجىم | 1.000 | 49 | بۇرخان مەخسۇم | 5.000 |
| 36 | مەھمۇت ئاخۇن | 1.000 | 50 | ھاجىئاخۇن خەلپىتىم | 3.000 |
| 37 | يەھياجان | 2.000 | 51 | ھاشىمجان قارى | 5.000 |
| 38 | جالالىدىن قارى | 2.000 | 52 | كامىلجان ئىبرايىم | 2.000 |
| 39 | تۆلەندى ئاخۇن | 1.000 | 53 | ئىسمائىل ھاجىم خانئېرىق | 2.000 |
| 40 | مىرقاسىمجان | 1.000 | 54 | مەھەممەت ئېلى ھاجىم ئاتۇش | 2.000 |





| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 55 | ئىمىنجان مەھەممەت ھاجى | 2.000 | 69 | سالىم ئاخۇن سىلىم ھاجىم | 1.000 |
| 56 | ھېمىت ئاخۇن مۇساق | 2.000 | 70 | رەھمۇتۇللا كېرىمۇۋ | 5.000 |
| 57 | ئەمەت ئاخۇن بەشكېرەم | 2.000 | 71 | ئىبراھىم جان مەھەممەتجان ھاجىم | 1.000 |
| 58 | سىدىق قارى | 1.000 | 72 | نەمەت ئاخۇن | 1.000 |
| 59 | قاسىمھاجى گىلەمچى | 1.000 | 73 | ئەلىيار خوجى | 5.000 |
| 60 | رىشاتخان | 1.000 | 74 | ئەمەت مەخسۇم موللا ئەيسا خەلپىتىم | 2 000 |
| 61 | دادىخان يۇسۇپ ھاجى | 1.000 | 75 | ئەمەت ئاخۇن باقى ھاجىم | 1.000 |
| 62 | شىرىپ بەگ | 1.000 | 76 | ئەيسا خەلپىتىم سىدىق ساقال | 1.000 |
| 63 | ئابدۇللا ئاخۇن | 1.000 | 77 | نىياز ئاخۇن قىيىق | 2.000 |
| 64 | ئەمەت ئىمام موللا | 1.000 | 78 | سابىت ئاخۇن دەلىخان بايۇۋ | 1.000 |
| 65 | ئىسمائىل ئاخۇن موللاھاجى | 3.000 | 79 | ۋارىس ئاخۇن | 1.000 |
| 66 | ئالىم نەزەرجان | 1.000 | 80 | ياقۇپ ئاخۇن ئوسمان | 1.000 |
| 67 | ئىمىن ھاجى قىزى ئامىنەخان | 10.000 | 81 | نۇراخۇن نۇرالىدىن | 3.000 |
| 68 | موپتى ئاخۇنۇم قىزى ئامىنەخان | 10.000 | 82 | نىياز ئاخۇن قاسىم ئاخۇن | 1.000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 83 | تۇرسۇن ھاجىم ھەسەيىن باي ھاجىم ئوغلى | 1.000 | 97 | نەسىردىن مەخسۇم | 1.500 |
| 84 | مۆمىن ئاخۇن ئىمىن ئوغلى | 1.000 | 98 | روزى چان پالتاجىم | 1.000 |
| 85 | مەھەممەت ئېلى ئاخۇن | 1.000 | 99 | مەھمۇت ساماساق | 1.000 |
| 86 | نۇر ئاخۇن ياقۇپ ئاخۇن | 2.000 | 100 | ناسىر ئاخۇن توختى | 5.000 |
| 87 | ئابدىرېيىم مەترېيىم مەخسۇم | 5.000 | 101 | ئابدۇخېلىل ھاجىم | 4.000 |
| 88 | ئەبەيخان مەخسۇم | 2.000 | 102 | ئالىمجان ئابدۇسېيىت | 3.000 |
| 89 | غىياسىدىن ھاجى | 2.000 | 103 | موللاباي داد ئەھمەت | 5.000 |
| 90 | ئۆمەر ئاخۇن ئېلاخۇن | 1.000 | 104 | ئارتۇقجان مۆمىنجان | 2.000 |
| 91 | ئىسمائىل ئاخۇن خاتىپ | 1.500 | 105 | ئىمىن ھاجىم سابىت | 1.500 |
| 92 | مەھەممەت ئىمىن يۈسۈپ ھاجىم | 20.000 | 106 | تۇراپ قارى | 1.000 |
| 93 | مەھەممەتخان قاسىم ھاجىم | 2.000 | 107 | ئابدۇرېيىم ھاجىم مەھەممەت ئېلى | 1.000 |
| 94 | ھەسەن ئاخۇن سادىق | 1.000 | 108 | مەھەممەت ئېلى خوجا ئىشان | 1.000 |
| 95 | ئابلا ئاخۇن تۇماقچى | 10.000 | 109 | مەھەممەت ئېلى نەسرىنوۋ | 1.000 |
| 96 | ئابلا ئاخۇن قىزى مەرىپەتخان | 1.000 | 110 | موللا مەھمۇت سالى ھاجىم | 1.000 |





| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 111 | ئىسمائىلجان جۇلخوچى ئوغلى | 1.000 | 125 | قۇتبىددىن خوجا | 1.000 |
| 112 | مەھەممەت ئېلى قارى | 2.000 | 126 | ئۆمەر ئاخۇن قارا | 1.000 |
| 113 | مەھەممەت ھاجىم، توراقول | 1.000 | 127 | ئىمىن ھاجىم كوماك | 1.000 |
| 114 | ئىسمائىلجان ئەھمەت ئېلى | 1.000 | 128 | مەھەممەتخان ئاتۇش | 5.000 |
| 115 | ئابدۇللا ئېلى ھاجىم | 2.000 | 129 | ئىمىن ھاجىم | 1.000 |
| 116 | ئابدۇللا يۈسۈپ ھاجىم | 1.000 | 130 | ئابدىرېيىم ھاجىم چوڭ ھاجى | 1.000 |
| 117 | پالتاخۇن ئېلى ھاجىم | 1.000 | 131 | ئوسمان ھاجىم ئابدۇللا ئوغلى | 1.000 |
| 118 | سابىرجان ئاخۇنجان | 1.000 | 132 | ئابدىراخمان ئۇچەيچىنىڭ 16 نەپەر ئىشچىسى | 3.200 |
| 119 | ئىسمائىلجان ئائىلىسى | 1.750 | 133 | ئۇچەيچى داۋۇت ئاخۇن | 1.000 |
| 120 | رەھمەتجان ھەسەن | 1.000 | 134 | قادىر ئاخۇن | 1.000 |
| 121 | يۈنۈس ئىبراھىم | 1.500 | 135 | روزى ئاخۇن پالتاچى | 2.000 |
| 122 | مەھەممەت رېيىم ھاجىم | 1.000 | 136 | مەھەممەت ھاجىم ئۇچەيچى | 1.000 |
| 123 | ئەمەت ھاجىم | 1.000 | 137 | ئىمىن ھاجىم ئابدۇللا | 1.000 |
| 124 | ئابدۇللا ئاخۇن | 1.000 | 138 | مەھەممەت نىياز ئاخۇن | 2.000 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 139 | ئابدۇراخمان ئاخۇن رىيىم ئوغلى | 2.000 | 148 | ئىسمائىل ئاخۇن دۆلەت ھاجىم | 1.000 |
| 140 | ئەمەت بەگ ئابدۇراخمان | 2.000 | 149 | ئابدۇللا نۇردۇن | 1.500 |
| 141 | ئابلىز ئوسمان ھاجىم | 1.000 | 150 | ئابدىرىيىم ھاجىم ئابدۇلغىياس | 1.000 |
| 142 | تاھىر ئاخۇن ئەمەت ئوغلى | 1.000 | 151 | ئەمەت ئاخۇن قارىم | 1.500 |
| 143 | بورھانىدىن ئاخۇن | 1.000 | 152 | ئىبرايىم سال ھاجىم | 1.000 |
| 144 | مەھەممەت ئىمىن ئاخۇن | 1.000 | 153 | ئابدۇرۇسۇل ئاتا ھاجىم | 1.000 |
| 145 | قاسىمجان مىرزا | 1.000 | 154 | ئابدۇل سەمەت نۇردىن | 1.000 |
| 146 | ئابدۇسەمەت ئاخۇن | 1.000 | 155 | ئاقچى ھاجى قادىر ئوغلى | 1.000 |
| 147 | ئابدۇللا ئاخۇن كىرەم | 1.000 | | | |

كىنو ـ تىياتىر قويۇش بىلەن مەبلەغ توپلاپ ئىئانە قىلىش 1934 - يىلى 8 - ئايدا، قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ قارمىقىدا سانائى نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئورنى يۇمىلاق شەھەر كۆل بېشى — باغچا كوچىسىغا تەۋە بىر باغلىق ھويلىدا بولۇپ، بۇ يەرنى دەسلەپ مىللەتلەر باغ-



چىسى دەپ ئاتايدۇ. بۇ باغدا ھەر كۈنى ئاخشىمى كۆڭۈل ئېچىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. باغ ئالاھىدە زىننەتلەنگەن بولۇپ، دەسلەپ مۇزىكىلىق ساماۋەر (چايخانا) بولىدۇ، كېيىن مىللىي رېستوران ھەم تىياتىرخانىغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە، بۇ يەردە ھەر خىل كونسېرت، ئاياغ ئويۇنى (ئۇسسۇل)، ناخشا ـ مۇزىكا، قىزىقچىلىق، دوراش، لەتىپە سۆزلەش، ئىلغارلىق ۋە تەربىيىۋى رولى بار ھېكايە سۆزلەش قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرى ئوينىلىدۇ. مۇشۇنداق كۈنلەردە، تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل پۇراقلىق چاي، قەھۋە، پىستە ـ بادام، ھەر خىل شېرىن مېغىز، ئۈزۈم، قەنت، ناۋات، شاكىلات، نوقۇت ئارىلاشتۇرغان بىجاق نېنى، شىرمان گىردە، قاتلىما، سامسا، پەرمۇدا، كاۋاپ، كاتلېت، شورپا ـ قورداق، سوغۇق ئىچىملىك ئۈچۈن جولاپ، دوغ ۋە سوغۇقلاشتۇرۇلغان مېۋە شىرنىسى قاتارلىقلار تەييارلىنىدۇ. 1940 - يىلى قەشقەر ھېيتكار ئۇيغۇر كۇلۇبى يۈتكىچە بۇ باغدا ئەنە شۇنداق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1938 يىلى بۇ تىياتىرخانا (مىللەتلەر باغچىسى) بىلەن 1931 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ قورۇلغان خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى قەشقەر كىنو تەرەققىيات شىركىتى (بۇ شىركەت ۋە كۇلۇبنىڭ ئورنى قەشقەر يارباغ دەرۋازا تېشىدا ئىدى) كۆپ قېتىم كىنو، تىياتىر كۆرسەتتىدۇ. ئۇلار كىنو ـ تىياتىر كۆرسىتىش جەريانىدا، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئىئانە توپلاشنىلا نۇقتا قىلىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. تەشۋىقات ئۈستىدە ئاممىغا چاي زىياپىتى بېرىدۇ. ساتىدىغان بىلەتنىڭ باھا چېكى بولمايدۇ، بەلكى باھانى بىلەت ئالغۇچى ئۆزى قويىدۇ. بىلەت ئالغۇچى، بىر بىلەتنى 1.000 سەرگە سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ، بىر سەرگە سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق

ئۇسۇل ئارقىلىق كۆپ قېتىم قويۇلغان ئويۇندا نۇرغۇنلىغان ئىئانە بېلىتى سېتىلىدۇ.

بېلەت سېتىش ھەققىدە، مۇنداق بىر ھۆججەتنى ئۇچراتتۇق: قەشقەر سودىگەرلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر خادىمى تىياتىرخانىدىن بىر قېتىم 586 تىياتىر بېلىتىنى 79.160 سەر قەشقەر پۇلىغا سېتىپ بېرىشكە ئېلىپ كەتكەن. (ئۇنىڭ ھۆججىتى ساقلانغان). بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىر قېتىملىق تىياتىردىن 79.160 سەر ئىئانە توپلانسا، كۆپ قېتىملىق تىياتىردىن توپلانغان ئىئانە پۇل سانىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولمىسا كېرەك.

شىنجاڭ خەلقى ياپونغا قارشى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش جەريانىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە ئۈلگە بولارلىق ھالدا ياردەم بەرگەنىدى. ئۇنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۇنتۇلمايدۇ، تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر ئىئانىگە قاتناشقان، ئىسمى ئاتالغان ئەر - ئاياللاردىن ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرمۇ بار، بەزىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى بار، شۇنداقلا ئىئانە توپلاش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر تېخى ھايات. بىزنىڭ بۇلارنى تىلغا ئېلىشىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈلگىسى بولغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش روھىغا يەنە بىر قېتىم تەشەككۇر ۋە ئاپىرىن ئېيتىشتىن ئىبارەت.

① بۇ ماتېرىيالدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ 09—114، 08 — 113 نومۇرلۇق ئارخىپىدىن (1988 - يىلى) ئېلىندى.

② قەشقەردىكى ئويۇشما خادىملىرى ۋە ئىئانە قىلغۇچىلاردىن ئاغزاكى ماتېرىيال ئېلىندى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار توغرىسىدا ئەسلىمىلەر

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە ئازادلىقتىن (1949 - يىل 9 - ئايدىن) ئىلگىرىمۇ تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەجىملىرى ۋە نەشر قىلىنىش شارائىتلىرىمۇ ھەر خىل بولغان، بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى تۆۋەندە ۋىلايەتلەر بويىچە بايان قىلىمىز.

## تارباغاتاي ۋىلايىتىدە

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى چۆچەكتە 1930 - يىلىدىن باشلاپ «بىزنىڭ تاۋۇش» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىتنى مەرىپەتپەرۋەر نىياز ساقى نەشر قىلغان. بۇ گېزىت دەسلەپ ئىككى بەتلىك، كېيىن تۆت كەسلەم تۆت بەتلىك (ھازىرقى شىنجاڭ گېزىتىدەك) قىلىپ نەشر قىلىنغان. ئۇ چاغلاردا چۆچەكتە مەخسۇس

باسمىخانا بولمىغاچقا، 1910 - يىلى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى بېسىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. تارباغاتاي كۆپ مىللەتلىك رايون بولغاچقا، بۇ گېزىت تارباغاتاي ۋىلايىتىدە (جۈملىدىن چۆچەكتە) ياشاۋاتقان ھەممە مۇسۇلمان مىللەتلەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ئورتاق تىلدا چىقىرىلغان. 1937 - يىلى نىياز ساقىنى جاللات شېڭ شىسەي تۈرمىگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

1937 - يىلدىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ چۆچەك بېتى نەشر قىلىندى. بۇمۇ چوڭ بەتلىك ئىدى. بۇ گېزىت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىناتتى. ئۇيغۇرچىسىغا پۈزەيلى مەخسۇم باشلىق، سېيپىدىن ئەزىزى مەسئۇل مۇھەررىر ئىدى؛ خەنزۇچىسىغا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خېي يۈجۇن قوشۇمچە باشلىق ئىدى (شۇ چاغدا مەرھۇم يىي باۋدې يەنى مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى). شېڭ شىسەي خېي يۈجۇننى قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭ خېلىگىنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ كۆپىنچە خەۋەر - ماقالىلىرى خەنزۇچە گېزىتتىن تەرجىمە قىلىندىغان بولغاچقا، بۇ گېزىتكە ئابدۇللا زاكىروپ، كەيىيك، ئارىپ بۇرناشۇۋلار تەرجىمانلىق قىلاتتى. كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ موڭغۇلچە بېتىمۇ نەشر قىلىندى، بۇنىڭغا داششاپ مەسئۇل بولدى. ئەمما بۇ گېزىت كۈندە ئەمەس، ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىندى، شاپىگرافتا بېسىلدى. چۆچەكتە 1937 - يىللاردىن كېيىن «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق



ژۇرنالمۇ نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنال مۇددەتسىز بولۇپ، ھەجمى خېلى قېلىن ئىدى. 1944 - يىلى نەشردىن توختاپ قالدى.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چۆچەكتە «خەلق ئاۋازى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتمۇ تۆت كەسلەم تۆت بەتلىك (چوڭ تۆت بەتلىك) قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىت تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. بۇ گېزىتكە ئابدۇقادىر زۇنۇن مەسئۇل قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ چۆچەك شۆبىسى «ئىنقىلابچىل ياشلار» ناملىق سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك (كىچىك تۆت بەتلىك) گېزىت نەشر قىلدى. بۇ گېزىتكە شۇ شۆبە تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت ھاجىيوپ مەسئۇل بولدى (ئابلىمىت ھاجىيوپ شۇ چاغدا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى). چۆچەكتە رۇس ياشلىرى كۆپ بولغاچقا، بۇ گېزىتنىڭ بىر بېتى رۇس يېزىقىدا چىقىرىلاتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتە «خىپ» (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى) قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق ئاۋازى» گېزىتى «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلدى. 16 فورمات چوڭلۇقتىكى بۇ ژۇرنال چۆچەكتە نەشر قىلىنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۈملىدىن «خىپ» نىڭ سىياسەت - فاكچېنلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. بۇ ژۇرنال 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نەشر قىلىندى. 1948 - يىلى

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلى نەشردىن توختىتىلىپ، «خەلقچى» گېزىتى نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتكە يەنىلا ئابدۇقادىر زۇنۇن مەسئۇل بولدى. تۆت كەسلەم تۆت بەتلىك بۇ گېزىتنىڭ بىر بېتى مەخسۇس چارۋىچىلىق بېتى بولۇپ نەشر قىلىناتتى، قالغان ئۈچ بېتىگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۈملىدىن چۆچەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە سىياسىي ئەھۋاللار توغرىسىدىكى خەۋەر - ماقالىلەر بېسىلاتتى. بۇ گېزىتمۇ ئوتتۇرا تىلدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خىپ» شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

«ئىتتىپاق» نىڭ مەركىزىي كومىتېتى 1950 - يىلى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر گېزىت نەشردىن توختىتىلدى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: **ئابلىمىت ھاجىيوپ**

## ئىلى ۋىلايىتىدە

تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، 1910 - يىلى ئىلىنىڭ كۈرە دېگەن يېرىدە «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» نامىلىق سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گېزىت بولۇشى مۇمكىن. بۇ گېزىتنى شۇ چاغدىكى «تۇڭمېڭخۇي»*

* «تۇڭمېڭخۇي» — «ئىتتىپاقچىلار جەمئىيىتى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تولۇق ئىسمى «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئىتتىپاقچىلىرى جەمئىيىتى»: 1905 - يىلى توكيودا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشلىق جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان (ماتېرىياللاردىن).



ئەزالىرىدىن فېڭ تېمىن باشلىق بىرقانچە كىشى تەسىس قىلغان ۋە شۇلار ئۆزى مۇھەررىرلىك قىلىپ چىقارغان. ئۇلار شۇ زاماننىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىدىكى كىشىلەردىن بولغاچقا، خەلق ئاممىسىغا دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش، ئاۋام خەلقتە مانچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى پىكىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن، بۇ گېزىتنى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل يېزىقلىرىدىمۇ نەشر قىلغان؛ خەنزۇ تىلىدىكىسى مىخ مەتبەئەدە، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل يېزىقتىكىلىرى شاپىگرافتا بېسىلغان.

«ئىلى بەيخۇا گېزىتى» شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىلغاندىن باشقا، كۈرە ۋە غۇلجا كوچىلىرىغىمۇ چاپلانغان، ھەتتا بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگىمۇ ئەۋەتىلگەن. 1911 - يىلغا كەلگەندە، مۇستەبىت ئىلى جياڭجۈنى جىزرۇي خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى چەكلەش، جامائەت پىكرىنى ئىزگىنلەش ئۈچۈن، بۇ گېزىتنى توختىتىۋەتكەن (ماتېرىياللاردىن).

1934 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نامىلىق گېزىت تەسىس قىلىنغان. ھەجمى تۆت كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقىدا ئىدى. بۇ گېزىتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيىسىدىن ئەۋەتىلگەن «تارۇتايېسكى» نامىلىق ھەربىي قىسىم تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىناتتى. بۇ گېزىتنى باسىدىغان مىخ مەتبەئە، گېزىتنىڭ باشلىق ۋە مۇھەررىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن. مەسئۇل مۇھەررىرلىرى خەبىب يۇنۇچى،

ئەنۋەر ناسىرى قاتارلىقلار ئىدى. 1936 - يىلىغا كەلگەندە بۇ گېزىتنىڭ قازاق تىلىدىكىسى توختاپ قېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكىسى داۋاملىق نەشر قىلىندى. 1939 - يىلىغا كەلگەندە قازاق تىلىدىكىسى ئەسلىگە كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بىلەن بىللە 1944 - يىلىغىچە نەشر قىلىندى.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇمۇ تۆت بەت چوڭلۇقتا ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئېلان قىلغان بەلگىلىمە بويىچە، بۇ گېزىت ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە، رۇسچە، موڭغۇلچە، شىبەچە ئالتە خىل تىلدا نەشر قىلىندى؛ خەبىر يۈنۈچى گېزىتخانا باشلىقى، ئەلى ئەپەندى باش مۇھەررىر (باش تەپتىش) قىلىپ تەيىنلەندى (ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەسلى خىزمەت ئورنى ج خ ئىدارىسىدە ئىدى)؛ ئۇيغۇرچە گېزىتكە بوساقوۋ، قازاقچە گېزىتكە بۇقارا تىشقانبايېۋ، خەنزۇچە گېزىتكە بىر خەنزۇ كىشى، رۇسچە گېزىتكە بىر رۇس ئايال، موڭغۇلچە گېزىتكە داششاپ، شىبەچە گېزىتكە دېلىن مەسئۇل قىلىندى. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى: بوساقوۋ، م. نورۇز، خەمىت توخپى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، زۇنۇن قادىر، تۇرەخمەت، ئابدۇرىشىت ئىمىنلەر ئىدى (قالغان گېزىتلەرنىڭ مۇھەررىرلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ)؛ كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى مۇھەررىر بولۇپ كەلدى. خەبىر يۈنۈچى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، گېزىتخانىغا ئەسئەت ئىسھاقوۋ باشلىق بولدى، بىتىم مەزگىلىدە ئۇيغۇر سايرانىي باشلىق بولدى،



ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ھەربىي مۇخبىرى ئىدى.

1947 - يىلى گېزىتنىڭ نامى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»غا ئۆزگەرتىلدى، باشلىقى ئەلقەم ئەختەم بولدى. 1948 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت بويىچە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، «ئىتتىپاق» نامىدىن «ئالغا» گېزىتى ۋە «ئىتتىپاق» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىندى. 1950 - يىلىغا كەلگەندە، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى نەشردىن توختىتىلىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە «يېڭى يول» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتكە دەسلەپ ياسىن خۇدابەردى، كېيىن ئەلقەم ئەختەم باشلىق بولدى (ياسىن خۇدابەردى غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن).

بۇ گېزىت 1951 - يىلى 7 - ئايغىچە نەشر قىلىنىپ، 7 - ئايدىن كېيىن «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ نەشر قىلىندى (ھازىرقى «شىنجاڭ گېزىتى» چوڭلۇقىدا). «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئۈچ ۋىلايەت بويىچە كومپارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى ھېسابلىناتتى. بۇ گېزىتكە رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يۈڭخې باشلىق، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلقەم ئەختەم مۇئاۋىن باشلىق بولدى. باش مۇھەررىرى دەسلەپ بوساقوۋ، كېيىن مەننان قەييۇم بولدى. مۇھەررىرلىرى مەھەممەت سىدىق نورۇز، ئابلەي روزى، ئابلىز نازىرى، خەمىت توخپى، مۇختەر قاللار ئىدى.

1952 - يىلى «ئالغا» گېزىتى بىلەن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا

ئابلىز شەرىپى باشلىق بولدى؛ ئابلىز شەرىپى رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلقەم ئەختەم باشلىق بولدى؛ ئەلقەم ئەختەم غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى باشلىقلىقنى قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرى ئىبراھىم تۇردى، مۇھەررىرلىرى مىجىت ئەپەندى، ئىسمايىل، تۇرسۇن ۋاھىدى، بوساقوۋ، زۇنۇن قادىر قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

1953 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، بۇ گېزىت - ژۇرنالمۇ ئەمەلدىن قالدى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئەلقەم ئەختەم

## ئالتاي ۋىلايىتىدە

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئالتاي شەھىرىدە 1935 - يىلدىن باشلاپ «ئالتاي» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك بولۇپ، مىخ مەتبەئەدە بېسىلاتتى. شەرىپقان ئالتايدا ۋالىي بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، بۇ مىخ مەتبەئە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زەيسەن دېگەن يېرىدىن سېتىۋېلىنغان (ئۇلار لاتىن يېزىقىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىدىكى بۇ مەتبەئە بىكار بولۇپ قالغان). گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ۋە باش مۇھەررىرلىرى ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى مۇقاش جەكە بىلەن جۇ چۇڭخۇي، مۇھەررىرلىرى ئەسقەر تاتانايىۋ، غالىم قاتارلىقلار ئىدى. دەرسلىك ۋە باشقا كىتابلارمۇ مۇشۇ مەتبەئەدە بېسىلاتتى.



1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئالتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ ئىسمى «ئىركىن ئالتاي» («ئەركىن ئالتاي») غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىت 1949 - يىلغىچە نەشر قىلىنىپ، 1949 - يىلدىن كېيىن (پۈتۈن شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن) ھازىرقى «ئالتاي گېزىتى» نەشر قىلىندى.

ئالتايدا 1936 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە يەنە «جاڭى ئالتاي» («يېڭى ئالتاي») ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇللىرى شەرىپقان، مۇقاش جەكە ۋە باشقىلار ئىدى. 1938 - يىللىرى مۇشۇ ژۇرنالنىڭ بىرقانچە سانىغا ماۋزېدۇڭنىڭ «تىرە شۇۋسوقۇسى» («ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش») ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر قىسمى تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان.

سۆزلەپ بەرگۈچى: نىغمەت مىڭجانى

## ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە

ئۈرۈمچى ئازادلىقتىن ئىلگىرىمۇ شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولۇش بىلەن بىللە، سانجى، جىمسار، پۇكاڭ، مىچۈەن، توقسۇن، تۇرپان، پىچان قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىلايەت ھېسابلىناتتى؛ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىمۇ ئۈرۈمچى ئىدى. دېمەك، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆلكىنىڭ ھەم ۋىلايەتنىڭ مەركىزى تۇرۇشلۇق مۇھىم شەھەر ئىدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دىن باشقا، «ئەرك»، «يالقۇن»، «يۇرت»، «ئويغان»، «ھەقىقەت» نام

لىدىق گېزىتلەر نەشىر قىلىنغان. «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئەرك»، «يالقۇن»، «يۇرت» گېزىتلىرى توغرىسىدا مۇشۇ مەجمۇئەنىڭ 23 - ۋە 26 - سانلىرىدا بىرقەدەر تەپسىلىي ئەسلىمىلەر بېسىلدى. ئەمدى تۆۋەندە «ئويغان»، «ھەقىقەت» گېزىتلىرى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى بايان قىلىمىز.

«ئويغان» گېزىتى 1946 - يىل 9 - ئايدىن (11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» تۈزۈلگەندىن كېيىن) 1947 - يىل ئەتىيازغىچە («تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلغانغا قەدەر) ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلار تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان. ھەجمى سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقىدا ئىدى، مىخ مەتبەئەدە بېسىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ باشلىقلىرى ئابلەت مەخسۇم، پولات ئالىمى؛ مۇھەررىرلىرى يۇسۇپ سەئىدى، شۈكۈر يالقىن، تۇرسۇن بۇرھانلار ئىدى. بۇ گېزىت «11 بىتىم» نى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

«ئويغان» گېزىتىنىڭ تۇنجى سانىغا شۈكۈر يالقىننىڭ «ئويغانما» ناملىق شېئىرى بېسىلغان. بۇ شېئىر خەلقنىڭ ئويغىنىشىدىن قورقىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلار يۆلەپ تۇرغان فېئودال كۈچلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى زۇلۇم ئاستىدا، زۇلمەت ۋە غەپلەتتە تۇتۇپ كەلگەنلىكىگە تەنە قىلىپ يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا «ئويغانما» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.

شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:



## ئويغانما

(«ئويغان» گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانىغا بېغىشلايمەن)

ئەزىز خەلقىم كۆتۈرمە باش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر،
بېشىڭ يارسۇن ئېتىلغان تاش. ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر،
ساڭا بولسۇن جاھالەت ئاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر،
غەرەز ئۇقماس بولۇپ بەگباش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر،
ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ گەر يۈز ياش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

جاھان سىمدىن چىراغ ياقسا، ئويالما سەن زىغىر ياغ ياق،
جاھان كۆكتە ئۇچۇپ يۈرسە، ئېشەك ھەيدە يالىڭاياغ،
كىمىكى ئالدىسا ئالدان، ئىشەن كۆمۈر دېسە ئاپئاق،
يېسە ھالۋانى ھاكىملار، يېگىن سەنلا تاياق - توقماق،
كۆنۈك ئۆتسۇن شۇڭا ئوخشاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

ئۆلۈم - پەن، مەرىپەتتىن قاچ، بالادىن قاچقىنىڭدەك قاچ،
ئېشىكنى چىڭ ياپ ئىرپانغا، ئىشانغا دەرۋازاڭنى ئاچ،
مائارىپتىن بولاپ تاپقاننى ۋەخپە قىل، مازارغا چاچ،
غوجام بول، تۆرە بول ئەرلەر، ئايال بولساڭ بۇۋۇم - قۇشناچ،
جىمى پەسلىككە سەن ماسلاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

بولۇپ تۇرساڭمۇ بىر مىللەت ۋە بىرلام تەڭرىگە بەندە،
قېرىنداشلار سوقۇش - مۇشتلاش، ئىناقلىق بولمىسۇن سەندە،
بولۇپ ئۆت - يەم رەقىبلەرگە ۋە يا قىغ ئورنى دەپسەندە،
قىرىل - ئۆل، جان - جىگەر دوستلار، نەسلنى ئەيلە شەرمەندە،
بىرىڭ قىلغىن ئۇنىڭنى پاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

ئەدەب - ئەخلاق نېمە ھاجەت، يامان ياقلارغا يول باشلا،
ئۆزۈڭدىن كۆلدۈرۈپ ياتنى، قاياشنىڭ كۆزىنى ياشلا،
شىلىپ دوست تېرىسىنى سەن، ئۇنى دۈشمەن ئۈچۈن ئاشلا،
ئىلاجىڭنى ئاتاڭ يۇرتىغا ئوت قوي، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلا،
رەزىللىكتە چېكىڭدىن ئاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

جاھان «ئويغان» دېسە، تەنھا ئۆزۈم «ئويغانما» دەپ تۇردۇم،
شېرىن خورەك تۇڭگەرمۇ دەپ، تۈمەن مىڭ غەمنى يەپ تۇردۇم،
شۇ ۋەسۋەسە بىرلە ئەللەيلەپ، داۋام سۈسكامىنى سەپ تۇردۇم،
چۈشەنگەي سۆزنى خەلقىم دەپ، تۈشەك ئالدىغا كەپتۇردۇم،
ھامان بولساڭ قاپاقباش سەن، ئەبەد ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

**شۈكۈر يالقىن**
1947 - يىل، ئۈرۈمچى

بۇ شېئىر ئەخمەتجان قاسىمىغا بەك يارىغان. ئەخمەتجان قاسىمى بىر كۈنى مۇشۇ گېزىتنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە بىر ئىش بىلەن بارغاندا، باشقىلارغا: «شېئىر يازسا، مۇشۇنداق يازسا. ساپ ئىجابىي جەھەتتىن يېزىۋەرمەي، مۇشۇنداق سەلبىي جەھەتتىنمۇ يېزىش كېرەك» دېگەن؛ كېيىن شۈكۈر يالقىن بىلەن ئۇچراشقاندا: «شېئىرىڭىزنى ئوقۇدۇم، بەك ياخشى بوپتۇ» دېگەن. «ئويغان» گېزىتىنىڭ كېيىنكى بىر سانىغا يەنە شۈكۈر يالقىننىڭ «بەختسىز خەلق» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان. ئەمما بۇ ماقالە بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ماقالىنىڭ باش قىسمى گېزىتنىڭ ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان سانىغا بېسىلىپ، كېيىنكى قىسمى گېزىت غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن



نەشر قىلىنغان سانلىرىغا بېسىلغان.

«ھەقىقەت» گېزىتى 1949 - يىل 9 - ئايدىن 1950 - يىل ئەتىيازغىچە نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ھەجىمىمۇ سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا ئىدى. بۇنى تەلئەت موسابايوۋ، تۇرسۇن بۇرھانىلار مىخ مەتبەئەدە چىقارغان. بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى بىر قانچە غۇلجىلىق كىشىلەر ئىدى. بۇ گېزىت تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئەرىپىسىدە تۇرغان شىنجاڭنىڭ جۇملىدىن ئۈرۈمچىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇش، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ھوشيار بولۇشقا ئۈندەشنى مەقسەت قىلاتتى.

سۆزلەپ بەرگۈچى **شۈكۈر يالقىن**

**قارا شەھەر ۋىلايىتىدە**

1945 - يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «قارا شەھەر گېزىتى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. گېزىت ئىسمىنىڭ يېنىغا «خەلقنى ئويغىتايلى!» دېگەن شوئار بېسىلاتتى (بۇ شوئار گومىنداڭنىڭ 唤起民众 دېگەن شوئارىنىڭ مەنىسىگە توغرىلاپ قوللىنىلغان). گېزىتنىڭ ھەجمى كىچىك تۆت فورماتلىق بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلاتتى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىدىغانلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئوراپ تەييار قىلىنىپ، پوچتىخانا ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرى پۈتۈنلەي خەلقنى

ئۇيغىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى جۇنەيد بەكرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابدۇللا ئىبراھىم، مۇھەررىرلىرى ئابلىمىت مۆيدىن قاتارلىقلار ئىدى. ئومۇمىي تىراژى 100 نۇسخا ئىدى.

1946 - يىلى تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن، گېزىتنىڭ نامى «يۇلتۇز» غا ئۆزگەرتىلدى. بۇمۇ شاپىگرافتا بېسىلاتتى، شۇڭا تىراژىنى 100 دىن ئاشۇرغىلى بولمايتتى. لېكىن، بۇ گېزىتنىڭ ماقالە - خەۋەرلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىلغار پىكىرلىك بولۇپ، ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «11 بىتىم»نى تەشۋىق قىلاتتى. گېزىتنىڭ تۇنجى سانىغا جۇنەيد بەكرى «تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇز شۇنچە يورۇق كۆرۈنىدۇ» دېگەن تېمىدا باش ماقالە يازغان، قارا شەھەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرى ئابلىز تۇردى «دېڭ قۇلاقلار تىۋا قىل» دېگەن ماۋزۇدا شېئىر يازغان. 1947 - يىلى بۇ گېزىتنىڭ ھەر سانىدىن بىر نۇسخىنى يولۇچىلار ئارقىلىق مەخپىي ھالدا ئەخمەتجان قاسىمىغا ئەۋەتىپ تۇراتتۇق. ئۇ كىشى بىزگە خەت يېزىپ، گېزىتنى ماختىدى ۋە مۇمكىنقەدەر شىنجاڭ بويىچە تارقىتىشنى تاپىلىدى؛ غۇلجا مەتبۇئاتلىرىمۇ بۇ گېزىتنى ماختاپ خەۋەرلەر باسقان. بۇ گېزىت 1948 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەشىردىن توختىتىلدى.

## كورلا ۋە لوپنۇردا

كورلىدا 1946 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شاپىگرافتا «باغراش» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. تىراژى 100 چە ئىدى. بۇ گېزىت



نىڭ باش مۇھەررىرى ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇقادىر تاھىر، مۇھەررىرلىرى بىر - ئىككى كىشى ئىدى (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ). بۇمۇ ئىلغار پىكىرلىك گېزىت بولغاچقا، 1947 - يىلى «11 بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي توختىتىۋېتىلگەن.

لوپنۇردىمۇ 1946 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شاپىگرافتا «تەكلىماكان» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. تىراژى 100 دىن ئاشمايتتى. گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ھاكىم ئىمىن ۋاھىدى، مۇھەررىرلىرى غوپۇر ياقۇبى، تاھىر ئەخمەتلەر ئىدى. بۇ گېزىتمۇ «11 بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن، نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان.

«تەكلىماكان» دېگەن ئىسىمنى 1946 - يىلى «بىتىم» ۋاقتىدىكى ھاكىم سايلىمىدا لوپنۇرنىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغان ئىمىن ۋاھىدى قويغان (ئىمىن داموللا دەپمۇ ئاتىلاتتى). بۇ كىشى 1937 - يىللىرى ماموت سىجاڭ بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، تۈركىيىدە ئوقۇغان؛ كېيىن ياپونىيىگە بېرىپ تۇرۇپ، 1944 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا، يەنە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

**سۆزلەپ بەرگۈچى: جۇنەيت بەكرى**

## قۇمۇل ۋىلايىتىدە

قۇمۇلدا 1946 - يىلى 6 - ئايدىن كېيىن (11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن)،

ئىسمايىل تاھىر باشچىلىقىدىكى ئىلغار ياشلار تەرىپىدىن «قۇمۇل گېزىتى» نەشىر قىلىنغان. بۇ گېزىت سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا بولۇپ، تاش مەتبەئەدە بېسىلاتتى؛ «11 بېتىم»نى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. 1947 - يىلى ئەتىيازدا «11 بېتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ گېزىت نەشىر قىلىنىشتىن توختاپ قالدى. ئىسمائىل تاھىرنى 1949 - يىلى 9 - ئايدا (شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئېتىۋەتكەن.

1947 - يىلى 6 - ئايدا قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاسنىڭ كۈيئوغلى ھوشۇر ئۇلۇغ خەلقتىن ئىئانە توپلاپ، «ئاتالاي» ناملىق ژۇرنال چىقارغان. شۇ مەزگىلدىكى مەسىلەك ۋە سىياسەتكە خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكە رەئىسى مەسئۇد، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەيسا بەگلەرمۇ ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. بۇ ژۇرنالمۇ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان بولۇپ، ھەقسىز تارقىتىلاتتى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، توپلانغان ئىقتىساد تۈگىگەندىن كېيىن، ژۇرنال نەشىر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان.

سۆزلەپ بەرگۈچى: **ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر**

## ئاقسۇ ۋىلايىتىدە

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئاقسۇ كونىشەھەردە 1934 - يىلى دانىش دامولla ھەنىپى* ئىسىملىك كىشى

* «ھەنىپى» — «توغرا يول» دېگەن مەنىدە.



«ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت تەسىس قىلغان. بۇ گېزىت شاپىگرافتا بېسىلغان بولۇپ، 1936 - يىلغىچە داۋاملاشقان. ھەجمى كىچىك تۆت پورماتلىق، تىرىاژى 100 گە يېقىن ئىدى.

1936 - يىلى دانىش دامولlamنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ شاپىگرافىمۇ مۇسادىر قىلىنغان. ئاندىن بىرقانچە زىيالىيلار «ياش قەلەم ئۇچۇرى» ناملىق جەمئىيەت قۇرۇپ، بۇ جەمئىيەتكە ھاجى ياقۇپنى رەئىس قىلىپ سايلىغان. ھاجى ياقۇپ باشلىق يەتتە كىشى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىتنى مەخپىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دەسلەپ ئۇنىڭ ھەر بىر سانىنى قولدا يېزىپ، سەككىز كەسلەم ئىككى بەتلىك چوڭلۇقتا قىلىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم 50 نۇسخا چىقارغان. كېيىن ئۈرۈمچىدىن شاپىگراف سېتىۋېلىپ ئاپىرىپ، شاپىگرافتا ھەپتىدە ئىككى قېتىم، 100 نۇسخىدىن چىقارغان. شۇ چاغلاردا نىم شەھىد (مەرھۇم ئارمىيە دامولla) ياش زىيالىيلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ كىشى ئاقسۇدا ئېچىلغان «ئىستىپادە كۇرسى»* نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىگە ئېلىپ كېلىنگەن. 1937 - يىلى «ياش قەلەم ئۇچۇرى» جەمئىيىتى يېپىلىپ گېزىتمۇ نەشىر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان، ھاجى ياقۇپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن.

1937 - يىلى «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» تەسىس قىلىنىپ، مىخ مەتبەئەدە نەشىر قىلىنغان. گېزىتخانىنىڭ

* «ئىستىپادە» — «پايدىلىنىش» مەنىسىدە بولۇپ، ھازىرقى تەلىم - تەربىيە كۇرسىغا توغرا كېلىدۇ.

باشلىقى تۇرسۇن ياسىنوۋ، باش مۇھەررىرى ئارمىيە دامولla، مۇھەررىرلىرى بىرقانچە كىشى ئىدى. بۇ گېزىت 1941-يىلدىن باشلاپ «ئاقسۇ گېزىتى» نامى بىلەن نەشىر قىلىندى. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى يەنىلا تۇرسۇن ياسىنوۋ، باش مۇھەررىرى ئارمىيە دامولla، مۇھەررىرلىرى ل. مۇتەللىپ ۋە باشقا بىرقانچە كىشى ئىدى. «ئاقسۇ گېزىتى» ئازادلىققا قەدەر توختىماي نەشىر قىلىندى، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملىق نەشىر قىلىنىپ كەلمەكتە. دېمەك، بۇ گېزىت 50 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئاقسۇدا نەشىر قىلىنغان گېزىتلەرنىڭ مەزمۇنى: 1934—1937 - يىللىرى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، خەلقنى ئاقارتىشنى نىشان قىلغان؛ 1938—1943 - يىللىرى «ئالتە سىياسەت» نى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1943—1945- يىللىرى «سەنمىنجۇيى» (ئۈچ مىللىي مەسلەك)* نى ۋە گومىنداڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1945—1946 - يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «11 بىتىم»نى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1947—1948 - يىللىرى يەنە گومىنداڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئاقسۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش بولغانلىقتىن، گېزىتمۇ شۇنىڭغا يارىشا، گومىنداڭنىڭ زۇلمى ۋە سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقلارنى، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان.

ئاقسۇدا 1944 - يىللىرى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقار-

* «سەنمىنجۇيى» - 1911 - يىلى پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ ئەسىرى.



تىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «جەنۇب شامىلى» ناملىق ژۇرنال نەشىر قىلىنغان. بۇ ژۇرنالغا ئاساسەن زىيالىيلار ماقالە يازاتتى، ژۇرنال ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا بېسىلاتتى. لېكىن، بۇ ژۇرنال بىر - ئىككى سان نەشىر قىلىنىپلا توختاپ قالدى.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: ھاجى ياقۇپ
ئابدۇللا تالىپ
ئەيسا يۈسۈپ

## قەشقەر ۋىلايىتىدە

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى قەشقەر كونىشەھەردە ئەڭ دەسلەپ قۇتلۇق شەۋقى ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر بىر دامولla كىشى 1933 - يىلى «ئاڭ» ناملىق گېزىت تەسىس قىلغان، كېيىن گېزىتنىڭ نامىنى «يېڭى ھايات»قا ئۆزگەرتكەن. بۇ گېزىتنىڭ مەخسۇس مەتبەئەسى بولمىغاچقا، گېزىت شۇ دەۋرلەردە قەشقەردە قۇرۇلغان «شۋېت مەتبەئەسى»* دە باستۇرۇلغان؛ 1936 - يىلى قولدا چۆگىلىتىدىغان بىر باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، شۇ ماشىنىدا بېسىلغان. 1937 - يىلى مامۇت سىجاڭ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، جاللات شېڭ شىسەي قۇتلۇق شەۋقىنى قولغا ئالغان. ئاندىن ئۇنىڭ گېزىتخانىسىنى

* «شۋېت مەتبەئەسى» — شۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش نامى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن تەشۋىقات خادىملىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەتبەئە، ئۇ «سۋېن ھېدىن باسمىخانىسى» دەپمۇ ئاتالغان (ماتېرىيالدىن).

ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئېلىپ، شۇ چاغلاردا تاشكەنتتىن يېڭىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەردىن ئابدۇراخمان قاسىموۋنى گېزىتخانا باشلىقلىقىغا، لى تەيىۋ بىلەن ۋاڭ موشىننى مۇئاۋىن باشلىقلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. ئۇلار گېزىتنىڭ نامىنى «قەشقەر گېزىتى» گە ئۆزگەرتتى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى ئەخمەت زىيائى، ئادىل سوپىيوۋ، خەلپەت سۇزۇكھاجىملار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن بەتكە مەسئۇل قىلىندى. گېزىتنىڭ كوررېكتورلىرى روزى يۈسۈپ، ئىبراھىم ئاخۇنلار، مەتبەئە مەسئۇلى ھامۇتجان ئىدى (ھامۇتجان ئازادلىقتىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» مەتبەئەسىدە ۋە ياشلار باسما زاۋۇتىدا ئىشلىگەن، كېيىن دەم ئېلىشقا چىقىپ ئائىلىسىگە قايتتى).

1939 - يىلى ئابدۇراخمان قاسىموپ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى؛ خەلپەت سۇزۇكھاجى گېزىتخانىدىكى ھەم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى ئىككى خىزمەتتە تەڭ يېتىشىپ كېتەلمىگەچكە، گېزىتخانىدىكى مۇھەررىرلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكى خىزمىتىنىلا قىلىشقا چىقىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن، گېزىتخانىنىڭ ئىشىغا ۋاڭ موشىن بىلەن ئەخمەت زىيائى مەسئۇل قىلىندى. 1943 - يىلى ئەخمەت زىيائىنىمۇ شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ بىر مەزگىل شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا ئەدەبىيات بېتىگە خىزمەتكە قويغانىدىن كېيىن تۈرمىگە قامىدى. شۇنىڭ بىلەن، گېزىتخانىنىڭ ئىشىغا ۋاڭ موشىن بىلەن لى تەيىۋ مەسئۇل بولۇپ قالدى.

ۋاڭ موشىن — يەنئەندىن كەلگەن كوممۇنىستلاردىن بولۇپ، 1943 - يىلى جاللات شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ھايات قالغان كوممۇنىستلار قاتاردا 1944 -



يىلى يەنئەنگە قايتىپ كەتكەن؛ ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭدىكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەنلىكى مەلۇم.

لى تەيىۋ — تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلاردىن بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ مەتبۇئات ساھەسىدە (جۇملىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە) بىر مەزگىل ئىشلىگەن. كېيىن شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكەلگەن، ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە.

«قەشقەر گېزىتى» ئازادلىققا قەدەر داۋاملىق نەشىر قىلىنىپ، ئازادلىقتىن كېيىن «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: **خەلپەت سۇزۇكھاجى**

## يەكەن ۋىلايىتىدە

يەكەندە ئەڭ دەسلەپ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئارتۇق ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1935 - يىلى ئەتىيازدا «يەكەن دىۋار گېزىتى» نەشىر قىلىندى. ئارتۇق ھاجىم ئۆزبېك بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ نۇرغۇن بالىلارنى ساۋاتلىق قىلغان، نۇرغۇن خەتتات يېتىشتۈرگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا، «يەكەن دىۋار گېزىتى» بىر بەتلىك قىلىنىپ قولدا يېزىپ چىقىرىلغان. گېزىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كېلەتتى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئارتۇق ھاجىم ئۆزى قىلاتتى، ماقالىلەر تەييار بولغاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر ھېكىمى ئىسىملىك خەتتات قولى بىلەن خۇشخەت قىلىپ

يېزىپ چىقاتتى. ھەر ئايدا بىر قېتىم جەمئىي 10 نۇسخا يېزىلىپ، يەكەننىڭ شەھەر كوچىلىرىغا چاپلىناتتى. بۇ بىر بەتلىك گېزىتنىڭ باش تەرىپىگە «ئوقۇغىن، نادانلىق ۋە جاھالەت نومۇستۇر؛ نادانلىق ۋە جاھالەتتە ئۆتۈش ھايۋانغا خاستۇر» دېگەن شو ئارىيېزىلاتتى. بۇ گېزىتتە ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىش، جاھالەتكە خاتىمە بېرىش، ئويغىنىش، قەد كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلىش تەرغىب قىلىناتتى؛ نۆۋەتتە بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار ۋە سىياسىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر خەۋەر قىلىناتتى؛ ياخشى ئىشلار مەدھىيىلىنىپ، يامان ئىشلار تەنقىد قىلىناتتى. گېزىتنىڭ راسخوتى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن بېرىلەتتى. بۇ گېزىت 1936 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى يىلغا يېقىن نەشر قىلىندى.

ئارىلىقتا 10 يىلغىچە ھېچقانداق گېزىت نەشر قىلىنماي، 1946 - يىلى يازدا، «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يەكەندىكى دېموكراتىك زاتلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن «بەخت يۇلتۇزى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرى ئابدۇللاجان (ئۆزبېك، تەخەللۇسى «دولانى») ئىدى، ھەجىمى سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلاتتى، قەرەلسىز نەشر قىلىناتتى؛ تىرازى 500 چە بولۇپ، يەكەن تەۋەسىگە پۇلسىز تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ راسخوتىنىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بېرەتتى. بۇ گېزىتتە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى»نى ۋە شۇ بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش تەشۋىق قىلىناتتى؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلى-



ناتتى، خەلق ئاممىسى ئويغىنىشقا، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىناتتى. بۇ گېزىت 1947 - يىل ئەتىيازغىچە نەشر قىلىندى.

1947 - يىل ئەتىيازدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تىنچلىق بىتىمى»نى ئوچۇق - ئاشكارا بۇزۇپ، شىنجاڭدىكى جۈملىدىن يەكەندىكى خەلقچىل كۈچلەرنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىدىن يەكەنگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيون تۇراپبەگ* نىڭ باشلامچىلىقىدا «نۇرلۇق يول» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ ئەكسىيەتچى گېزىت گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە خەلقچىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ گېزىتمۇ سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلاتتى؛ تىرازى 500 دىن 1000 غىچە ئىدى، ھەقسىز تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ راسخوتىنى تۇراپبەگ دەسلەپ شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىدىن ئېلىپ تۇرغان، كېيىن يەركەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ تۇردى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن **مەھەممەت پاتىھ**

* تۇراپبەگ — ئەسلى ئالتە شەھەردە چوڭ بولغان خەنزۇ بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى خۇاڭ جىۋۇ، ھەربىي ئىشپىيونلۇق ئۇنۋانى «گاۋسەن» (يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى) ئىدى. ئۇ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەكەندىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى بولغان، كېيىنكى مەزگىلدە يەكەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇساجاڭى بولغان؛ شېڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن.

1948 - يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى يەركەنگە مىخ مەتبەئە بېرىپ، رەسمىي گېزىتخانا قۇردى. بۇ گېزىتخانىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق جەريان بار:

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى بۇزغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا جۈملىدىن يەكەن ۋىلايىتىدە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئەپلىك بىر چارە ئىزدەپ تۇرغان چاغدا، گومىنداڭنىڭ چىڭدۇدىكى ھەربىي مەكتىپىگە 1945 - يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا چىڭدۇغا بېرىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان (ئەمەلىيەتتە شپىيونلۇق تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن) يەكەنلىك ئەمەت مەنسۇر 1948 - يىلى ئەتىيازدا ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، گومىنداڭغا ناھايىتى سادىق بولۇپ تەربىيىلەنگەن بولسا كېرەك، ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇمچىدىكى گارنىزون شتابى، ئۆلكىلىك پىرقە ئىدارىسى، ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەركىن - ئازادە كىرىپ - چىقىپ يۈرىدۇ*. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئىشپىيونلۇقىنى ئوقۇشلۇق بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاشكارا بىر سالاھىيەت تېپىپ بەرمەكچى بولۇپ، يەكەندە بىر گېزىتخانا قۇرماقچى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەت مەنسۇرنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمەت مەنسۇر بۇ ئاشكارا سالاھىيىتىدە جامائەت پىكرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يەكەندە گېزىتخانا قۇرۇلماقچى بولغانلىقىنى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە جۈملىدىن ئۇرۇمچىدىكى يەكەنلىك يۇرتداشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا «خۇش خەۋەر» قىلىپ يەتكۈزىدۇ ھەمدە بۇ يېڭى گېزىتخانىغا پىشقان مۇھەررىرلەر كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇرۇمچىدىكى ئىنقىلابىي مەخپىي تەشكىلات — «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مۇ خەۋەر تاپىدۇ. بۇ تەشكىلات ئۆز پائالىيىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غوللۇق ئەزالىرىدىن بولغان ياش شائىر ۋە ئەدىب ئابدۇراخمان بۇلاقىنى مۇھەررىر دېگەن سالاھىيەت بىلەن گومىنداڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى زۆرۈر تاپىدۇ، ئاندىن بۇ كىشىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئارقىلىق «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» گە تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ھەيئەت ئەمەت مەنسۇر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان بۇلاقىنى يەكەن گېزىتخانىسىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» يەكەندە گېزىتخانا قۇرۇلىدىغانلىقىنى رەسمىي بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ئەمەت مەنسۇرنى باشلىق، ئابدۇراخمان بۇلاقىنى مەسئۇل مۇھەررىر قىلىپ تەيىنلەپ، قالغان مۇھەررىرلەرنى يەكەندىن تېپىپ تەيىنلەش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئۇلارنى بىر يۈرۈش مىخ مەتبەئە بىلەن يەكەنگە يولغا سالىدۇ (گېزىتخانىنىڭ مائاش ۋە باشقا خىراجىتىنى

*مەن شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتىم. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئورنى شۇ چاغلاردا ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى قور بولۇپ، ئىچكىرىكى قورۇ «ئۆلكىلىك تىل مەكتىپى»، تاشقىرىقى قورۇ گومىنداڭنىڭ «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» ئىدى؛ گومىنداڭنىڭ گارنىزون شتابى ۋە ئۆلكىلىك پىرقە ئىدارىسىمۇ تىل مەكتىپىگە يېقىن يەردە ئىدى، ئەمەت مەنسۇرنىڭ بۇ ئورۇنلارغا كىرىپ ئالاقە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇ، ئۆزى دەپ بەرگەن، بەزىدە بىزمۇ كۆرگەن.

«ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» دىن ئەۋەتىپ بېرىلگەن بولىدۇ). ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى بىر يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن «تەشۋىقات ھەيئىتى» نىڭ قورۇسىدىن ماڭغاچقا، تىل مەكتىپىدىكى يەكەنلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇلار يەكەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەكەندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىدە، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، گېزىتخانىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، 1948 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ «يەكەن گېزىتى» نى نەشر قىلغان. بۇ گېزىت سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا، مىخ مەتبەئەدە 1949 - يىلى ئازادلىق ئېلان قىلىنغانغا قەدەر نەشر قىلىنغان. مۇھەررىرلىرى ئابدۇراخمان بۇلاق، ئابدۇقادىر ھېيت قاتارلىقلار بولغان.

سۆزلەپ بەرگۈچى: **ئى. ئەسقەرى**

1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «يەكەن گېزىتى» نەشردىن توختىتىلىپ، يەكەندىكى ئىنقىلابىي زىيالىي ياشلار تەرىپىدىن «بەخت يولى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت ئازادلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كۈيلەش، خەلقنى ئويغىتىش، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، ئەكسىيەتچىلەرنى خەلققە باش ئېگىشكە ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ گېزىتمۇ ئاۋۋالقى مىخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت قىلىپ بېسىلغان. تىراژى 2000 چە بولۇپ، ئەتراپتىكى باشقا ناھىيىلەرگىمۇ تارقىتىلغان. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى مەتتىمىن توختىنىياز، مۇھەررىرلىرى ئا. بۇلاق، ئابدۇقادىر



ھېيت، ئابدۇسەمەت خېلىل، ئابلىمىت ئابدۇللالار ئىدى.

1949 - يىلى 11 - ئايدا يەكەنگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېتىپ كېلىپ، ھەربىي باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «بەخت يولى» گېزىتى نەشردىن توختىتىپ قويۇلدى. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قايتىدىن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، «يەكەن گېزىتى» يەنە قايتا نەشر قىلىندى (ئاۋۋالقى ھەجىم، ئاۋۋالقى مىخ مەتبەئەدە بېسىلدى)، باش مۇھەررىر ۋە مۇھەررىرلىرىمۇ ئاۋۋالقىلاردىن تەركىب تاپتى. 1956 - يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىتمۇ نەشردىن توختىتىپ قويۇلغانىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن (1960 - يىللىرى) «يەركەن گېزىتى» يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. گېزىتنىڭ ھەجمى تۆت كەسلەملىك تۆت بەت قىلىپ چوڭايتىلدى، تىراژى 5000 غا بارىدۇ. گېزىتخانىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى ۋە مۇھەررىرلىرى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئاۋۇت مامۇت گېزىتخانا باشلىقى، ياقۇپ ئەمەت باش مۇھەررىر بولدى، مۇھەررىرلىككە قېييۇم تۇردى، بۈۋىنىسا ئىبزىم، ئۆمەر ئىسمايىل، ئابدىرىشىت ھاپىز، روزى رازىقلار تولۇقلاندى.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: **سەمەت ئەمەت، قېييۇم تۇردى**

### خوتەن ۋىلايىتىدە

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئىلچىدە 1939 - يىلى «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغان. بۇ، خوتەن

ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى گېزىت بولۇپ، بۇنى ۋەلىخان ئىمىنوپ دېگەن كىشى شاپىگرافتا چىقارغان. ھەجمى سەككىز كەسلەملىك ئىككى بەت چوڭلۇقتا ئىدى.

1940 - يىلى ۋەلىخان ئىمىنوپنى جاللات شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى بېرىپ، بۇ گېزىتكە مەسئۇل بولغان ۋە مىخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك قىلىپ چىقارغان. مۇھەررىرلىرى يۈسۈپ سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھاجى ياقۇپمۇ قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئەزاسى ماشۇ مەسئۇل بولغان. بۇ چاغدا «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسىمۇ نەشر قىلىنىپ، شاپىگرافتا ئىككى بەتلىك، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى؛ ئۇيغۇرچىسى ئاۋۋالقىدەك سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك بولۇپ مىخ مەتبەئەدە بېسىلىۋەردى، ئەمما بۇمۇ ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى. مۇھەررىرلىرى يەنىلا يۈسۈپ سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1942 - يىلى ماشۇ خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» گە يۈسۈپ سەئىدى مەسئۇل بولدى، خەنزۇچىسىغا دىڭ باۋشەن مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. گېزىتنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى ئاساسەن تاس س دىن، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن، قوشۇمچە «جۇڭياڭشې» ئاگېنتلىقى* دىن ئېلىناتتى (يەرلىك خەۋەرلەرنى گېزىتخانا مۇخبىرلىرى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازاتتى). ماي بايرىمى، ئۆكتەبىر

*گومىنداڭنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى.



ئىنقىلابى بايرىمى قاتارلىق چوڭ بايراملاردا، بۇ گېزىتكە ئۈرۈمچىدىن سىنكىغا ئېلىپ ئەۋەتىلگەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلاتتى؛ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كۆچۈرۈپ بېسىلاتتى. بۇ گېزىتكە يەنە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان ستالىننىڭ نۇتۇق ۋە خىتابنامىلىرىمۇ بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا بىرلىك سەپ سىياسىتى خېلى چىڭ ئىجرا قىلىنغاچقا، گېزىتتە گۇڭچەنداڭ - گومىنداڭ بىرلىكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ تەشۋىق قىلىناتتى، گۇڭچەنداڭ ياكى گومىنداڭنى ماختايدىغان ۋە ياكى تىللايدىغان خەۋەر - ماقالىلەر بېسىلمايتتى؛ سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى مەدھىيىلەيدىغان ماقالىلىرىمۇ بېسىلاتتى.

1943 - يىلى شىنجاڭدا جۈملىدىن خوتەندە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ نامى «خوتەن گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقات نىشانىسىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. گېزىتكە ئاساسەن گومىنداڭنى تەشۋىق قىلىدىغان، «سەنمىنجۇيى» نى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق ئەسىرىنى شەرھىلەيدىغان ماقالىلەر، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش خەۋەرلىرى بېسىلىدىغان بولدى؛ يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى تىللايدىغان ماقالىلەر كۆچۈرۈپ بېسىلدى. يەرلىك خەۋەرلەردىن باشقا، خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى

نىڭ ھەممىسى «جۇڭياڭشې» ئاگېنتلىقى ۋە «يېڭى دېھلى» ئاگېنتلىقى* دىن ئېلىنىدىغان بولدى (تەرجىمانلار تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە).

1946-يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك گېزىتلەر جۈملىدىن «خوتەن گېزىتى» مۇ «تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە گومىنداڭغا قارشى كۆرەش قىلىشنىڭ مۇھىم سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، 1946-يىلى 7-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «مالىيەدە قىيىنچىلىق بار» دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ گېزىتنى نەشر قىلىنىشتىن توختاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمما، «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى («بىتىم» مەزگىلىدە رەسمىي ھاكىملىققا سايلانغان) ئابدۇقادىر ھەسەن، ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا ھاجى، ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز خوجاڭ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن داۋاملىق نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىمۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يۈسۈپ سەئىدى. گېزىتنىڭ بۇ چاغدىكى ئاساسىي تەشۋىقات نىشانى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» گە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى،

*ھىندىستاننىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى.



گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1947-يىلى ئەتىيازدا «تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇقادىر ھەسەننى قولغا ئالدى، يۈسۈپ سەئىدى ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «خوتەن گېزىتى» 1947-يىلى 4-ئايدىن تارتىپ نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوتەندىكى ئىلغار تەشكىلات «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» (مەخپىي ھالەتتىكى) نىڭ ئەزالىرى ۋە باشقا ئىلغار ياشلارنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇر بەگ (خې دىڭباۋ) نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە «بىرلىك» (统一报) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك قىلىپ بېسىلدى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىككە ئىمىن تۇرسۇن (كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى) تەيىنلەندى. لېكىن، بۇ گېزىت ئىككى-ئۈچ سان چىقار-چىقمايلا، 1947-يىلى 7-ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئومۇميۈزلۈك «تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەت مەركىزى ئىلچىنىڭ ئۆزىدىنلا 80 نەچچە ئىلغار ياشنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ئىمىن تۇرسۇنمۇ قولغا ئېلىندى. «بىرلىك» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ۋالىي نۇر بەگ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ۋىلايەتلىك «مىنجاۋگۇەن» (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) نىڭ باشلىقى قۇربانجان ئابدۇۋېلى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار گېزىتنىڭ ئەسلىدىكى دېموكراتىك خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى

دائىرىلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ گېزىت كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مەيدانغا چىقىپ، ئوسمان باندىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، مەسئۇد - ئەيسالارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى ئاشكارا قوللىدى؛ شۇنداقلا نۇر بەگنىڭ ئۆزىنى ماختايدىغان شەخسىي گېزىتى بولۇپ قالدى.

1948 - يىلى 4 - ئايدىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ جويجاڭى ئابلىمىت موللايى تەيىنلەندى؛ ئاندىن ئۇ، جاپپار ئەمەتنى تۈرمىدىن بوشىتىپ ئەچىقىپ، گېزىتنىڭ تەھرىرلىكىگە قويدى. بۇ چاغدا «بىرلىك» گېزىتىنىڭ كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مۇقامى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭنى، خودۇڭباڭنى (نۇر بەگنى) ماختايدىغان قورال بولۇپ قېلىۋەردى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋالىي سايلىمى بولغاندا، نۇر بەگ ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىمۇ توختىدى.

1949 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» نىڭ قارمىقىدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» (چىڭنيەن - شېخۇي - فۇۋۇشې) قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا ئابلىمىت موللايى، باش كېڭەشلىكىگە (1949 - يىل 9 - ئايدىن كېيىن) جاپپار ئەمەت تەيىنلەندى. ئاندىن بۇ ئىدارىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمى يېتەكچىلىكىدە «تەكلىماكان گۈلى» (荒海之花) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، ھەپتىسىگە



ئىككى سان، ئىككى بەتلىك قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنىلا ئابلىمىت موللايى، مۇھەررىرلىرى جاپپار ئەمەت، ئابدۇقادىر تۇردىھاجىلار بولدى. گېزىتكە بېسىلىدىغان مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8 - پولكىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدىن ئېلىنغان «جۇڭياڭشې» خەۋەرلىرى بولۇپ، بۇ خەۋەرلەرنى مەزكۇر سىياسىي باشقارما ئۆزى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ «غەلىبىسى»، كوممۇنىستلارنىڭ «مەغلۇبىيىتى» قاتارلىق ئىنتايىن ئەكسىيەتچى گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، يەرلىك خەۋەرلەر نورمال بولۇپ، ھەر ساھەدىكى نەتىجىلەر توغرىسىدا يېزىلغان خەۋەرلەر، ئاندىن قالسا ئەدەبىيات بېتى بېرىلەتتى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «تەكلىماكان گۈلى» ئۆزىنىڭ تەشۋىقات نىشانىنى ئۆزگەرتتى. گېزىت مۇھەررىرى جاپپار ئەمەت، خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ھوشۇر نىيازلار يېتەكچىلىكىدە «ۋىلايەتلىك تەشۋىقات گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، «تەكلىماكان گۈلى» مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىكىدە نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىكى گېزىتتە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خىتابنامىسى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن ۋالىيسى روزىمەتبەگ (نەنشۇسەن)، مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ جاۋجى باشلىق يەرلىك ئەمەلدارلار شىنجاڭنىڭ

تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى سىرتقا ئاڭلاتماي، «گۈگۈچەندا دىنىنى يوقىتىدۇ، خوتۇن-قىزلارنى ۋە مال-مۈلۈكنى بۇلاپ كېتىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقاتقان؛ مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ قاتارلىق قاچقۇنلار «ئامېرىكا ئارمىيىسى چاۋشيەنگە ھۇجۇم باشلىدى، كۆپ بولسا بىر يىل، بولمىسا ئالتە ئايدا گۈگۈچەندا يوقىتىلىدۇ، بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز» دەپ تەشۋىق قىلغانىدى. شۇڭا، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئۆز ئالدىغا 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى رولى ناھايىتى زور بولدى.

1950-يىلى 1-ئايدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گېزىتمۇ نەشىردىن توختىتىلدى. شۇ يىلى 3-ئايدا ئازادلىق ئارمىيە 15-پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇاڭ چىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى «يېڭى خوتەن گېزىتى» نەشىر قىلىشنى قارار قىلدى، بۇ گېزىت 4-ئايدىن باشلاپ رەسمىي بېسىلدى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت، ھەپتىدە ئىككى سان چىقىرىلدى. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ئەمەت قۇربان؛ باش مۇھەررىرى جاپپار ئەمەت، ھۇشۇر نىيازلار؛ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر يۇسۇپ، زۇنۇن رۇستەم، نۇرمۇھەممەت قۇربان، پەخرىدىن يۇنۇسلار بولدى. كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا شۇ ۋاقىتتىكى ۋىلايەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مامۇت نىياز



بەلگىلەندى، 1952-يىلى قەشقەر گېزىتخانىسىدىن ياسىن سىدىق يۆتكەپ كېلىنىپ باش مۇھەررىرلىككە قويۇلدى، جاپپار ئەمەت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولدى.

1954-يىلى 7-ئايدا خوتەن ۋە ئاقسۇ گېزىتلىرى قەشقەردە نەشىر قىلىنىدىغان «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىگە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1958-يىلى قايتىدىن «خوتەن گېزىتى» نەشىر قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا چىقىرىلدى. بۇ گېزىت تۆت كەسلەملىك تۆت بەت (چوڭ تۆت بەت) ھەجىمدە، ھەر ئىككى كۈندە بىر سان چىقىۋاتىدۇ.

**سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: ھاجى ياقۇپ، جاپپار ئەمەت**

بۇ ئەسلىمىلەرنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئىسمايىل ئەسقىرى**

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# بىتىم مەزگىلىدىكى «مۇئەللىم» گېزىتى

مەمتىمىن نورۇز

قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى 1949 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن قولغا كەلگەن 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ تەسىرى بىلەن بىر مەزگىل يورۇقلۇققا - ئەركىنلىككە چىققاندەك بولدى.

لېكىن، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەر خىل توسقۇنلۇقلارنى قىلدى، ھەتتا بىتىم ئاساسىدا خەلق سايلىغان ھاكىملارنى قانۇنسىز ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان كىشىلەرنى قويدى ياكى خەلق سايلىغان ھاكىملارنى قورچاق ئورنىدا ھوقۇقسىز قىلىپ قويدى. مائارىپ ساھەسىدىكى زىيالىيلارغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق «قىزىل پاچاق» دەپ ھاقارەت قىلدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. خۇسۇسەن يەكەندە قورچاق ۋالىي پاسار بەگ: «ئەگەر سەن مۇئەللىملەر تىنچ يۈرۈشمەيدىكەنسەن، ئاتوم بومبىسى بىلەن جازاڭنى بېرىمىز» دەپ تەھدىت سالدى. خوتەندە بىتىمنى ھىمايە قىلغان بەزى زىيالىيلارنى «ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇل-



لاندى» دەپ قاماققا ئېلىپ، ئەركىنلىكىنى چەكلەپ، باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ۋە جايلاردىكى ئەسكىلىكلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە، قەشقەردىكى زىيالىيلار تەشكىللىنىپ «مۇئەللىم» گېزىتى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قارار قەشقەردىكى خەلقچىل سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ۋە دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. دەسلەپتە مائارىپ ساھەسىدىكى زىيالىيلار ئۆز مائاشىدىن مەبلەغ توپلىغان بولسا، ئۇنى بىلگەن سودا - سانائەتچىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەبلەغ قوشۇپ ياردەم بەردى. قەغەز، شاپىگراف، سىياھ قاتارلىق كەم نەرسىلەر تولۇقلاندى. گېزىتخانىنىڭ ئورنى قەشقەر نوبېشى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتە بولۇپ، تەھرىرلىكنى ئابدۇباقى سەيدۇللا، مۇھەممەت رېھىم ئاخۇن، ئەزىز ئەيسا، ئەمەت ھوشۇر قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالدى. گېزىت ئىككى بەتلىك بولۇپ، ئۈچ كۈندە بىر سان شاپىگراف بىلەن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. كېيىنكى چاغلاردا تىراژى كۆپىيىپ 500 نۇسخا چىقىرىلدى. گېزىت قەشقەر، يەكەن، ئاتۇشلارغىچە تارقىتىلدى. ئاقسۇ، خوتەنلەرگە سودىگەر، يولۇچىلار ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاپىرىپ تارقىتىلدى. گېزىت چىققان كۈنى قەشقەرنىڭ ئەلچىخانا، ئوردا ئالدى، ھېيتگاھلىرىدا ئامما گېزىتنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇدى. شۇنىسىمۇ ئېيتىش لازىمكى، خەلق ئاممىسى گېزىتنى قىزغىن كۈتۈۋاتقاندا، يامان غەرەزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك ساراسىمىگە چۈشكەنىمۇ بولدى.

لېكىن، بىتىمدىكى مەتبۇئات ئەركىنلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەنلىكىنى ۋالىي ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز مۇھەممەدىلەر قوللىدى ۋە ئىلھام

بەردى.

1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاياغلىرىدا، قەشقەرگە جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى كەلدى. مېھمانلارنى قەشقەر خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن قاينام - تاشقىنلىقتا قىزغىن كۈتۈۋالدى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە خېچىرچىدىكى ئايرودرومغىچە خەلق ئاممىسى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئايروپىلاندىن چىقىپ قىزىل چەكمەن چاپان، قىزىل دوپپا، ئۆتۈك كىيگەن هالدا كۆرۈنگەندە، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. ئايروپىلان پەلەمپىيىدىن چۈشۈشى هامان ئەخمەتجان قاسىمىنى خەلق ئاممىسى كۆتۈرۈپ ماڭدى. خېلى ئۇزۇن كۆتۈرۈپ ماڭغاندىن كېيىن، ۋالىي ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم ئاممىغا چۈشەندۈرۈپ، ماشىنىغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلدى. لېكىن، ئەخمەتجان قاسىمى خەلق ئاممىسىغا ئىسسىق چىراي بىلەن سالام قىلىپ پىيادە ماڭدى. «هۇررا» ئاۋازلىرى، «ياشىسۇن» دېگەن ئاۋازلار قەشقەر ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

«مۇئەللىم» گېزىتى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن خەۋەر قىلدىكى، «قەشقەر خەلقى گۈلدەستىنىڭ چوڭراقىنى ئەخمەتجان قاسىمىغا، كىچىكرەكىنى جاڭ جىجوڭغا تەقدىم قىلدى، مەسئۇت ئەپەندىمگە گۈلدەستە يەتمەي قالدى» دەپ ئوبزور يازدى. ئىككى كۈندىن كېيىن «مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ بىرنەچچە مۇخبىرلىرى بىلەن مەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتۇق. ئەخمەتجان قاسىمى «مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ رولىنى ۋە ياخشى چىقىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، گېزىتنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىپ، ئۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇشنى، مانا بۇ



قەلەم بىلەن كۈرەش قىلىش دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تاپىلىدى، ئەتىسىلا گېزىتكە مۇشۇ سۆھبەت ئەھۋالى تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گېزىتكە ئابدۇباقى سەيدۇللانىڭ «ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كەلدى»، ئىمىر هۈسەيىن قازىنىڭ «ئەخمەتجانغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرلىرى، مەتمىن نورۇزنىڭ «تەپرىقىچىلىك كۈرەشنىڭ دۈشمىنى» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى؛ يەكەن، خوتەن ۋە ئاقسۇدىن كەلگەن زىيالىيلارنىڭ (ئىسمىنى ئېلان قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا) جايلاردىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى پاش قىلىپ يازغان نۇرغۇن ماقالىلىرى بېسىلدى. گېزىتنىڭ ئابرويى بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. ئەپسۇسكى، 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلغار زىيالىيلارنى بىر كېچىدىلا تۇتقۇن قىلىپ قاماپ، مائارىپ ئىدارىسىنى ۋە نوبېشى مەكتەپتىكى «مۇئەللىم» گېزىتى رېداكسىيىسىنىڭ جاھازلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، ئۇرۇپ - چېقىپ ۋەيران قىلدى. «مۇئەللىم» گېزىتى تونجۇقتۇرۇلدى. لېكىن، شۇنداق قىيىن شارائىتتا قەشقەردىكى زىيالىيلارنىڭ كۈرەش قورالى بولغان «مۇئەللىم» گېزىتى خەلقنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالدى، تارىخ بېتىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **دىلدار ئېزىز**

# كۇچا ناھىيىسىدە كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى

ھۈسەيىن قاسىم

1934 - يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ يېڭى سىياسەتلەرنى يولغا قويغاندىن كېيىن، كۇچادىكى ئىلغار كىشىلەر سۆھبەتلىشىپ، كۇچادا يېڭىچە مائارىپنى باشلاش ئۈچۈن دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي كۇچادا ئابلىمىتخان مەسئۇللۇقىدا تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ياشلار ئوقۇپ تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۇچانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ يېڭى دولقۇننىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 1938 - يىلى 6 - ئايدا 200 گە يېقىن ۋەتەنپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر پاي قوشۇپ، سودا - سانائەت شىركىتى قۇردى.

بۇ شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق سودا ۋەكالەتخانىسى (ساۋسىنتورگ) بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈپ، كۇچانىڭ يۇڭ، تېرە، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گەزلىمە مال، قەنت،



تۆمۈر، كىرسىن، سەرەڭگە، چىنە قاتارلىق تاۋارلارنى ئىمپورت قىلدى. 1939 - يىلى كۇچا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىركەت ئاقسۇدىكى ساۋسىنتورگ بىلەن سۆزلىشىپ، بىر يۈرۈش كىنو ئاپپاراتى بىلەن 1.5 تونىنلىق مولوتوۋ ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل ئىمپورت قىلىش توختامى تۈزدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 30 مىڭ چارەك بۇغداي پۇلىنى سودا - سانائەت شىركىتىگە پاي قىلىپ قوشتى. 1939 - يىلى 5 - ئايدا، لى جىلۇ كۇچاغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كىنو ئاپپاراتى ئىمپورت قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە كىنو ئاپپاراتىنى ئەكىلىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. لى جىلۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، كۇچانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىدىكى قاتناش قولايسىزلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نەتىجىدە، تارقاق ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پاي توپلاش ئارقىلىق، قادىرخان نىياز مۇدىرلىقىدا ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇچتۇرپان بەدەل داۋىنى ئارقىلىق قاراقولغا ۋە قاراقولدىن كۇچاغا قاتنايدىغان كارۋان يولى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئىمپورت - ئېكسپورت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. 1940 - يىلى 9 - ئايدا، كىنو ئاپپاراتى بىلەن بىر ئاپتوموبىل كۇچاغا ئېلىپ كېلىندى. ۋەھالەنكى، كۇچادا كىنو ئاپپاراتىنى قۇراشتۇرۇپ ئىشقا سالىدىغان كەسپىي خادىم يوق ئىدى. شۇڭا، لى جىلۇ كەسپىي خادىم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ چاغدا كۇچادا

تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ
مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىپ، تېخنىكىسى ئانچە مۇكەم-
مەل بولمىغان گالاۋۇ ئىسىملىك رۇس ئەسكىرىنى تەكلىپ
قىلدى. گالاۋۇ كىنو ئاپپاراتىنى قۇراشتۇرۇپ چىققان بول-
سىمۇ، لېكىن ئاۋاز بېرىش قىسمىنى ئىشقا سالالمىدى. قو-
يۇلغان كىنو ئاۋازسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ «لېنىن ئۆكتە-
بىردە» ناملىق ھېكايە فىلىم قويۇلۇپ، لېنىننىڭ ئوبرازى
ئېكراندا چىققاندا، خەلق ھاياجانلىنىپ ئالقىش ياغدۇرات-
تى. ئەپسۇسكى، بىرىنچى قېتىم كىنو قويۇلۇش بىلەن
قالدى. ئىككىنچى فىلىمنى قوي-
غاندا كىنو ئاپپاراتى بۇزۇلۇپ، كىنو ئاپپاراتىنى
رېمونت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەنلىكتىن،
كىنو قويۇش ئۈچ ئايدەك توختاپ قالدى. لىن جىلۇ كىنو
قويۇشنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كىنو
ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەشۋىقات قورالى، بولۇپمۇ ھازىر
خەلقئارادا فاشىزمغا قارشى، دۆلەت ئىچىدە ياپون مىلى-
تارىزمىغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، كىنو ئاپ-
پاراتىنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشى ياخشى بولماپتۇ، دەپ قاراپ،
كىنو ئاپپاراتىنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەم تەكلىپ
قىلىشقا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن مېنى قەشقەرگە ئەۋەتتى.
مەن قەشقەر ساۋسىنتورگ ئارقىلىق ئابدۇرېھىم مەترېھىم
ئىسىملىك مېخانىكنى ئايلىقىغا 30 سوم (ئۈچ تىللا)
بېرىش شەرتى بىلەن ھەم بىر شوپۇرنى ئېلىپ كۈچاغا
كەلدىم. مېخانىكنىڭ پىكرى بويىچە، بىز ئاپپاراتنى ئۈ-
رۈمچىگە ئاپىرىپ، ئۈرۈمچى قاتناش ئىدارىسىدە 800
يۈەن (شىڭ شىسەي پۇلى) چىقىم قىلىپ، يېڭى بىر دىنام
ئالماشتۇردۇق. كۈچا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كىنو شىركىتى



تەشكىل قىلىپ مېنى مەسئۇللۇققا بەلگىلىدى. كىنو ئاپ-
پاراتىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشكە دارىلمۇئەللىمىندا ئوقۇۋاتقان ئاب-
دۇرېھىم ئالماس قاتارلىق بىرنەچچە ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى.
قويۇلىدىغان فىلىم ئېلان تاختىلىرىدا مەلۇم قىلىنىش
بىلەن بىرگە، سامساق قارى دېگەن كىشى دۇمباق چېلىپ،
بازار ئىچىدە قويۇلىدىغان فىلىمنىڭ نامى، ۋاقتى ۋە بې-
لەت باھاسىنى ئېغىزچە ئۇقتۇراتتى. كىنو فىلىملىرى ئايدا
بىر قېتىم ئاقسۇ ساۋسىنتورگتىن، ھەرقېتىمدا بەش - ئالتە
فىلىم ئېلىپ كېلىنەتتى. ئاقسۇغا فىلىم ئېلىشقا بارغىنى-
مىزدا كىنو ئاپپاراتىنى بىللە ئېلىپ مېڭىپ، ئاقسۇ كونى-
شەھەر، ئاۋات، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدە كىنو قوياتتۇق؛
ئاندىن كۈچاغا كەلگەندىن كېيىن، كۈچانىڭ ئۆزىدە ۋە
توقسۇ، شايار، بۈگۈر، كورلىلارغىچە ئاپىرىپ كىنو قو-
ياتتۇق. كىنو فىلىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن
ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشى مەزمۇن قىلىنغان «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «گراژ-
دانلار ئۇرۇشى»، «ماكسىم گوركىي»، «قۇدرەتلىك دولقۇن»،
«ئۇلۇغ ۋەتەن ئۈچۈن»، «ئالتۇنبىلىق»، «چىرايلىق ۋاسى-
لىسا»، «چاپايېۋ» قاتارلىق فىلىملەردىن ئىبارەت ئىدى.
فىلىمنىڭ سۆزى ئۆزبېكچە ۋە رۇسچە بولۇپ، كىنو قويۇ-
لۇشتىن ئىلگىرى فىلىمنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرچە چۈشەندۈ-
رۈلەتتى. مۇشۇ تەرىقىدە، كىنو شىركىتى ۋىلايىتىمىز تە-
ۋەسىدە ۋە قوشنا ۋىلايەت - ناھىيىلەردە يۈز مىڭلىغان
خەلق ئاممىسىغا كىنو فىلىملىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق،
خەلقنى ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇت-
قۇزۇش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى.
1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گىتلېر

ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ ستالىنگرادقىچە يېتىپ كەلگەندە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئاغدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار نەزەربەند قىلىندى ۋە قاماققا ئېلىندى. 1941 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى لىن جىلۇ سۈيىقەست بىلەن كۇچادىن يۆتكەپ كېتىلىپ، ئورنىغا خەن يىڭچىڭ ھاكىم بولدى. لىن جىلۇ كۇچادىن كەتمەكچى بولغاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابلىمىتخان نىياز لىن جىلۇنىڭ كۇچادا ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدى. ئەتىسى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئابلىمىتخان نىيازنى قاماققا ئالدى. 1941 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كىنو شىركىتى تاقىلىپ، كىنو ئاپپاراتى بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو ئاخباراتچىسى دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئېلىندىم، قالغانلار قېچىپ قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، كۇچادا كىنو قويۇش ئىشى تۇنجۇقتۇرۇلدى.

(بۇ ماقالە كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - سانلىق «تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مىللىي مائارىپىنىڭ ئەھۋالى

ئىمىن مەھەممەت

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن كۇچا ناھىيىسىدە خەلقنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى قوزغالدى ھەمدە بۇ ھەرىكەت مائارىپنى باشلامچى قىلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى قۇرغان شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) بولۇپ، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ ۋە خۇيزۇلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇغاندىن تاشقىرى، بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىمۇ خەنزۇ تىل يېزىقىدا ئوقۇيتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار شۆتاڭنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا تەرجىمانلىق ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتى. شۇ چاغلاردا كۇچادا بىرلا شۆتاڭ بولۇپ، ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقتا ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەكتەپلەر يوق ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، كۆپىنچە دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ

ئاددىي ساۋاتلىرىنى ئۆگىنەتتى. بۇدىنىي مەكتەپلەردە خەت يېزىش ئۆگىتىلمەيتتى. هال كۈنى ياخشىراق بەزى ئائىلىلەر بالىلىرىنى شەهەردىكى مەدرىستە ئوقۇتاتتى. ئوقۇغۇچىلار «قارى» بولغاندىن كېيىن، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. «قارى» بولغانلارنىڭ بەزىلىرى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇپ «داموللا» بولۇپ قايتىپ كېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ناهايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر دېهلى، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دىنىي ئىلىم ئۆگىنەتتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇ جايلاردا «ئىلمىي پارايىز» (ئالگېبرا-دىكى تۆت ئەمەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەقسىمات قائىدىلىرى)، «ئىلمىي مەنسە» (گېئومېترىيە)، «ئىلمىي نوجۇم» (ئاسترونومىيە)، ئىلمىي هەيئەت (پەلسەپە)، «تىببىي ئەكبەر» (تېبابەت قائىدىلىرى)، دەستۇردىل ئىلاج (داۋالاش چارىلىرى) قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەندى، بەزىلىرى «ناۋايى»، «خوجا هاپىز»، «سۇفى ئاللايار»، «شەيخ سەئىدى» قاتارلىق ئىسلام شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆگەندى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا هەرخىل ئىزدىنىشلەر پەيدا بولدى، بىر قىسمى ئاشۇ جايلاردىكى پەن - تېخنىكىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ ئىلهام ئالدى. يەنە بىر جەهەتتىن، سودا، ساياهەت ۋە هەج پائالىيەتلىرى بىلەن چەت ئەلگە چىققان بىرقىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلار سەپەر جەريانىدا پاكىستان، هىندىستان، مىسىر، ئەرەبىستان، تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، چەت ئەللەردە كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان يېڭىچە پەن - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆردى. تېخنىكىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلاردا پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپقا بىرخىل قىزىقىش پەيدا



بولدى. چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن دىنىي زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە هاجىلار دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، يېڭى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، تېخنىكا ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى هېس قىلدى ۋە تونۇپ يەتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، 1909 - يىللىرى ئاتۇش ۋە قەشقەردە مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار باشچىلىق قىلىپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى قۇردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا كۇچادا هامۇت هاجى باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، 1912 - يىل ئاخىرىدا مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، 1913 - يىلى ئوقۇش باشلاپ، كۇچادا تۇنجى قېتىم مىللىي مائارىپنى بارلىققا كەلتۈردى، شۇنداقلا كۇچانىڭ هازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدا ئىلىم - پەننىڭ تۇنجى مەشئىلىنى ياقتى. هامۇت هاجى بۇ مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاراڭغۇ زۇلمەتنى يېرىپ ئۆتۈپ، كۇچانىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالغۇچى بولۇپ قالدى.

## هامۇت هاجى ۋە كۇچادىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ

هامۇت هاجى 1887 - يىلى كۇچا ناهىيىسىنىڭ هازىرقى بىشباغ يېزىسىنىڭ چىنىباغ كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مۆمىن قارى هاجى كۇچادىكى چوڭ باي هەم تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. مۆمىن قارى هاجى هامۇت هاجىنى كىچىك ۋاقتىدىلا شەهەردىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا بەردى. هامۇت هاجى مەدرىستە ناهايىتى ياخشى ئوقۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا قارى بولۇشتىن تاشقىرى،

ناۋايى، خوجا ھاپىز، شەيخ سەئىدى قاتارلىق ئىسلام شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى ھەم خەت يېزىشنى ئۆگەندى. مۆمىن قارى ھاجى ئوغلى ھامۇت ھاجىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، موللا ئۆلىمالارنىڭ سۆھبەتلىرىگە باشلاپ باراتتى. موللا ئۆلىمالار ھامۇت ھاجىنىڭ زېرەكلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. مۆمىن قارى ھاجى ھامۇت ھاجىنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئىقتىدارلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇنى چەت ئەلدە ئوقۇتماقچى بولدى. تەخمىنەن 1905 - يىللىرى مۆمىن قارى ھاجى ھەجگە بېرىش سەپىرىدە ھامۇت ھاجىنى بىرگە ئېلىپ باردى. ئەرەبىستانغا بېرىپ - كېلىش جەريانىدا ھىندىستان، پاكىستان، مىسىر، تۈركىيە ھەم روسىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، چەت ئەلنىڭ ئىلىم- پەن تەرەققىياتى بىلەن تونۇشتى. بۇ جەرياندا ھامۇت ھاجى تۈركىيە ۋە روسىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا زىيارەت قىلدى. ئۇ جايلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى، مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن، ھامۇت ھاجىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، مەكتەپ قۇرۇپ ئىلىم -پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسى كۈچەيدى. ئەسلىدە مۆمىن قارى ھاجى ئوغلى ھامۇت ھاجىنى چەت ئەلدە ئوقۇتماقچى بولغانىدى. بىراق، بۇ چاغلاردا 1905 - يىلدىكى روسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان ھەم ۋەزىيەت تۇراقسىز



بولۇۋاتقان بولغاچقا، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مائارىپ تارماقلىرى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇڭلاشقا، ھامۇت ھاجى ئاتىسى مۆمىن قارى ھاجىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاتىسى بىلەن بىرگە يۇرتقا قايتىپ، ئۆز يۇرتىدا مەكتەپ قۇرۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى. بۇلار يۇرتقا قايتىش سەپىرىدە مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەكتەپ قۇرۇش پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

ھامۇت ھاجى يۇرتقا قايتىپ كەلگەندە كاستيۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، غەرب پاسونىدا ياسىنىپ كەلگەندى. ئۇنىڭ گەپ - سۆز ۋە قىياپىتى ياشلارنىڭ ۋە يېڭىلىقنى ياقىلىغۇچى ئىلغار زاتلارنىڭ قىزىقىشى ۋە قوللىشىنى قوزغىسا، بىر قىسىم كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. لېكىن ئۇ، كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماستىن، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە ئىلغار ياشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ چەت ئەلدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە مۇسايۇپ شاكىرزۇك، نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇقېيۇم ئاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇن، ئابدىرېھىم ھاجى، سەۋلەت ئابدۇمىجىت قازى ئاخۇن (بۇلار شۇ چاغدا ياش ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەمەل ناملىرى كېيىن قوشۇلغان) قاتارلىق ياشلار بىر تەشكىلات قۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتقا ھامۇت ھاجى رەئىس بولدى. ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش پىلانى يۇقىرىقى ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ھېلىم ھاجى، ئېيزىز ھاجى سەرراپ قاتارلىق چوڭ بايلار ھەمدە يۇرت

چوڭلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى. بىراق، ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش پىلانى تېخى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا، دىنىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ھەر خىل پىتنە - پاساتلارنى توقۇپ، ۋاڭ ئوردىسىغا ئەرزگە باردى. ئۇ چاغدا كۇچادىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىك ئىشلاردىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. ۋاڭ ئوردىسى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، مۇرەسسەچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1 - پەننىي مەكتەپنى شەھەر ئىچىدە قۇرماي، ئاھالىسى شالاڭراق چەت يېزىلاردا قۇرۇش، 2 - مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خىراجەت ئاجراتماسلىق، مەكتەپ خىراجىتىنى مەكتەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئۈستىگە ئېلىش، 3 - ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئىختىيارى قىلغانلارنى قوبۇل قىلىش، جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلماسلىق، 4 - مەكتەپنىڭ نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىپ، مەكتەپ ئېچىش مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈش، 5 - مەكتەپ دىنىي ئورۇنلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، مەكتەپ دەرسلىكىگە دىنىي دەرس كىرگۈزۈش، دىنىي دەرس ئۆتمىسە مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىقلار.

دېمەك، ھۆكۈمەت ھامۇت ھاجىنىڭ مەكتەپ قۇرۇش پىلانىغا قارشى تۇرماسلىق، ھەم قوللىماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

ھامۇت ھاجى ۋاڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان دوستى ھاپىز خوجا ئارقىلىق دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان



دىن كېيىن، ئىلغار ياشلار ئىچىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى يەنى 1 - مەكتەپنى ھامۇت ھاجى شەخسىي قۇرۇش، قۇرۇلۇش چىقىمىنى ھامۇت ھاجى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىش، 2 - مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ھامۇت ھاجى يېڭى مەھەللىدىكى زېمىنىدىن 10 مو يەر ئاجرىتىش، 3 - مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خىراجەتلەرنى ئىئانە توپلاش ۋە ئوقۇتۇش بەدەل پۇلى ئېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش، 4 - مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، مەكتەپنى مۇستەقىل باشقۇرۇش، 5 - مەكتەپتە پەننىي دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە «ئىبادەت ئىسلام»، «ئاقايىت زۆرۈر» قاتارلىق دىنىي ئوقۇشلۇقلارنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، 6 - مەكتەپكە ئىختىيار قىلغانلارنى قوبۇل قىلىش، مائارىپنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھامۇت ھاجى مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئابدۇمەجىت سابىر ھاجى ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. نىزامىدىن ئەپەندى، مۇسايۇپ شاڭزۇڭ، ئىسمايىل ھەققۇل قاتارلىقلار تەشكىللەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ھېلىم ھاجى، ئابدۇقېيۇم ئاخۇنلار ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىككە تەكلىپ قىلىندى. ھامۇت ھاجى بىر تەرەپتىن مەكتەپ قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچى ۋە دەرسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قەشقەر ۋە ئاتۇشتىكى ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تۈركىيىدىن قەشقەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان ئابلىمىت ھەققۇل، ئېلى نەزەر، ياقۇپ ئەپەندى، ئوسمان ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. 1909 - يىلى روسىيىنىڭ

قازان شەھىرىدە بېسىلغان بىر يۈرۈش دەرسلىك كىتابلارنى كىرگۈزدى (بۇ كىتابلار ھازىر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ). مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1912 - يىلى پۈتتى. لېكىن بۇ يېڭى قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئېلىش شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا ناھايىتى قىيىن مەسىلە ئىدى. يەنە شۇ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر: «ھامۇت ھاجى چەت ئەلگە چىقىپ دەھرى بولۇپ كەپتۇ، ھامۇت ھاجىنىڭ ئاچقان مەكتىپىدە ئوقۇغانلار جىدىت، دەھرى، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ، پەننىي مەكتەپنى ئوقۇغۇچىسىز قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقىمۇ نەتىجە بەرمىدى. ھامۇت ھاجىنىڭ ئاتىسى مۆمىن قارى ھاجى كۇچادىكى كاتتا باي بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھامۇت ھاجى جامائەت پىكرى توپلاپ، تەرەققىيپەرۋەر بايلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئىلغار ياشلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھامۇت ھاجى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتتە تۆكچىلىق قىلىدىغان ساۋۇت بەگنىڭ قىزى مەرەمنىساخانغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ساۋۇت بەگمۇ تەسىرى زور ئادەم ئىدى. ئۇ كۈيئوغلى ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭى پەننىي مەكتەپ ئېچىشىنى قوللايتتى. ھامۇت ھاجى مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە تايىنىپ، كۇچا خەلقىنىڭ باغ سەيلىسى قىلىدىغان ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆرۈك پىشىشىغا توغرىلاپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، جامائەت ئەربابلىرى، بايلار ھەم تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى چىنىباغدىكى بېغىغا تەكلىپ قىلىپ، چوڭ زىياپەت بەردى. بۇ زىياپەتكە كۇچانىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي ئەمەلدارى



قادىر ھاجى (خاتۇڭلىك)، مەشھۇر ئەرباب ھېلىم ھاجى، ئېزىز ھاجى قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ھامۇت ھاجى ئۆزىنىڭ چەت ئەلدە كۆرگەن تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ يېڭى پەننىي مەكتەپ ئېچىش مەقسىتىنى ئېنىق شەرھلەپ، يېڭى مەكتەپنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى دوكلات قىلدى. ھېلىم ھاجىمۇ ئۆزىنىڭ چەت ئەلدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ، يېڭى پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنى قوللىدى. قادىر ھاجى بۇرۇن تۇرپاندا شۆتاڭدا ئوقۇغان، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ پەن - تېخنىكىنىڭ بىر قىسىم مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەن بولغاچقا، يېڭى پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنى قوللاپ ئىككى بالىسىنى بۇ يېڭى پەننىي مەكتەپكە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەرراپ ئېزىز ھاجى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئوغلى ئابدۇللا ھاجى بىلەن قىزى سوپىيەنى بۇ يېڭى پەننىي مەكتەپكە تىزىملاتتى. بۇ قېتىمقى زىياپەتنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى زور بولدى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى. بولۇپمۇ سودا - سانائەتچىلەر بالىلىرىنى بۇ يېڭى پەننىي مەكتەپكە بەس - بەس بىلەن تىزىملاتتى. نەتىجىدە، يۈزدىن ئارتۇق ئوغۇل ئوقۇغۇچى، ئىككى نەپەر قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 1913 - يىلىنىڭ بېشىدا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى، بۇ مەكتەپنىڭ نامى «كۇچا ناھىيە يېڭى مەھەللە ئىپتىدائىي نىزام مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.

ئىككى قىز ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى سەرراپ ئېزىز ھاجىنىڭ 15 — 16 ياشلاردىكى قىزى سوپىيەم بولۇپ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ قۇرئان ساۋادىنى چىقارغان ھەم ناۋايى، خوجا ھاپىز، سوپى ئاللايار قاتارلىق ئىسلام شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، قازاندا بېسىلغان تىل - ئەدەبىيات كىتابلى-

رىنى كۆرگەنىدى. يەنە بىرى ئەكرەم ئەپەندىنىڭ قىزى شاراپەتخان ئىدى. ئەكرەم ئەپەندى تەخمىنەن 1907 - يىللىرى سودىگەرچىلىك بىلەن قەشقەردىن كۇچاغا كەلگىنىدە كۇچانىڭ ھاۋاسىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئۇچاردا دەم ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ كىشى مەدەنىي يۈرۈيدىغان، تۈركچە تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان، تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. شاراپەتخان شۇ چاغدا 16 ياشلاردا بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىدە ساۋات چىقىرىپ خېلىلا بىلىملىك بولۇپ قالغانىدى.

يېڭى پەننىي مەكتەپنىڭ قىزغىن قوللاشقا ئېرىشكەنلىكى ۋە ھامۇت ھاجىنىڭ شۆھرىتىنىڭ بارغانچە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۇچلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، لۈكچەكلەرنى توپلاپ، يېڭى پەننىي مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇنداق ۋەقە ئىككى قېتىم يۈز بەردى. بىرىنچى قېتىمدا، بۇ مۇتەئەسسىپ كۇچلەر قىغ دۆڭ ۋە خەندەك بويى كوچىدا بىر توپ لۈكچەكلەرنى توپلاپ: «يېڭى پەننىي مەكتەپ دىنىي قائىدىلەرگە بويسۇنمىدى، ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى، جىددىتلىق يولىغا ماڭدى» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن مەكتەپكە بېسىپ كىرىپ، مەكتەپنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ھامۇت ھاجى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەمەتجان قاتارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، لۈكچەكلەرنى چېكىندۈرۈپ، مەكتەپنى قوغداپ قالدى. يەنە بىر قېتىملىق ۋەقە 1914-يىلى يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى ۋەقەگە ۋالىي ئوردىسى يادرو بولدى، ئۇلار بىر تۈركۈم يۇقىرى قاتلام كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنى توپلاپ: «مەكتەپ دىنىي دەرس ئۆتمىدى» دېگەن



باھانە بىلەن ئابلىزنۇر ھاجى، ئابدۇراخمان ئىبراھىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ۋالىي ئوردىسىغا سولاپ قويىدى. ۋالىي ئوردىسى داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ۋە يېزىلاردىن بىر سوراقچىلار ئۆمىكى تەشكىللەپ چىقتى. سوراق جەريانىدا ھامۇت ھاجى سوراقچىلارغا سوئال قويۇپ، ئۇلارنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار «دىنىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى» دېگەن پەتۋالىرى پۈت دەسسەپ تۇرالمىدى. ئوقۇغۇچىلار قىرائەت قىلىپ، سوراقچىلارنى مات قىلدى، ئاخىردا ئۇلار «ئوقۇتۇش سۈپىتى ناچار» دېگەن باھانە بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئالماقچى بولۇپ، ھېساب، جۇغراپىيە، تىل ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەردىن بىر مۇنچە سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئوقۇغۇچىلار بىمالال جاۋاب بەردى. ھالبۇكى، ئىمتىھان ئالماقچى بولغان جانابلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئاخىرى سوراقچىلار مەغلۇپ بولدى، ھامۇت ھاجى غەلىبە قىلدى. مەكتەپ نورمال ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى.

يېرىم يىللىق ئوقۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. سوپىيەم بىلەن شاراپەتخانىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇنى كۆرگەن ئىلغار زاتلار قىزلار سىنىپى ئېچىپ، بۇ ئىككى قىزنى ئوقۇتقۇچى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ھامۇت ھاجى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدىكى مېھمانخانىسىنى سىنىپقا ئۆزگەرتىپ، جوزا - ئورۇندۇق، دوسكا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىزلار سىنىپى تەشكىل قىلدى. شەھەر ئىچىدە قىزلار سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. نەتى-

جىدە، يىگىرمەدىن ئارتۇق قىز ۋە ئوندەك چوكان قوبۇل قىلىپ، 1913 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوقۇش باشلىدى. لېكىن بۇ قىزلار سىنىپىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى. 1914 - يىلى سوپىيەم خانىم ئابدۇمەسجىت قازي ئاخۇن بىلەن، شاراپەت خانىم شايارلىق هاجى ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن توي قىلىپ، كۇچانىڭ هازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى سوپىيەم خانىم بىلەن شاراپەت خانىم ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى زامان بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولغان ئىرىشچانلىقلىرى كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئوقۇغان قىزلاردىن بىرمۇنچىسى كۇچانىڭ كېيىنكى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا مۇهىم رول ئوينىدى. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. 1914 - يىلى تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار قايتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياقۇپ سېيىت، ئابلىز قاهار هاجى، ئابلا هاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇللەم قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. 1916 - يىلى كۇچانىڭ هازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى يەنىني مەكتەپنىڭ 100 دىن ئارتۇقراق ئوقۇغۇچىسى تۇنجى قېتىم مەكتەپ پۈتتۈردى. ئۇلار كۇچا ناهىيىسىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى زىيالىيلىرى بولۇپ قالدى. بىرمۇنچىسى كېيىنكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە مۇهىم رول ئوينىدى. بىراق، 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۇچادىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش توختىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە ياڭ زىڭشىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى. كۇچانىڭ هازىرقى زامان



مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مەشئەل — يېڭى مەهەللە يەنىنى مەكتىپى 4 يىلدىن ئارتۇقراق نۇر چېچىپ ئۆچكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇرى كۇچا خەلقىنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۇچانىڭ كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. هامۇت هاجى كۇچانىڭ كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرىدا ئابلىمىت مەخسۇم قاتارلىق ئىلغار زاتلار بىلەن بىرگە هارماي-تالماي كۈرەش قىلىپ، ئۆز هاياتىنى كۇچانىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئۇ، 1937 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىرىنچى قېتىملىق تۇتقۇندا ئۇ شىڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تەخمىنەن 1941 - يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولدى.

## كۇچا ناهىيىسىنىڭ 1934 - يىلدىن كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرى

خوجنىياز هاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېهقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، 1933 - يىلى 3 - ئايدا كۇچادىكى ئۇلاغ ترانسپوت شىركىتىنىڭ باشلىقى تۆمۈر ئېلى ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. كۇچا ۋاڭ ئوردىسىدا تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان مەهپۇز ۋاڭ تۆمۈر ئېلىنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللاپ، ئەسكەر باشلاپ بىرلىكتە جەڭگە ئاتلاندى. قوزغىلاڭچىلار تېزلا كۇچادىكى كونا هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، كۇچا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا كۇچادىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلار يەنە يەنىني مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى.

1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن

شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1934 - يىلى باھاردا «كۇچا نەشرى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشكىلات بولۇپ، ئابلىمىت مەخسۇم، ھامۇت ھاجى، مۇسايۇپ شاڭزۇڭ، ئابدۇمەجىت سابىر ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى شاڭزۇڭ، ئابلىمىتخان نىياز، ئابدۇرېھىم قارى، تۇرسۇن ئاخۇن (خوتەنلىك)، نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇۋايىت روزى، موللانىياز ئاخۇن، ئابدۇقادىر مۇختار، شىرىپ ھوشۇر قاتارلىق 13 كىشى بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولدى. ئابلىمىت مەخسۇم مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ 1- قېتىملىق يىغىنى تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى:

1- ئامما ئىچىدە پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،

2 - پۈتۈن ناھىيىدە يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش، شەھەردىلا مەكتەپ قۇرۇپ قالماستىن، يېزا — كەنتلەردىمۇ مەكتەپ قۇرۇش،

3 - ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىن قاتارلىق ئورۇنلارنى قۇرۇش.

بۇ بىرنەچچە بەلگىلىمە ئەينى چاغدا شىڭ شىسەينىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىردەك ئىدى. شۇڭلاشقا، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ قالماستىن، بەلكى كەڭ ئاممىنىڭ جۈملىدىن دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى. كۇچا مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى، زور ئۆلىما مۇسايۇپ داموللا ھاجى، ئاتاقلىق دىنىي زات ھامۇت داموللا ھاجى



قاتارلىق يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارمۇ ئامما ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. لېكىن بۇ چاغدا پەننىي مەكتەپنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى تېخى ئىشلەنمىگەنىدى.

1934 - يىلى خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە ئاقسۇغا كېلىپ ئىككى ئايدەك تۇرغاندا، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاقسۇدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى. خوجىنىياز ھاجى يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىزغىن قوللىغانلىقىنى ئاڭلىغان كۇچا نەشرى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى خوجىنىياز ھاجى كۇچاغا كەلگۈچە مەكتەپ قۇرماقچى بولۇپ، ھاكىم ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ تەكلىپى بويىچە ھازىرقى كۇچا كونا شەھەر يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېنىدىكى (1933 - يىلىدىكى كۇچا قوزغىلىڭىدا بۇتلىرى چېقىۋېتىلگەن) بۇتخانىنى تۈزەشتۈرۈپ مەكتەپ ئورنى قىلدى. ھامۇت ھاجى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مىڭ سەر ياچەن تەقدىم قىلدى. باشقا تەرەققىيپەرۋەر زاتلارمۇ ياردەم قىلدى. ئابلىمىت مەخسۇم مەكتەپ مۇدىرى بولدى. مەكتەپكە 109 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ھامۇت ھاجىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بۇ قېتىم قۇرۇلغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئاقسۇدىن مەۋلانجان تۇردى، غۇلجىدىن قۇربانجان، تۇرپاندىن مۇقىيت ئەپەندىلەرمۇ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. قەشقەردىن ھامۇتجان خېتىپ (ئابدۇقادىر داموللىنىڭ شاگىرتى) كېلىپ، دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە

ئالدى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا «كۇچا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئالىيە، بىپەرمايىش هاجى خوجىنىيازىيە» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلىپ، 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رەسمىي دەرس باشلاندى. خوجىنىياز هاجى ئاقسۇدىن كۇچاغا كەلگىنىدە، مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن قوللىدى. 1934 - يىلى كۇچا ناهىيە پاختا بازىرىدا يەنە بىر يېڭى پەننىي مەكتەپ تۆمۈر ئېلى سىجاڭنىڭ قوللىشى بىلەن قۇرۇلۇپ، «تۆمۈر غازى مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. سودىگەر ئەمرۇللاخان شاڭزۇڭ ئۆز راسخودى بىلەن قىلىچ ئاتام دېگەن جايدا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىپ، ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەپتەر مائاشىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلەم راسخوتىنى ئۆزى چىقىرىپ، ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ مەكتەپكە «كۇچا بىرىنچى ئىپتىدائىي مەكتىپى، ئەمرۇللابەك يوسۇپى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلدى. ئارقىدىنلا يۇنۇس ئاخۇن باي راسخوت چىقىرىپ، كۇچا ناهىيىلىك قىرائەتخانىغا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بەردى. 1935 - يىلى 9 - ئايدا ئابلىمىتخان مەخسۇم ۋە سوفىيە ئىبراهىم ئاگىسىۋانىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كۇچادا تۇنجى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 1935 - يىلى 10 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ۋە خەنزۇ، خۇيزۇ، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئابلەم باي رەئىس بولدى. كۇچا نەشرىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى تارقىتىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتى. چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن موللا مەمەت هاجى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مائارىپ مۇدىرى بولدى.



ئابلىمىت مەخسۇم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سەركاتىپى هەم دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرى بولدى.

1945 - يىلى 6 - ئايدا كۇچا دارىلمۇئەللىمىننىڭ 1 - قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، هەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇقلاندى، 7 - ئايدا 2 - قارارغا 80 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش باشلاندى. 1936 - يىلى پۈتۈن ناهىيە بويىچە هۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئىككى شەخس قۇرغان مەكتەپ بىلەن 36 گە يېتىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى 210 كىشىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 4600 نەپەرگە باردى. شۇ يىلى كۈزدە دارىلمۇئەللىمىننىڭ 2 - قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇقلاندى. بۇنىڭ بىلەن، كۇچا ناهىيىسىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. يېزىلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن مەكتەپ قۇرۇلدى. هەتتا ئالاقاغا، چارشەنبە، قارابۇقا قاتارلىق يېزا كەنتلەردە قىزلار مەكتەپلىرى قۇرۇلدى.

1939 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يولداش لىن جىلۇ كۇچا ناهىيىسىنىڭ هاكىمى بولۇپ كەلدى. لىن جىلۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ زور قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋاهاپ هاجى لىن جىلۇنىڭ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزى راسخوت چىقىرىپ، كۇچا گۈڭگاڭدا 10 سىنىپلىق ئىككى قەۋەتلىك بىر مەكتەپ سالدۇردى، مۇشۇ مەزگىلدە هۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپ 13 كە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان مەكتەپ 34 كە، خەنزۇ - خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى

باشقۇرغان مەكتەپ ئىككىگە، سىنىپ سانى 251 گە، ئوقۇتقۇچىلار 265 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار 8600 نەپەرگە يېتىپ، كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1943 - يىلى گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرىپ، 1944 - يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەردە گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى چېكىنىپ كەتتى.

## كۇچانىڭ مىللىي مائارىپىدىكى تۆھپىكار ئابلىمىت مەخسۇم

ئابلىمىت مەخسۇم 1896 - يىلى كۇچا ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى سابىر ھاجى كۇچادىكى ئاتاقلىق زات ئىدى. سابىر ھاجى ھەجگە بېرىپ كېلىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە يۈرۈپ يېڭىلىقلارنى كۆردى ۋە ئۆگەندى. يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھامۇت ھاجى 1913 — 1917 - يىللىرى ئاچقان تۇنجى پەننىي مەكتەپنى قىزغىن قوللىدى. ئابلىمىت مەخسۇم مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيە ئالغانىدى. ئابلىمىت مەخسۇم بالىلىق دەۋرىدە كۇچادىكى داڭلىق مۇدەررىس ئابلىتىپ داموللا ۋە سەيدۇللا ھاجىدىن دەرس ئالغان ھەم ئۆز ئائىلىسىدە يېڭى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ساۋاتىنى چىقارغانىدى. ھامۇت ھاجى مەكتەپ ئاچقان مەزگىلدە ئابلىمىت مەخسۇم قەشقەر مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ قەشقەردە ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگۈزۈلگەن پەننىي



دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، خەتتاتلىقنىمۇ ئۆگىنىپ ئۇستا خەتتات بولۇپ چىقتى ھەم قەشقەردە تەلىم ئېلىۋاتقان تالىپلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدارلىق ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ھامۇت ھاجى ئابلىمىت مەخسۇمنى يېڭى مەھەللىدە قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلماقچى بولغاندا، ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ئاتىسى سابىر ھاجى «بالىنىڭ ئوقۇشى تۈگىگىچە ساقلاپ تۇرساق» دېگەنىدى. ئابلىمىت مەخسۇم داۋاملىق قەشقەردە ئوقۇدى. 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئابلىمىت مەخسۇم قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ كۇچاغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كۇچاغا كېلىپلا ھامۇت ھاجىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ بېرىپ: «ئۆزلىرىنىڭ كۇچادا پەننىي مەكتەپ قۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغانىدىم. كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى كۆپ ئۆكۈندۈم، ھازىر قەشقەردە يېڭى مائارىپ ناھايىتى تېز راۋاجلىنىۋاتىدۇ. بىز يەنە سىلى ئۆز ۋاقتىدا قۇرغان مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. ھامۇت ھاجى بىلەن ئابلىمىت مەخسۇم بۇ مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، قادىر ھاجى ئورنىغا ئوغلى ئابدۇۋايىت شاۋيىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كەتكەنىدى. كېيىن ياڭ چېمىن كۇچاغا تۇڭلىڭ بولۇپ كەلدى. بۇ چاغدىكى كۇچا ھاكىمىيىتى جىن شۇرېننىڭ پەن-مەدەنىيەتنى چەكلەش سىياسىتىنى كۈچەپ يولغا قويۇۋاتقان بولغاچقا، ھامۇت ھاجى بىلەن ئابلىمىت

مەخسۇمنىڭ مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى تىرىشچانلىقى نەتىجە بەرمىدى. شۇڭلاشقا، ئابلىمىت مەخسۇم خەتتاتلىق ئارقىلىق ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى. 1928 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە كۇچا خانىقاسى قايتا سېلىنغاندا، ئابلىمىت مەخسۇم شاگىرتلىرى بىلەن بىرگە كۇچا خانىقاسىغا يېزىلىدىغان خەتلەرنى ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ چىقتى. يەنە بەزى ئىدارىلەرنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى يازدى. ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ يازغان ھۆسن خەتلىرى كەڭ جامائەتنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياش ھەۋەسكارلار ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ ھۆسن خەت ئۆگەندى. ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ھۆسن خەت نۇسخىسى 36 خىل بولۇپ، ئۇ بۇ ھۆسن خەت نۇسخىلىرىنى يېزىش قائىدىلىرىنى خۇلاسىلەپ «ھۆسن خەت قائىدىلىرى» دېگەن بىر كىتاب يېزىپ چىقتى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھۆسن خەت ئۆگىنىش يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ھەتتا يېزىلاردىمۇ ھۆسن خەت ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلدى (ئابلىمىت مەخسۇم يازغان «ھۆسن خەت قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۈسۈپ نەزەر ساقلىغان بولۇپ، كېيىن باشقىلار ئېلىپ ئوقۇپ يۈتتۈرۈپ قويغان). ئابلىمىت مەخسۇم بۇ ھۆسن خەت كۇرسىدا پەن — مەدەنىيەت ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلدى ھەم ئۆز شاگىرتلىرىغا تىل ئەدەبىيات، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەتتى. 1934 - يىلدىن كېيىن ئابلىمىت مەخسۇم كۇچادىكى ئىلغار زاتلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىلىم - پەن



ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى. 1936 - يىلى ناسىر بەگ (ما پۇشاڭ) كۇچاغا ھاكىم بولۇپ كېلىپ، ئابلىمىت مەخسۇم قاتارلىق ئىلغار كۈچلەرگە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى. يەنە شۇ يىلى بىر بۆلۈم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئابلىھەمىت مەخسۇم «پەننى تەشۋىق قىلىپ، دىننى سۇسلاشتۇردى» دېگەن باھانە بىلەن ئابلىمىت مەخسۇم ۋە موللا مەمەت ھاجىنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، خانىقادىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، ئابلىمىت مەخسۇم ۋە موللا مەمەت ھاجىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ ھەم شاپىلاقلاپ ھاقارەت قىلدى. لېكىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۇنداق قارشىلىقلىرى ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ئىلىم - پەننى يۈكسەلدۈرۈش روھىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىدى. ئابلىمىت مەخسۇم كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. 1937 - يىلى 3 - ئايدا شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى ئابلىمىت مەخسۇمنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ تۈرمىگە تاشلىدى. 1943 - يىلى ئابلىھەمىت مەخسۇم تۈرمىدىن چىقىپ كۇچاغا كەلدى. بۇ چاغدا ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ئايالى باشقىلار بىلەن توي قىلىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال ئابلىمىت مەخسۇمغا ئېغىر ئەلەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابلىمىت مەخسۇم تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ئۆتمەكچى بولۇپ غۇلجىغا كېتىپ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل بىلەن 1944 - يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك پىداكارلىق روھى

كۇچا خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. كۇچا خەلقى ھازىرمۇ ئابلىمىت مەخسۇمنى ياد ئېتىدۇ.

## سوپىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋا ۋە كۇچادىكى تۇنجى قىزلار مەكتىپى

سوپىيە ئىبراھىم قىزى ئاگىيېۋا 1902 - يىلى روسىيەدىكى موسكۋا شەھىرى بىلەن قازان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋولگا (ئىدىل) دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قاسىم رابات دېگەن كىچىك شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىبراھىم ئاگىيېۋا ئىسىملىك تاتار مەزىن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1917 - يىلى موسكۋا گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، دىزىرژىنسكى نامىدىكى يېتىملار مەكتىپىگە مۇئەللىم بولغان. 1920 - يىلى مەرغىلانلىق سودىگەر ئەززەمخان تۆرە بىلەن توي قىلغان. 1924 - يىلى يولدىشى ئەززەمخان تۆرە بىلەن بىرگە مائارىپ ساھەسى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان تەزىيە بىلدۈرۈش قوشۇنى تەركىبىدە لېنىننىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقان. 1925 - يىلى يولدىشى ئەززەمخان تۆرە بىلەن بىرگە شىنجاڭغا ئۆتۈپ، شۇ يىلى ئەتىيازدا كۇچاغا كېلىپ، كۇچېرىق بويىدا ئولتۇراقلاشقان. 1933 - يىلغىچە سوپىيە خانىم ئۈچ باللىق بولغان. ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ داۋالىنىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا جۈملىدىن كۇچادا خەلق ئىنقىلابى پارتلاپ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ سەپەرگە چىقالمىغان. 1933 - يىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى



خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە ئۆتۈشتە كۇچادا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغىنىدا، ئەززەمخان تۆرە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خوجىنىياز ھاجىغا مۇشاۋىر بولغان. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە ماڭغاندا ئەززەمخان تۆرە بىرگە كەتكەن. سوپىيە خانىم باللىرى بىلەن كۇچادا قالغان. 1935 - يىلى خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەردىن ئاقسۇغا كېلىپ ئىككى ئاي تۇرغاندا، ئابلىمىت مەخسۇم باشچىلىقىدىكى كۇچا نەشرى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى كۇچا دارىلمۇئەللىمىنىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرگە قىزلار مەكتىپى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن. سوپىيە خانىم قىزلار مەكتىپىنىڭ تەييارلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. خوجىنىياز ھاجى كۇچاغا كەلگەندە ئەززەمخان تۆرە بىرگە كەلگەن. خوجىنىياز ھاجى كۇچادا دارىلمۇئەللىمىنىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئابلىمىت مەخسۇم، ھامۇت ھاجى، ئابدۇمىجىت قازى ئاخۇنۇم، نىزامىدىن ئەپەندى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار دارىلمۇئەللىمىنىنى قۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قىزلار مەكتىپى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەييارلىق ئەھۋالىنىمۇ دوكلات قىلغان. بۇ چاغدا ئەززەمخان تۆرە: «مېنىڭ ئايالىم سوپىيە خانىم موسكۋادا مۇئەللىم بولغان، ھازىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆمرى بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، قىزلار مەكتىپى قۇرساڭلار مېنىڭ ئايالىم مۇئەللىم بولسا بولىدۇ» دېگەن. ئابلىمىت مەخسۇم چوقۇم قىزلار مەكتىپى قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خوجىنىياز ھاجى «ياخشى ئويلاپسىلەر، تېزرەك قۇرۇپ

چىقىڭلار» دەپ، قىزلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۇچئېرىق بويىدا كىچىكرەك بىر دىنىي مەكتەپ بولۇپ، مۇسايۇپ داموللاھاجى قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ دىنىي مەكتەپتە مۇدەررىس بولغانىدى. مۇسايۇپ داموللاھاجى قەشقەردە ئوقۇغان چېغىدىلا ياخشى ئوقۇپ داڭق چىقارغانىدى، كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن دىنىي ئىلىمدە تېخىمۇ چوڭ شۆھرەت قازانىدى. بۇ چاغلاردا ساقساق مەدرىسنى ئابلەم باي بىلەن سادىق ھاجى قايتا ياساتقان بولۇپ، بۇ مەدرىسكە قەشقەردىن مۇدەررىس تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ يۈرەتتى. ھېلىم ھاجى: «مۇسايۇپ ئاخۇن خەلپىتىم قەشقەردە ياخشى ئوقۇغانىكەن، دىنىي ئىلمى چوڭقۇر ئىكەن، مۇسايۇپ ئاخۇن خەلپىتىمنى مۇدەررىس قىلساق» دەپ تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسايۇپ داموللاھاجى (ئۇ چاغدا تېخى ھاجى بولمىغان) ساقساق مەدرىسكە مۇدەررىس بولدى. كۇچئېرىق بويىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ تالىپلىرى ساقساق مەدرىسكە كېلىپ ئوقۇپ، كۇچئېرىق بويىدىكى دىنىي مەكتەپ ئاساسەن بوش قالغانىدى. كۇچانىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى قادىر ھاجى خوجانىياز ھاجى تەرىپىدىن قويۇلغان كىشى ئىدى. كۇچا نەشرىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى قادىر ھاجىنىڭ قىزلار مەكتىپىگە ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قادىر ھاجى يۇقىرىقى دىنىي مەكتەپنىڭ ئورنىنى رېمونت قىلىپ پەننىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىشنى كۆرسەتتى. ئەززەمخان تۆرە بىلەن سوپىيە خانىم بۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىزغىن قوللاپ، بۇرۇن ئۆي سېلىشقا



تەييارلاپ قويغان رام كېشەكلەرنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتكىچە ئەززەمخان تۆرە خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كەتتى. سوپىيە خانىم ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ، قىزلارنى ئوقۇتۇشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. نەتىجىدە 50 نەپەردىن ئارتۇقراق قىزلار مەكتەپكە تىزىملاندى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. سوپىيە خانىم مەكتەپنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، دەسلەپتە پەننىي دەرسلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت قائىدىلىرى، قىرائەت سۈرىلىرى ھەمدە كىيىم پىچىش - تىكىش، دوپپا تىكىش، تور توقۇش، رەشلىيە ئىشلەش قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە دەرس ئۆتۈپ، قول ھۈنەرلىرىنى بىۋاستە ئۆگەتتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە قىزلار قۇرئاننى قىرائەت قىلالايدىغان، خەت يېزىپ كىتاب ئوقۇيالايدىغان، كىيىم پىچىش - تىكىش، دوپپا تىكىش، تور توقۇش، رەشلىيە ئىشلەش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنى قىلالايدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى ئارقا - ئارقىدىن قىزلىرىنى بۇ مەكتەپكە بېرىشتى. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار 200 دىن ئاشتى. ئابلىمىت مەخسۇم، موللا مەمەت ھاجىلار بۇ مەكتەپنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن قوللىدى. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۇچا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىزلار مەكتىپى رەسمىي ئۇيۇشما تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈلدى. سوپىيە خانىم قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، مائارىپ مۇدىرلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مائاش بەلگىلەندى. بۇ

ۋاقىتتىكى ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا دىنىي دەرسلەرنىڭ سىرتىدا، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تارىخ قاتارلىق دەرسلەر تەدرىجىي كىرگۈزۈلۈپ، مەكتەپتە ئاساسەن پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان بولدى. سىنىپ سانى، دەرس مەزمۇنى، ئوقۇغۇچىلار سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ بارغانلىقتىن، سوپىيە خانىمنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ چاغدا كۇچادا ئاياللاردىن ئوقۇتقۇچى بولالىغۇدەكلەر ئىنتايىن كەم ئىدى. شۇڭا، غۇلجىدىن كۇچاغا كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان چوڭ سودىگەر (تاتار) نىمەتۇللا ئەپەندىنىڭ ئايالى مەريەم خانىم، قىزلىرى زەكىيە، ئەلفىيە خانىم، كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاتار ھاكىمجاننىڭ قىزى (مىرقاسىمنىڭ ئاچىسى) مۇكەررەم خانىملار، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئۆزبېك خەدىچە خانىم، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ئەۋەتكەن شەمسى قەمەر، سەلىمە خانىملار، كۇچا ناھىيىلىك سابىق ساقچى باشلىقى زەپەر مۇناسىپوپ (تاتار) نىڭ ئايالى شۇكرە خانىملار ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، پەننىي دەرسلەرنى ئۆتتى. بۇ ئالتە - يەتتە نەپەر تاتار خانىملارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە ئىدى. بۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ شۆھرىتى بارغانسېرى ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەي قالدى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى 1 - ، 2 - قارارلىق دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن يېشى كىچىكرەك ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇخالىق تۇردى قاتارلىق بەش - ئالتە كىشىنى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلىدى ھەم قىزلار مەكتىپىنىڭ بىلىم قابىلىيىتى يۇقىرىراق ئوقۇغۇچىلىرىنى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلەپ،



ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇ ۋاقىتتا قىزلار مەكتىپىنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ئوقۇپ، بىلىم سەۋىيىسى تولۇقسىزغا تەڭلەشكەن ئوقۇغۇچىلاردىن پاتەم ھاپىز، ئايشەم زەيدۇن، پاتەم ناسىر، رابىيەم مەمەتشا، مەريەم ئابدۇللەم، زورەم نەجمىدىن، خەلچەم نەمەت، رىھانەم مىجىت، ئۇمھانەم مىجىت، مەلىكەم شەمشى، ئايشەم زىكرىيا، ئاتىكەم سىلىم، ئىبادەت خۇدابەردى، توختەم موسا، دىلەيساخان بايىز، سوپىيە بايىز، ئايشەم رەقىپ قاتارلىق 40 نەپەر قىز تاللاپ چىقىلىپ، بىر سىنىپ قىزلار دارىلمۇئەللىماتى (قىز مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى) ئېچىلدى. بۇنىڭ مەسئۇلىمۇ سوپىيە خانىم بولدى. بۇلارغا تىل - ئەدەبىيات، سىياسەت، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئۆتۈشكە ئۇيغۇر ئويۇشمىدىن ئابلەھمىت نىيازى، مىجىت قاسىم، ئەھەت ئايۇپ قاتارلىقلارنى ئەۋەتتى. يۇقىرىقى 40 نەپەر قىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلاردا قۇرۇلغان قىزلار مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولدى.

شۇ ۋاقىتلاردا - يېزا كەنتلەردىمۇ قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، قىز - ئاياللار مائارىپى تەدرىجىي ئومۇملاشتى. كەچ كۇرسلار ئېچىلىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەزمۇن قىلىنغان چوڭلار مائارىپى يولغا قويۇلۇپ، ئاياللار مائارىپى تېز تەرەققىي قىلدى. سوپىيە خانىم كۇچاغا كېلىشتىن ئىلگىرى كۇچادا ئاياللارنىڭ ئىلمىي توقۇلما، كىيىم - كېچەككە قوشۇمچە زىننەت كىرگۈزۈش قاتارلىق ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى كەڭ ئەمەس ئىدى. سوپىيە خانىم قىزلارغا رەسمىي دەرس قىلىپ ئۆزى

بىۋاستە ئۆتكەن بولغاچقا، قىز - ئاياللارنىڭ قول - ھۈنەر ئىشلىرى بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا تېز تەرەققىي قىلدى. كۇچا ئاياللىرى ئىچىدە دوپپا، تەقىيە تىكىش ۋە ئەر - ئايالچە كۆڭلەكلەرنىڭ يەڭ - ياقىلىرىغا كانىۋا گۈل تىكىش، ياستۇق قاپلىرى، ئاق، قىزىل ئەدىيال ياپقۇچلارغا كەشتە گۈل تىكىش، رىشىلىيە ئىشلەش، چىملىدىق، تور تۇتۇلغان ئىچ كىيىملەر، پوپايكا، مايكا، سائەت قاپچۇقلىرى توقۇشقا ئوخشاش قول ھۈنەرلىرى مائارىپ بىلەن بىللە ئومۇملىشىپ، كەڭ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى گۈزەللىك ئېلىپ كەلدى. تىياتىر سەھنىلىرىدە قىزلار رول ئالالايدىغان بولدى.

1935 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە ئارىلىقتا كۇچا قىزلار مەكتىپى تەرەققىي قىلىپ 14 سىنىپقا يەتتى. سوپىيە خانىم مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىلمىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، بىرنەچچە خىل مۇھىم دەرسلەرنى ئۆزى بىۋاستە ئۈستىگە ئالدى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق - ئىنتىزام ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كۇچانىڭ غەپلەتتە قالغان قىز - ئاياللىرىنى ئويغىتىپ، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت يولىغا باشلاپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاياللار ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى.

سوپىيە خانىمنىڭ يولدىشى ئەززەمخان تۆرە خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كەتكىنىچە، ئاخىر شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. قىزلار مەكتىپىدىكى ئېغىر خىزمەت،



ئائىلىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ۋە سوپىيە خانىمنىڭ ئەسلىدىكى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئېغىرلىشىش تۈپەيلىدىن، 1946 - يىلغا كەلگەندە مەكتەپنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرۇش قىيىن بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان رابىيەم مەمەتشا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

سوپىيە خانىم ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاشۇ مەزگىلدە ئوغلى سىلىمجاننى لەنجۇدا ئوقۇتقاندى. سىلىمجان 1949 - يىلى 11 - ئايدىن 1950 - يىلى 1 - ئايغىچە كۇچا ناھىيە خانىقتام پەيچۇسوسىدا خىزمەت ئىشلىدى ھەم ئانىسى سوپىيە خانىمنى خانىقتامغا ئېلىپ كەتتى. سوپىيە خانىم 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 48 يېشىدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولۇپ، خانىقتام بازىرى يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپىن قىلىندى.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدا ھامۇت ھاجى بىننى مۆمىن قارى ھاجى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يول ئاچقان مائارىپ پېشىۋاسى بولۇپ، ئۇ 1913 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە يېڭىمەھەللىدە ئاچقان تۇنجى پەننىي مەكتەپ، تۇنجى قېتىم ئىلىم پەننىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. 1934 - يىلدىن كېيىن بۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىپ گۈللەپ ياشناپ، 1942 - يىلغىچە كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ مەزگىللەردە ھامۇت ھاجى، ئابلىمىت مەخسۇم، سوپىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋا، ئابدۇمىجىت قازى ئاخۇن، نىزامىدىن ئەپەندى، موللا

مەمەت ھاجى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار خەلقنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنى نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۆرەش قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ تۇنجى كوممۇنىست ھاكىمى لىن جىلۇنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. بۇ مەزگىلدە يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلار ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، كادىرلار قوشۇنىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى. بىر مۇنچىسى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. كۆپىنچىسى ئازادلىقتىن كېيىن مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۇستازلىرى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى.

(بۇ ئەسلىمە «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# گۇما ناھىيىسىدە يېڭى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى

**مامۇت سىدۇللا**

## گۇما ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسىنىڭ ئەتراپى بىپايان چۆللۈك، تاغلىق بولۇپ، يېزا بىلەن يېزا ئارىلىقى قۇملۇق، سايلىق - چۆل، ئەمما كەنت، بوستانلىقلىرى گۈزەل. تېرىلغۇ يەرلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سۈيى كەمچىل بولغاچقا، ياخشى ھوسۇل ئالالمايتتى، ھەمىشە قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلەتتى. مېۋە، يېمىش تۈرلىرى ۋە باشقا بايلىقلىرىمۇ خېلى كۆپ، تەبىئىي شارائىتى چارۋا بېقىشقا ئەپلىك.

ئادەملىرى ياۋاش، كەمسۆز، تىرىشچان بولۇپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى نامرات ئىدى.

قول ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزى چىقىرالايتتى. ئۇلار تېرىغان پاختىدىن يىپ ئىگىرىپ خام، تولىما، بوز چەكمەن،

هەر خىل كاتەكچە (شەتلەڭگە) لەرنى ۋە هەر خىل رەڭدار
ياغلىق، داستىخانلارنى سۈپەتلىك توقۇش؛ چارۋا يۇڭلىرىدىن
يىپ ئىگىرىپ، يۇڭ چەكمەن، تاغار، خۇرجۇن، گىلەم،
پالاسلارنى توقۇشتىن تاشقىرى تۆگە،قوي يۇڭلىرىدىن
هازىرقى يۇڭسارجائورنىدا سىلىق، نىپىز، سۈپەتلىك چەكمەنلەرنى
توقۇيالايتتى. چوڭ - كىچىك چارۋا - مال تېرىلىرىدىن باش -
ئاياغ كىيىملىك رەختلەرنى، جۇۋا، قولاقچا ۋە باشقا
ئاياغ كىيىملەر (مەسە، ئۆتۈك، كەپىش، چورۇق) نى تەييارلايتتى.
سانائەت ماللىرى 38 - يىلدىن 43 - يىلغا قەدەر
خېلى دەرىجىدە كۆپەيگەن بولسىمۇ، 43 - يىللار (گومىنداڭ
هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەر) دىن تارتىپ شىنجاڭ ئازاد بولغانغا
قەدەر يوق دەرىجىدە بولۇپ، خەلقنىڭ كىيىم - كېچەك، رەخت-
لىرى يەنىلا ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى
يۇرتقا سېلىق سېلىپ ئېلىنغان نەرسىلەردىن ئېسىل كىيىملەرنى
كىيەلىسىمۇ، باشقا ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملار، يەرلىك
دېهقان، چارۋىچى، هۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرى ئىشلىگەن يەرلىك
رەختلەردىن كىيىم كىيەتتى.
دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ،
هازىرقىدەك تاش ئۆستەڭ ياكى سۇ ئامبىرى بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، سۇ ۋاقتىدا كەلمەيتتى. ياز كۈنلىرى قاتتىق قۇرغاق-
چىلىق ئاپىتى ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن دېهقانلار
هېچقانچە ئاشلىق ئالالمايتتى. شۇڭا، خەلق ئاچارچىلىقتا
ئۆتەتتى ۋە يولسىز ئالۋان - سېلىقلار تۈپەيلىدىن هايۋان قاتا-
رىدا كۈن كەچۈرۈپ كەلگەنىدى.
37 - يىلغىچە شېڭ شىسەي خوتەن ۋىلايىتىدىن باشقا
جايلارنى تىزگىنلەپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن ۋىلايىتىگە
قاراشلىق جايلارنىڭ هەممىسى جۇملىدىن گۇما ناهىيىسى



ماخوسەننىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ، بۇ بالايى - ئاپەتنىڭ
زۇلمى ھەددىدىن ئاشقانىدى. خەلققە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ،
خەلقنىڭ هاياتى بىلەن كارى بولمايتتى. گۇمىدا شۇ چاغدا
ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ بىر لۇي (1500 ئاتلىق) ئەسكىرى
بولۇپ، بۇلارنىڭ تەمىناتى هۆكۈمەت سېڭىدىن بېرىلەتتى. ئۇلار
ئۆز تەمىناتى ئۈچۈن سەي - ئوتياش چاغلىق نەرسىنىمۇ ئۆز-
لىرى تېرىمايتتى، ھەممىنى يۇرتتىن ئالاتتى. ئۇزامانداﺋﯘن زاۋۇتى
بولمىغاچقا، ئۇننى شۇلارغايارىغىدەك تاسقاش ئۈچۈن، كۈنلۈكى 100 دىن
ئارتۇق ئادەم يىل بويى ئۇزۇلمەي ئۇن تاسقايتتى. بۇلارغا
لازىملىق كالا، قوي، توخۇ - تۇخۇم، ئوتۇن - سامان، پىچان -
بوغۇز قاتارلىقلار خەلقتىن ئېلىنغاچقا، ھەرقايسى ئائىلىلەر
بىر كۈندە بىرقانچە خىل ئالۋاڭ - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر
ئىدى. ئاتلىرىغا پىچان توغراش، سامان تاسقاشقا كۈنلۈكى
70 — 80 گىچە ئادەمنى يۇرتتىن ئالاتتى. بۇلارنىڭ كىيىم -
كېچەكنى تىكىش ئۈچۈن موزدۇز، سەيپۇڭ، جۇۋىچى، كىگىزچى،
پاختا ئاتقۇچى ۋە باشقا ياغاچچى - سۇۋاقچى قاتار-
لىق هۈنەرۋەنلەر نۆۋەتلىشىپ، ئىككى - ئۈچ ئايغىچە سەيسىگە ئىش-
لەشكە مەجبۇر ئىدى. ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ سەيسىسىگە
ئىشلەشكە كىرگەنلەرنى مەجبۇرىيەتنى تۈگىتىپ ئائىلىسىگە
سالامەت قايتىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. خەلق
مۇشۇنداق زۇلۇم ئاستىدا كۈن كۆچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، ئەك-
سىيەتچى هۆكۈمرانلار مائارىپنى، خەلقنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈشنى ئۆزىگە زىيانلىق دەپ قارايتتى.
36 - يىللارغىچە تېخى شېڭ شىسەي هۆكۈمرانلىقى جە-
نۇبىي شىنجاڭغا كەلمىگەچ، گۇما ناهىيىسى بىر مەزگىل خوتەن
ئىسلام هۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى، بىر مەزگىل ماخوسەنلەرنىڭ

يۇقىرىقىدەك زۇلمى ئاستىدا كۈن كەچۈرگەچكە، پەننىي مائارىپ ئىشلىرى گۇما ناھىيىسىدە ئەڭ كېيىن راۋاجلاندى.

## گۇما ناھىيىسىدە پەننىي باشلانغۇچ مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى

1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن مەۋلانوۋ تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەر قىسىملىرى ۋە شېڭ شىسەي قىسىملىرى سوۋېت ئايروپىلان ۋە تانكا قىسىملىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، گۇمىدىكى ماخۇسەن قىسىملىرىنى تارمار قىلىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ئۇنىڭغىچە گۇما ناھىيىسىدە ئەككى سىنىپلىق بىرلا خەنزۇ مەكتىپى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا پەننىي مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر يوق ئىدى. 38 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇشى بىلەنلا، ئۇلار خوتەن مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىن خوتەنگە يۆتكەپ كەلگەن ئابدۇقادىر ئەپەندى دېگەن كىشىنى گۇما ناھىيىسىگە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى گۇما خانىقاسى ئالدىدىكى مەدرىستە (38 - يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردا) قارا تاختاي ئورنىتىپ، تۆت - بەش كىچىك بالىنى يىغىپ، ياخشى مۇئامىلىدە ئۇلارغا خەت ئۆگىتىش بىلەن بىرگە:

بىزنىڭ ئەسلى يولىمىزدۇر،
ئالتە بۈيۈك سىياسەت.
ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىدۇر،
تەرەققىي ھەم ئادالەت.



دېگەن شېئىرنى چىرايلىق ئاھاڭدا ئۆگەتتى. نەتىجىدە، بۇ ئادەمنىڭ ئوقۇغان شېئىر - ناخشىلىرى، كىيگەن غەيرىي پاسوندىكى كىيىملىرى كىچىك بالىلارنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. ئوقۇغۇچىلار كۆپەيگەنسېرى كۈنلۈكى كوچا ئايلاندۇرۇپ، دۇمباق چالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلدى. كوچا ئايلاندۇرغاندا:

مەكتەپ، مەكتەپ، مەكتەپ دوستلار،
قىچقىرادۇر سىزلەرنى.
ئوقۇش ئۈچۈن مەكتەپكە،
ئەر - خوتۇن ھەم قىزلارنى.

دېگەن شېئىرنى ھەم ئالتە سىياسەت شېئىرىنى ئوقۇتۇپ ماڭسا، بالىلار سەپكە قوشۇلۇۋېلىپ مەكتەپ قويىنىغا كىرگەندى. ئوقۇغۇچىلارنى يەنىمۇ جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى بىر قېتىم سەپ بولۇپ، دۇمباق چېلىپ، ئوقۇغۇچىلار مارشلىرىنى ئوقۇتۇپ، كوچىدىن ئۆتكەندە، بالىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ سەپكە قوشۇلاتتى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ياش چەكلىمىسى يوق ئىدى. يەتتە ياشتىن 20 ياشقىچە ھەممىسى قوبۇل قىلىناتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلىي ئاپپاراتنىڭ بولۇشى بەكمۇ مۇھىم ئىدى. دەسلەپكى مەزگىلدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گۇما ناھىيىسىدە 38 - يىلىنىڭ 6 - ، 7 - ئايلىرىدا، شۇ زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن جامالىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم، زىياۋۇدۇن مەخسۇم ھاجى، ھاشىم دامولىلارنىڭ باشچىلىقىدا ئىسمايىل قارى ھاجىم، جالالىدىن ھاجىم قاتارلىق 30 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ تەركىبىدە

تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە، ئەۋقاپ قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ، بەش كىشىلىك ئىجرائىيە ھەيئەت (چوڭ - كىچىك ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىم، ھېسابات ئىشلىرى ئۈستىدىن قارار چىقىرىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ) قۇرۇلدى، ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى دەسلەپكى قەدەمدە مائارىپنىڭ چىقىمىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە دېھقانلارنىڭ ئۆشرىسى، چارۋىچى، سودىگەرلەرنىڭ 40 گە بىردىن بېرىدىغان زاكىتى قاتارلىق كىرىملەر بىلەن مائارىپ باشقۇرۇشنى قارار قىلىپ، مائارىپ راسخوتىنى قامدىغان، شۇ قاتاردا ئوقۇغۇچىلارغا بىر تودىن شېخىل رەڭ تېرىكىدە كىيىم تىكتۈرۈپ بەرگەن. نەتىجىدە، بىر ئاي ئىچىدىلا ئوقۇغۇچى سانى كۆپىيىپ، ئوقۇتقۇچى ھەل قىلىش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغان. ئوقۇغۇچى سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دىنىي مەكتەپ ئوقۇتۇپ تۇرغان ياش ئاخۇنلاردىن ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياش تالىپلاردىن مۇئەللىملىككە قوبۇل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجنى قىسمەن ھەل قىلغان. گۇما ناھىيە بازىرىدىن قاۋۇز سوپى ھاجىم، ئابدۇرازاق مەمەت ئېلى، خۇدابەردى ئاخۇن داموللام؛ نىشاندار يېزىسىدىن سابىت ئاخۇن داموللام، ئىبراھىم ئاخۇنۇم؛ كۆكتېرەك يېزىسىدىن ئۆمەر ئېلى، ئابدۇقادىرسايىم، سادىر قادىر؛ سانجۇ يېزىسىدىن ئابدۇۋەلى سوپى ھاجىم، تۇرسۇنمەت توختىياز؛ قوشتاغ يېزىسىدىن ياسىن ھاپىز، زاڭگۇي يېزىسىدىن ئابدۇللا داموللام قاتارلىق شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدىكى بىلىملىك كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ



دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى پەننىي مەكتەپكە كىرىشكە تەشەببۇس قىلغان. مەن (مامۇت سىدۇللا) شۇ چاغلاردا ئىبراھىم ئاخۇنۇمنىڭ دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ كىشى مۇئەللىملىككە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، مەنمۇ ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1938 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى پەننىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغانىدىم. شۇ مەزگىلدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى گۇما مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا، بىلىملىك زىيالىيلاردىن موسا ئەپەندىنى گۇما ناھىيىسىگە ئەۋەتتى. بۇ كىشى يېڭىدىن مۇئەللىملىككە قوبۇل قىلىنغان ئاخۇنۇم - تالىپلارنى ئوقۇتتى. بۇلار بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەنىدى.

1939 - يىلىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى خەنزۇ مەكتەپنىڭ خەنزۇچە ئوقۇتۇشى توختىتىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئوقۇتۇشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇ مەكتەپكە «شەنلى مەكتەپ» دەپ نام بېرىلدى (خەنزۇ مەكتەپنىڭ ئەسلىدىمۇ مۇئەللىملىرى ئۇيغۇر، ئوقۇشى خەنزۇ تىلىدا ئىدى). بۇ مەزگىلدە ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ دارىلئېيتام، يېتەرلىكلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ، دارىلئېيتام ئورنى دەسلەپتە خانىقا ئالدىدىكى ئىككى قەۋەت مەدرىستە، كېيىنكى ئورنى ھازىرقى قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانى مېھمانخانا قىلىنغان ئورۇندا بولدى. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى يېڭى قۇرۇلغان پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئورنى خانىقا ئالدىدىكى مەدرىستىن ئابدۇغېنى ھاجىمنىڭ بېغىغا (ھازىرقى خەلق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باغچىغا)، ئىككىنچى قەدەمدە شەنلى مەكتەپنىڭ ئالدىغا سېلىنغان يېڭى مەكتەپكە (ئۇ چاغدا شەنلى مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى خەلق

ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى)، ئۈچىنچى قەدەمدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما سالغان تۆمۈر كۆلۈپقا يۆتكەلدى، بۇ جاي كېچىسى ئويۇنخانا، كۈندۈزى دەرسخانا ئىدى. تۆتىنچى قەدەمدە ھازىرقى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىغا يۆتكەلدى. بەشىنچى قەدەمدە يەنى 45 - يىلى 9 - 10 - ئايلاردا ھازىرقى خەلق ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئورنىدىكى شەنلى مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى. 38 - يىلىدىن باشلاپ يۇقىرىقى ئاساستا پەننىي مائارىپ شەھەردىن يېزىغىچە پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ، كۆلىمى چوڭراق يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما گۇما مائارىپىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىلىملىك مەرىپەتپەرۋەرلەردىن ئابلىز تۇرسۇن، غازى ئەپەندىم، ئوبۇلقاسىم ئەييۇپ قاتارلىق ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتىپ، گۇمىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ھەسسە قوشقانىدى.

38 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ سانايى نەفىسە بۆلۈممۇ قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدە ئابلىز تۇرسۇن قاتارلىق مەدەنىيەت خادىملىرى بىلەن گوگئەنجۇنىڭ جۇجاڭى قوچقار ئىشان (ئۆزبېك) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە خەلق ئىچىدىن سازەندە، ئارتىسلارنى تاللاپ، «جاھالەت يولىدىن قايتىپ ئىلىم - مەرىپەتكە ئاتلىنىش»، «بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى»، «يالغان تېۋىپ»، «پېرىخۇن» قاتارلىق قىسقا كومېدىيە ۋە يېڭىلىقتا باشلايدىغان كونسېرت، ئېيتىشىش، ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئوينالدى.

40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە ئىسمايىل قارى ھاجىم، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئەمەت



تۆمەر بەلگىلەندى. بۇ مەزگىلدە ئۇيۇشما قارىمىقىدا ئاشخانا - چايخانىلار قۇرۇلۇپ، خەلق ئىچىدىن ئەلنەغمە، سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ چايخانىلاردا كۈن بويى ئۈزۈلدۈرمەي نەغمە - ناۋالار قىلىپ تۇردى. بۇ ئاشخانىلاردا يەنە ھەر خىل ئالىي تاماقلار تەييارلىنىپ تۇرۇش بىلەن، جەدۋەلدە باھا كۆرسىتىلىپ، ئىككى - ئۈچ خىل تاماق يېيىشمۇ پۇلى 20 — 30 سىنتتىن ئاشمايتتى، بىر كىشىلىك ئالىي تاماق 10 سىنت، بىر نان ئىككى سىنت، بىر تاغار بۇغداي 1·00 يۈەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدىكى پۇلنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، 0·50، 0·20، 0·05، 0·02، 0·01 سىنتلىق، بىر كويلۇق، ئۈچ كويلۇق پۇللار چىقىرىلىپ، كونا پۇللارغا تېگىشىپ بېرىلەتتى. بۇ پۇللار جۇبىنىڭ (ماۋ زېمىن) مالىيە نازارىتىگە مەسئۇل بولغان ۋاقىتلاردا چىقىرىلغان ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سانايى نەفىسە پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ، سەنئەت ئىشلىرىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنى مەزمۇن قىلغان كونسېرت، ناخشا - ئۇسسۇللار ئوينالدى. مەكتەپلەردە بولسا، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشقا خەلقنى ئويغىتىشنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلار ئوقۇلاتتى. مەسىلەن:

.................................

ياپون قانخور جاللاتلىرىدىن،
جوڭخۇا خەلقلىرى ھېچ ۋاقىت قورقماس.
قالماس دىلدا قىلچە ئارمان،
ۋەتەن ئۈچۈن كەتسىمۇ بۇ باش.

## خەلقنى قوزغىتىش شېئىرى

قەھرىمىز ھەددىدىن ئاشتى،
ئىسسىق قېنىمىز قايناپ تاشتى.
چامدا سۈرلۈك دولقۇنى،
ئەرشتىن ئاشتى.

قۇدرەتلىك چوڭ كۈرەش،
كۈنساناپ ئالغا باستى.
بىز چېكىنمەي ماڭغاچ ئالغا،
دۈشمەن پۇتى لايغا پاتتى،
ھەر قەدەمدە ئارقىغا قاچتى.

بىز تىركىشىش ساھەسىدە،
بىز تىركىشىش ساھەسىدە.
دۈشمەن بېشىنى،
ئۆلۈم غېمى باستى.

## پارتىزانلار شېئىرى

ئۇ چاپتى بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىزنى،
ئۇ بېسىۋالماقچى ۋەتەن تۇپرىقىمىزنى.
دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كېرەك،
ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك.

ئىش قىلىپ دۈشمەننى ئۆلتۈرىدىغان،
ئورغاق، پالتا، كەتمەن، بولقا ئېلىپ.



ئاتا - ئانا، ئۇكا يەر - زېمىننى ساقلاپ قېلىپ،
ھەممە قىلالايلى بۈيۈك جۇڭگو مەملىكىتىمىزنى.

..............................

شۇ مەزگىللەردە، مەدەنىيەتنى ياقتۇرمايدىغانلارنىڭ «پەننىي مەكتەپ دىنىنى بۇزىدۇ، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئىمانسىز بولىدۇ» دېگەندەك ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم ئارتىس (ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئۆلكىلىك درامىدا ئىشلەپ، 88 - يىلى ۋاپات بولغان) ئەمەت ئۆمەر ھەر يىلدا كېلىدىغان ئىككى ھېيت ۋە بايراملاردا ئوقۇغۇچىلارنى تەييارلاپ، چوڭ خانىقاغا ھېيت نامىزىغا ئېلىپ چىقىپ خەلقنى تەسىرلەندۈرەتتى. شۇ چاغلاردا مەكتەپلەردە دىن دەرسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىن دەرسى ئۆتىدىغان ئاخۇنلارغىمۇ ئوخشاشلا ئىش ھەققى بەرگەن. پەننىي دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىر بولۇپ، بەزى چاغلاردا ئىككى-ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپلەردىمۇ بىر ئوقۇتقۇچى بولغان. ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ۋە يۇقىرى سىنىپلارغا دەرس بېرەلمەسلىكتەك قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، 1938 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا گۇما ناھىيىسىدىن 1- قاراردا بەش نەپەر، 2 - قاراردا ئالتە نەپەر، 3 - قاراردا يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن گۇما ناھىيىسىگە ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى تەقسىملەپ بېرىلگەنىدى. ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، دارىلمۇئەللىمىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، 41 - يىلدا گۇما ناھىيىسىدىن 23 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل

قىلغان، مەنمۇ 4 - نۆۋەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ قاتناشقانلارنىڭ بىرى ئىدىم. شۇ چاغدا دارىلمۇئەللىمىننىڭ بىزگە دەرس بېرىدىغان ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدۇللا باقى، سەدرىدىن يەھيا، ھەسەن تۇردى، ئابدۇقادىر تۇردى ھاجى، نۇر روزى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئۆلكىلىك دارىلفۇنۇن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. بۇلار شۇ مەزگىلدە پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتكەن ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ماركسىزملىق ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. بىزگە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، تەبىئىي جۇغراپىيە، جۇڭگو جۇغراپىيىسى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى، تەبىئەت ساۋادى، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە قاتارلىق ئاساسىي پەنلەر ئۆتۈلەتتى. سىرتتىن كېلىپ دەرس بېرىدىغانلاردىن خوتەن گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى ھاجى ياقۇپ (ھازىر شىنجاڭ داشۆدە) ھەپتىسىگە ئىككى سائەت كېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق تارىخىدىن دەرس ئۆتەتتى. خوتەننىڭ سىلىڭيۈەنى پەن سىلىڭ (پەن تۇڭ) بىلەن خوتەن ۋالىيسى لۇ (لۇشىن جىنجاڭ) لار مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەندىن تاشقىرى، دارىلمۇئەللىمىننىڭ سىياسەت، پەلسەپە دەرسلىرىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. بۇ دەرسلەردە ماركسىزم - لېنىنىزملىق پەلسەپە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە ئالتە سىياسەتنىڭ مەزمۇنى سۆزلىنەتتى. پەن تۇڭ 38 - يىلى كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن



پارتىيە كادىرلىرىدىن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى (1942 - يىلى 2 - ئاي مەزگىللىرىدە، شېڭ شىسەي بۇلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ئېلىپ كەتكەن. مەكتەپ ئىچىدە «بۇلار سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە كېتىپتۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولغان. لېكىن، بۇلارنى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ قولغا ئالغان؛ پەن تۇڭ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى قىيىن - قىستاقلارغا باش ئەگمەي، خائىن بولۇپ كەتكەن. («شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى كۆرەش خاتىرىلىرى» دېگەن ژۇرنالغا قارالسۇن).

بۇ چاغدا دارىلمۇئەللىمىننىڭ كۈنلۈك ئوقۇش ۋاقتى سەككىز سائەت بولۇپ، كەچلىكى يەنە مۇنتىزىم ھالدا ئىككى سائەت ئۆگىنىش قىلاتتۇق. شۇڭا ئوقۇش مۇددىتى قىسقا بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالغان بىلىمى خېلى يۇقىرى ئىدى. 1941 - يىللىرى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان شېئىرلار پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىشنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلار ئىدى. مەسىلەن:

باسمىچى شۇم ياپون،
قاشقىردەك ئوسال.
ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ،
قىردى - تۆكتى قان.

ماڭ ئالغان باس،
بېسىپ كىردى جۇڭگوغا ۋەھشىيلىك قىلىپ،

بىز ئەگەر ئۇ زالىمنى يوقاتمىساق،
بولىدۇ ھالىمىز ھىندى خەلقىدەك.

بىرلىشىپ قارشى تۇر،
باسمىچىنى قىر.
قىر، يوقات دۈشمەننى،
كەتسۇن يوقىلىپ.

## يېرى چوك شىنجاڭ

يېرى چوك، بايلىقى مول شىنجاڭنىڭ،
مانا سوزۇلۇپ پارقىراپ ياتىدۇ.
كەڭ ئېتىز، بىپايان تاغلىرىدا،
چىمەنلەر دائىم چېچەك ئاتىدۇ.

ماختان بەختلىك شىنجاڭ خەلقى،
مىڭ، مىڭ ماختىنىشقا سەن لايىق بولدۇڭ.
ساڭا بەخت ئىشىكىنى كەڭ ئاچتى،
ئۇلۇغ چۆۋەر داھىي ماۋ زېدۇڭ.

يەنە پارتىزان ناخشىسى، «قوزغال» (ھازىرقى دۆلەت شېئىرى) قاتارلىق ناخشىلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنى چوڭ بايرام بولغاندا، ئوقۇغۇچىلار كوچىدا ماڭغاندا، مەجلىسكە يىغىلغاندا مەكتەپلەر ئارا ياكى سىنىپلار ئارا بەس - بەس بىلەن ئوقۇيتتى.

خوتەن دارىلمۇئەللىمىن 38 - يىلىدىن 42 - يىلىغىچە تۆت قېتىم ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇ-



چىغا بولغان ئېھتىياجنى يەنىلا قاندۇرالمىغانلىقتىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ياخشى ئوقۇغان، ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، يازلىق تەتىلدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا قاتناشتۇرۇپ يېتىشتۈرگەن. ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىلدىكى كۇرسقا قاتناشتۇرۇپ، بىر بۆلىكىنى ناھىيىدە، بىر بۆلىكىنى ۋىلايەتتە تەربىيىلەش بىلەن، ھەر قېتىمقى كۇرس ئاخىرلاشقاندا ئىمتىھان ئېلىپ، بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرىراق ئوقۇتقۇچىلارنى بەش سىنىپلىقتىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە بەلگىلەيتتى.

41 - يىلى 4 - قېتىملىق دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدا بىر سىنىپ سازچىلىق كۇرسى ئېچىلدى، بۇنىڭ مۇئەللىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن مۇزىكانت قاھارجان (ئۆزبېك) بولۇپ، ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى نادىرخان، ھۇشۇر ئەيسا (47 - يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن «ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى قوللىغۇچىلار» دېگەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن) قاتارلىقلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار دۇتار، راۋاب، غىجەك، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، چاڭ، نەي قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن بولۇپ، گۇمىدىن مەخسۇت تۇردى، نۇر ھېيىت قاتارلىق نۇرغۇن سازچىلار يېتىشىپ چىققانىدى.

42 - يىللىرىدا ئويغۇر ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەمەت ئۆمەر خوتەنگە يۆتكىلىپ، ئورنىغا غۇلجىلىق ئوسمان يۇسۇپ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ كەلدى. بۇ چاغدا رەئىس ئىسمايىل قارى ھاجىم، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئابلىمىت مەھەممەتئېلى، مەدەنىيەت بۆلۈم باشلىقى ئۆمەر ئېلى، تەشۋىقات بۆلۈم (ئۇنىڭ قارىمىقىدا سانايى نەفىسە بۆلۈم) باشلىقى ئابدۇقادىر سايىم بولۇپ، مالىيە مۇپەتتىشلىكىنىمۇ

ئابدۇقادىر سايىم قوشۇمچە ئىشلەيتتى. بۇ تۆت نەپەر كىشى غۇلجا دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ۋە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىغا يارىشا گۇما ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن كىشىلەر ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمىدە ئىككى - ئۈچ مۇپەتتىش بولۇپ، بۇلار ئايدا بىر قېتىمدىن مەكتەپلەرنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش بىلەن، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇش ياكى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشكە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بېرىلگەن تەكلىپ توغرا بولسىلا دەرھال ئىجرا قىلىناتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى سانايى نەفىسە ئۆمىكى بۇ مەزگىللەردە قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ، جۇشقۇن ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «قانلىق داغ»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ئەرشىن مالئالان»، «ئۆگەي ئانا»، «غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىقلارنى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىلەشتۈرگەن. ئوپېرا، تىياتىر ۋە كونسېرتلار ئوينالغاندا، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، «قايتا قويۇلسا» دېگەن چاۋاكلار چېلىنىپ تۇراتتى. بۇ مەزگىللەردە يەنە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئوسمان يۈسۈپ دارىلئېيتام مەكتىپىدىكى بالىلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيۇشما قارىمىقىدا ئىشتىن سىرتقى موزدوزچىلىق، قەغەزچىلىك، چىمگەر، تاغار - خۇرجۇن توقۇش، گىلەم توقۇش كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، ھۈنەر ئۆگەتكەنىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما مائارىپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مەكتەپلەرنىڭ بارلىق



چىقىم - خىراجەتلىرىنى ئۆزى ھەل قىلغاندىن تاشقىرى، دارىلئېيتامنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم - كېچەك، ئوقۇش ماتېرىياللىرى خىراجىتىنى ئۇيۇشمىدىن بەرگەنىدى. شەھەر، يېزىلاردا قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئۇيۇشما خىراجىتىدىن سېلىنغان، شۇ چاغدىكى تۆمۈر كۆلۈپمۇ ئۇيۇشما خىراجىتىدىن سېلىنغان. مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىش، مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، مەكتەپلەرنىڭ ئىش راسخوتى قاتارلىق چىقىملارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن بېرىلەتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي كىرىمى «ۋەخپى يەر» لەردىن ئېلىنغان ئىجارە ھەققى، خەلقتىن يىغىۋېلىنغان ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق تېرە - ئۈچەي، قوشۇمچە ئاشخانا، ناۋايخانا، كارخانىلارنىڭ كىرىمى ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەچكە، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەيتتى؛ ھەربىر ئوقۇتقۇچى بىردىن سىنىپقا مەسئۇل بولۇپ، بارلىق دەرسلەرنى ئۆزلىرى بېرەتتى. بەزى چەت جايلاردا، تاغلىق رايونلاردا بىر سىنىپتا سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا قوشما تەلىم ئېلىپ بېرىلاتتى، مەسئۇلىيەت تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

شەھەر ۋە يېزا - بازار مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە دائىم يىللىق كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم - تېرىم، كۈزلۈك تېرىلغۇ مەزگىللىرىدە بىرقانچە كۈن دەرس توختىغاندىن باشقا، قالغان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە يىل بويى ئوقۇيتتى، شۇنداق بولغاچقا ئۈنۈمى يۇقىرى ئىدى. بۇ چاغلاردا ئىجتىمائىي مائارىپ مەجبۇرىي ساۋات چىقىرىش شەكلىنى ئالغانىدى. شۇڭا، نۇرغۇن

كىشىلەر كەچ كۇرسىتا ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپ مۇلۇماتىغا ئىگە بولغان. شۇ چاغلاردىكى ساۋات چىقىرىدىغان چوڭلار سىنىپىدا ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ، ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشقانلىرىمۇ بار.

ئۇ چاغلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ قارىمىقىدا ئۆگىنىش، تۇرمۇش، تەنتەربىيە، تازىلىق، شېئىر دېگەندەك بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلغان، بۇلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەشتۈرگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كىچىك دۇكانلىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر - قەلەم، قەغەز، سىياھ قاتارلىق نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

گۇما ناھىيىسىدە 39 - يىلدىن باشلاپ تەنتەربىيە پائالىيىتى يولغا قويۇلغان، ئۇ چاغدا «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ خاتىرە كۈنى» ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىنى بېسىۋالغان «پاجىئەلىك كۈن» نى خاتىرىلەش پائالىيىتى ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ ئىككى خاتىرە كۈن ئۈچۈن، مەكتەپلەر 2 -، 3 - ئايلاردىن باشلاپ تەييارلىق قىلاتتى. بۇنىڭ تۈرلىرى يۈگۈرۈش، توسۇقلاردىن سەكرەپ ئۆتۈش، ئېگىزگە، يىراققا سەكرەش، گىرانات، چويۇن توپ ئېتىش، تورنىك ئويناش، ئارغامچا تارتىش، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، گىمناستىكا، پىرامىدا، كاناي - دۇمباق چېلىپ ھەربىي تىزىلىش بىلەن مېڭىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار سەپ بولۇپ ماڭغاندا كوچىلارنى دۇمباق، كاناي بىلەن زىلزىلىگە



كەلتۈرەتتى. بۇ پائالىيەتنىڭ تەييارلىق كۆرۈش مەسئۇلى مەكتەپ مۇدىرى روزىمەت قادىر ئىدى (خەنزۇچە ئىسمى ما شۇڭيەن، 1990 - يىلىنىڭ ئەتىياز ئايلىرىدا ۋاپات بولدى). شۇ چاغدىكى ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرامنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىگە مەنمۇ بىر قېتىم قاتناشقانىدىم. بۇ پائالىيەتكە ناھىيە بويىچە بارلىق يېزىلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئېلىم - سېتىمچىلار ۋە سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىقلىرىنى، مىللىي ئويۇنلىرىنى؛ بارلىق مەكتەپلەر تۈرلۈك مۇسابىقە تەييارلىقلىرىنى، قول - ھۈنەر مودېللىرىنى ياساپ كىرەتتى. بايرام ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر ئاي بۇرۇن مەيدان، بازار، رايونۋە يېزىلاردىن كېلىدىغانلار چۈشىدىغان دەڭ - سارايلار ھەرقايسى يېزىلار ئۈچۈن ئايرىم تەييارلىناتتى. ئېلىم - سېتىم، يېمەك - ئىچمەك ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەرقايسىلىرىغا ئايرىم جاي كۆرسىتىلەتتى. ئۇلار بورا - كەپە بىلەن دۇكان ياساپ، ئۆز تىجارىتى ئۈچۈن جاي تەييارلايتتى.

بايرام ۋاقتى 15 كۈندىن كۆپرەك بولۇپ، بايرام ۋە كوچا ئىنتىزامىنى ساقلاشقا ئىزچى (تۇڭ زىجۈن) ئەترىتى تەشكىل قىلىناتتى، بۇلار بايرام ئاياغلاشقىچە ئۇيۇشما تەرىپىدىن بىر تۇتاش تارقىتىلغان كىيىمنى كىيىپ، قىزىل كالتەك بىلەن قوراللىنىپ، يىغىن مەيدانى ۋە كوچا ئىنتىزامىنى ساقلايتتى. 43 - يىلدىن باشلاپ ھەر ئىككى بايرام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى باللار بايرىمى يولغا قويۇلدى، بۇنى ھەرقايسى مەكتەپلەر ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 38 - يىلدىن باشلاپ گۇما مائارىپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 49 - يىلى

ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا قوشۇۋېتىلدى. كېيىن «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» «تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ گۇما ناھىيىلىك تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا ئۆزگىرىپ ھەمشۇ ئىسىم بىلەن ۋىۋىسكا ئېسىپ، بۇرۇنقىدەك ئۆز دائىرىسىدىكى مەكتەپلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. 51 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆزىنىڭ شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

43 - يىلىدىن باشلاپ مائارىپ ئىشلىرىدىكى تەرەققىيات يىلمۇيىل ئارقىغا چېكىندى، گومىنداڭچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى «كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار» دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تارىخى، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ۋە باشقا ئوقۇش ماتېرىياللىرىمىزنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ دىنىي مەكتەپكە بەردى، ئوقۇتقۇچىلاردا ھەر كۈنى مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ بالا يىغىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. دەل شۇ مەزگىلدە مەن گۇما ئۇيغۇر ئۇيۇشما تارمىقىدىكى شەھەر ئوغۇللار مەكتىپىدە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىش نىسبىتى 50% تىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. 45 - يىلى 9 - ئاي مەزگىللىرىدە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شەنلى مەكتەپكە قوشۇپ بېرىلىپ، مەنمۇ شەنلى مەكتەپكە يۆتكەلگەنىدىم. شۇ چاغدا شەنلى مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئابدۇ قادىر روزى، ئىلمىي مۇدىرى مامۇت قۇربانىياز، تەرتىپ مۇدىرى ئەبەيجان، تەنتەربىيە مۇدىرى ئابلىمىت مەمەت ھاجىم؛ مۇئەللىملىرى ئابلىمىت ئابدۇكېرىم



ھاجىم، مەمەت پازىل، ئابلىمىت ئېلى ۋە مەن قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ 15 — 16 گە يېقىن ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 46 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرغان شەھەر قىزلار مەكتىپى، قوشتاغ يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، مۇجى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەنىدى. 47 - يىلىغا كەلگەندە سانجۇ يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى، زاڭگو يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى، موكۇيلا، پىشنا، قارا تاغ يېزىلىرىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلىش تەرەپتە تۇرۇپ، گومىنداڭغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. بولۇپمۇ 46 - يىلى 4 - ئايلاردا جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇت سەبىرى ۋە ئەيسا بەگلەر كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىلغار مائارىپچىلار ۋە زىيالىيلار گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ كۆرۈندى. شۇ كۈنلەردە شىيەنجاڭ جاڭ يۈفىڭ (50 - يىلى خوتەن ۋالىيسى خادۇكىباگلار بىلەن بىللە خوتەندە ئېتىلغان) شەنلى مەكتەپ مۇئەللىملىرىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ: «ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپسىزلەر، نېمە دەپ پىكىر بەردىڭلار؟» دەپ سوراق قىلىپ، ھېچقايسىمىزدىن كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب ئالالماي، ۋەز - نەسىھەتلەرنى سۆزلەپ قايتۇرۇۋەتتى.

46 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (شەنبە) ئىشقا چۈ-

شۇ ئۈچۈن مەكتەپكە يىغىلغان ۋاقتىمىز ئىدى. ئوقۇتقۇچى مەمەت پازىل (ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە) بىزگە «تونۈگۈن ئابدۇمىجىت ئالەم (52 - يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن) ئارا مەھەللە خانىقاغا جۈمە ئوقۇغىلى چىققانكەن. ئۇ: ئەتە گويا بازىردا كوممۇنىست قۇيرۇقلىرىنى تازىلاش نامايىشى بولىدۇ. ياشلار چاپان ئىچىگە كالتەك تىقىپ كىرىڭلار، قېرىلارمۇ ھاساڭلارنى ئالغاچ كىرىڭلار، تولۇق كىرمىسەڭلار، مەن رازى ئەمەس، دەپ سۆزلەپتۇ. مەن بۇنى دادامدىن ئاڭلىدىم» دېدى. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭپەرەس چاپارمەنلەر يېقىن مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرىنى يىغىش ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق، ئەمما بىزنى چاقىرمىدى. گومىنداڭپەرەس مۇتەئەسسىپلەر باشچىلىقىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئاساستا، كوممۇنىست قۇيرۇقلىرىنى تازىلايمىز، دەپ كالتەكچىلىرىنى تەييارلاپ ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى بولغانلىقى، شەنلى مەكتەپ مۇئەللىملىرىنى ئوبيېكىت قىلىپ ئەدىبىمىزنى بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالدۇق. قېچىپ كېتىشكە مۇزاكىرىلەشكەن ۋاقتىمىزدا، ئىلمىي مۇدىر مامۇت قۇربانىيازنىڭ: «دەرسنى ئۆتمەي قاچساق يۈكىمىز ئېغىرلىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەرسنى تۈگىتىپلا قاچايلى» دېگەن پىكرىگە ئاساسەن، دەرستىن كېيىن خالىغان كىشىلەر بىلەن قېچىپ يوشۇرۇنۇشقا ماڭدۇق. مامۇت قۇربانىياز، ئەبەيجان تۇردى، ئابلىمىت ئابدۇكېرىم ھاجىم ۋە مەن ئۆستەڭ ئىچى بىلەن (ھازىرقى كۆكتېرەك يېزا ئۆستىڭى) يوشۇرۇنغان ھالدا مېڭىپ، تۈگمەنبېشىغا چىقىپ، ئابلىمىت ئابدۇكېرىم ھاجىمنىڭ يېزىدىكى ئۆيىگە يوشۇرۇندۇق. شۇ ھامان مامۇت قۇربانىيازنىڭ ئائىلىسىدىن: «نۇرغۇن ئادەملەر بىزنىڭ كوچىغا باستۇرۇپ كېلىپ دادامنى سۆرەپ چىقىپ، بالاڭ مۇئەللىملەرنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ، بالاڭنى تېپىپ بەر! مۇئەللىملەرنى تېپىپ بەرسۇن! دەپ تۇرۇۋالدى، ھازىر جانلىرىنى جايلىسىلا» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. بىز ئېتىزمۇ ئېتىز تام ئاتلاپ قېچىپ، تارى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىدا دىنىي مەكتەپ بالىلىرى ئوقۇيدىكەن. ئاخۇنۇم بالىلارنى تارقىتىۋېتىپ، بىزنى ئارقا ئىشىكى ئېچىلىدىغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە نان، سۇ ئەكىرىپ بېرىپ، ئىشىك تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ، ئەھۋال ئۇققۇپ چىقىشقا شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئاخۇنۇم كەچ تەرەپتە: «كالتەكچىلەر سەپ بولۇپ، ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتايلى! كوممۇنىست قۇيرۇقلىرىنى يوقىتايلى! دېگەن شوئارلارنى توۋلىشىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلارنى سەپكە قوشۇلمىسا ئۇرۇپتۇ. شەنلى مەكتەپكە كىرىپ ئادەم تاپالماي، سىنىپلارنىڭ دېرىزىسىنى سۇندۇرۇپ سىنىپقا كىرىپتۇ، تۇرسۇن ئاخۇن خادىمنى «مۇئەللىملەرنىڭ كەتكەن يېرىنى ئېيتىپ بەر» دەپ سۆرەپ يۈرۈپ ئۇرۇپتۇ. قۇربانىياز ئاخۇننى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ «بالاڭنى تېپىپ بەر» دەپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. كەچ بولغاندا تارقاپتۇ، ئەمما يول تىنچ ئەمەسكەن. شەنلى مەكتەپ مۇئەللىملىرىنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار ئۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ گەيجاڭنىڭ دوغىلىرىنى يوللاردا توسقىلى قويۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ چىقتى. بىز شۇ كېچە تارى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، ئەتىسىگە ئائىلىمىزگە قايتىپ، 15 — 20 كۈن يوشۇرۇنۇپ يۈردۇق. كېيىن مەكتەپ بىزنى چاقىرتقاندا، مەكتەپكە بېرىپ ئىشقا چۈشتۇق. لېكىن، مەكتەپ ئىچىدە تىنچلىق يوق ئىكەن. چۈنكى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇۋالغان لۈكچەك ئۇنسۇر ياڭ دەيچىن (قاسساپ، ياغچىلارنىڭ ئاقساقىلى) قارا كالتەكنى مەكتەپ ۋە

دەرۋازا ئالدىدا سۈرەپ يۈرۈپ، بىزنى خېلى ئۇزۇن كونترول
قىلدى. شۇ يىلىنىڭ يازلىق تەتىلىدىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ
مۇئەللىملىرىنى تارقاقلاشتۇرۇپ يېزىلارغا ئالماشتۇرۇۋەتتى،
مېنىمۇ قوشتاغ مەكتىپىگە يۆتكىۋەتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرى
ئوقۇتقۇچىلاردىن قاتتىق گۇمانلانغانلىقتىن، شۇ يىلىنىڭ قىشلىق
تەتىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆيۈشما ئىچىگە يىغىۋېلىپ، 15— 20
كۈن قاتتىق نەزەربەنتكە ئالدى. تەتىل توشۇپ دەرس باش-
لاش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلاڭچىلىرى-
نىڭ كېيىنگە ئىشەنمەسلىك، دېگەندەك ۋەز - نەسىھەتلەرنى سۆزلەپ
قويۇپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مائاشىمىزنى ئالتە ئايغىچە
پۈتۈنلەي توختاتتى. شۇ چاغ 47 - يىلى 7 ئاي مەزگىللىرى
(بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىت) بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتكەنىكەن.
شۇڭا، گومىنداڭ دائىرىلىرى: «پۇلۇڭلارنى سەيپىدىن ئىلىغە ئې-
لىپ قاچتى» دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا،
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش پۇللىرىمىز گومىنداڭچىلارنىڭ مالىيە
خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلىرىنىڭ سودىگەرچىلىك
قىلىدىغان دەسمايىسى بولدى. مائاش توختاپ بەش ئاي ئۆت-
كەندە، قوشتاغ يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى
ئۆمەر توختى ھاجىم ناھىيىدىن مائاشىمىزنى ئېلىپ كەلدى.
لېكىن، شۇ مەزگىللەردە پۇل پاخاللىقى ئۆچىغا چىققان، بازار
باھاسى مۇقىمسىز، پۇل ئىشەنچسىز بولغانلىقتىن، چوڭ - كى-
چىك سودا ئىشلىرىدا مالنى مالغا ئالماشتۇراتتى.
بۇ مەزگىللەردە مائارىپ خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ،
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىناۋىتى تۆۋەنلەشكەن، مەكتەپلەردىمۇ شېئىر،
تەنتەربىيە ۋە باشقا ھېچقانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدى-
غان بولغانىدى. يامۇلدىكى كوچاڭ، كۆيەن، لوزۇڭ، بەگلەر ۋە



ياپىلار قىمارنى ئاشكارا ئوينايدىغان نەشەخورلاردىن بولۇپ،
بۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار ئىچىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن-
نىدى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، بەزىلەر قىمار ئوينىسا،
بەزىلىرى كەسپىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن، بىر قىسىم ئىلغارلار
قولغا ئېلىنغان، بىر قىسىملىرىنى خىزمەتتىن بوشىتىپ يىراق
جايلارغا تارقاقلاشتۇرغان. مېنىمۇ شۇ قاتاردا گۇما ناھىيىسى-
نىڭ ئەڭ يىراق يېزىسى بولغان سانجۇنىڭ ئاياغ پوسكى دې-
گەن تاغلىق كەنتىدىكى بىر سىنىپلىق مەكتەپكە ئەۋەتكەنىدى.
1947 - يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، گۇما ناھىيى-
سىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان 10 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ،
62 سىنىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى؛ ئۇيۇشما قارىمىقىدا
40 نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ، 2300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى،
ئىدكى خىل مەكتەپتە جەمئىي 300 گە يېقىن ئىشچى - خىز-
مەتچى، 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، دەرسكە قات-
نىشىش نىسبىتى 40% دىن ئاشمايتتى.
1948 - يىللىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىلا ئەمەس،
بەلكى خوتەن سىفەنگىمۇ باللارنى بەرمەيدىغان بولغان، سى-
فەنگە مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەنلەرمۇ مەكتەپنىڭ تامىقى ناچار،
تايىقى قاتتىق، تەلىم - تەربىيىسى ئوسال، دېگەن سەۋەبلەر
بىلەن قېچىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى.
1949 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئار-
مىيىسىنىڭ شىنجاڭغا چىققانلىق خەۋىرى گۇمىغا يېتىپ كەلدى.
بۇ چاغدا گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا زىيالىي-
لارنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ زالىغا يىغىپ: «ھەرقايسىڭ ئازاد-
لىق ئارمىيە كېلىدۇ، دەپ تەشۋىق تارقىتىپ، خەلق بىزگە
سېلىق تۆلىمەيدىغان بولدى، ھەربىي تەمىنات ۋە ئات - ئۇلاغ
تەمىناتى بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلدىڭلار» دەپ، قوراللىق تەھدىت

سالغانىدى. بەختىمىزگە يارىشا، شۇ كۈنى ۋاڭ خەيلۇ قوماندانلىقىدىكى ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى گۇمىغا كېلىپ، بىزنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. ۋاڭ خەيلۇ (بۇ كىشى دەسلەپكى قەدەمدە گۇما ناھىيىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان) قوماندانلىقىدىكى بۇ قىسىم جاللات شېڭ شىسەينىڭ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەم يەرلىك مۇتەئەسسىپ ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى قاتمۇ قات زۇلۇمىنى بىكار قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يول ئاچتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەدرىنى قايتا كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا چىققان خەۋىرىنى ئاممىغا يەتكۈزۈشتە ۋە خەلقنىڭ بەگ، بوجاڭ، ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپلەر ئۈستىدىن نامايىش ئېلىپ بېرىشىدا، ھاكىمىيەت ئىسلاھ قىلىشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

ئۆلكىمىز تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپچىلارنىڭ قەدرىنى كۆتۈردى، جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى قايتا تىكلىدى، ئاكتىپچانلىقىغا داغدام يول ئېچىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە نۆۋەت بىلەن بىلىم ئاشۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز كەسپىگە تېخىمۇ كۆيۈنۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى.

51 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە ئوقۇتقۇچىلار باشقىلارغا نەمۇنە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىئانىلەرنى توپلىدى. ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، جايلارنىڭ ساۋات چىقىرىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش بىلەن، تەشۋىق -تەربىيە خىزمەتلىرىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى.



ئومۇمەن گۇما ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپ يولغا قويۇلۇشىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق ئىشلەپ، بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە ۋە خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كادىرلىرىدىن بولۇپ قالدى. 50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان گۇمىدىن يېتىشىپ چىققان ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەت ئورگانلىرىدا، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋە ئاساسىي قاتلاملاردا يىلتىز تارتىپ ئۈزۈلمەس ئېقىمغا ئايلاندى.

(ئاپتورى: گۇما ناھىيە بازىرى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **تۇرغۇن ئۆمەر**

# ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ شېئىرلىرى

**ئابدۇساتتار ھامىدىن**

30 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئۇلار يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ئاڭ، يېڭىچە باشقۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى زامان پەن - بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، يارامىلىق خادىملاردىن بولۇشىغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ مەكتەپلەردە مەخسۇس شېئىر دەرسى تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى - يېڭى مەكتەپ شېئىرلىرى ئۆگىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئويغىنىشىنى، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئۈلگىلىك رول ئوينىغانىدى. تۆۋەندە مەن ئەينى زاماندا كەلپىن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ شېئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1934 - يىلى كۈزدە، كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپتە تۆۋەندىكى شېئىرلار ئوقۇلغانىدى:



خەلقىمگە دالىم،
مەكتەپلەر ئاچالىم.
نادانلىقلارغا،
قارشى چىقالىم.

نەقرات: ماراش، ماراش،
ھەيدىن ئارقاداش.
ئىلگىر قارا يۇر،
ئىلىمەلىرىڭ ساچ.

ئاتمىش يىلدىن بېرى،
نادانلىقنىڭ دەردى.
يۇرت - خەلقىمىزنى،
ۋەيران ئەيلىدى.

نەقرات: مارش، مارش،
ھەيدىن ئارقاداش.
ئىلگىرقارا يۇر،
ئىلىمەلىرىڭ ساچ.

كېيىنرەك بۇ شېئىر تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدىغان بولدى:

### خەلقىم يۇر ئەمدى

خەلقىم يۇر ئەمدى،
مەكتەپلەر ئاچايلى.
نادانلىقلارغا،
قارشى تۇرايلى.

نېقرات: ئارش، مارش،
يۇرۇك ئارقا داش.
غەپلەتتە ياتماي،
ئەمدى كۆزۈك ئاچ.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى،
نادانلىقنىك دەردى.
يۇرت، خەلقىمىزنى،
ۋەيران ئەيلىدى.

نېقرات: ئارش، مارش،
يۇرۇك ساۋاقداش.
ئوقۇيلى ئەمدى،
يۇرتۇڭغا نۇر چاچ.

## ئويغان ئاداش

قوپ ئى ئاداش، ئەتراپىڭغا باق،
باق،...نە كۆرەرسەن ئويلىغىن ئۇزاق،
يەردە، هاۋادا، سۇدا كېزۇرلەر،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.

ئى، ئاداشلار، ئويغان ئاداشلار،
ئويغانغانلار ئوبدان ئاداشلار.
قاچانغىچە ئۇخلاپ ياتۇرسىز،
ئويغاندى ئالەم، تۇغدى قۇياشلار.



## ئىلىم ئوقۇيلى

شانلى قۇرئان، كانى ئىرپان،
ئوقۇ، ئاڭلا، بىل دەيدۇر.
غەيرەت قىل ئەي قەهرىمانلار،
ئوقۇش هەقىنىك ئەمرىدۇر.
نېقرات: ئىلىم ئوقۇرمىز، شان ئالۇرمىز،
ياشلىق ئوقۇش دەۋرىدۇر.
شانلى قۇرئان، كانى ئىرپان،
ئىلىم- ئەمەل بىلەن يۇر.
نادانلىقا يول بەرمەيلى،
ئۇ خارلىققا تارتىدۇر.
نېقرات: ئىلىم ئوقۇيمىز، شادلىنۇرمىز،
ئوقۇش هەقىنىك ئەمرىدۇر.

## قوپ قان قېرىنداش

قوپ، قان قېرىنداش ئەتراپىڭغا باق،
باق، نە كۆرەرسەن ئويلاغىل ئۇزاق.
دەرسۇ، ئىبرەتلەر كېلۇر بۇ جاهاندىن،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.
نېقرات: بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتىدۇر كۈچ!
ئۇلار نە ئىلمى هېكمەت بىلەن يۇر،
سىنەلەردە هىممەت بىلەن يۇر.
يەردە، هاۋادا، سۇدا ئۇزەيۇرلەر،
جۇملە جاهاننى يۇتماق ئىستە يۇر.
نېقرات: بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتىدۇر كۈچ.

## ئارسلان

ئارسلان ئوغلان، ئارسلان ئوغلان،
بولدى سەنگە ئوبدان زامان.
مىللىي يېڭى جەننەت، مىللىي يېڭى جەننەت،
مەكتەپ ئېچىلدى تېز قىل جەۋلان.

## ياشا ۋەتەن

ھەر نەسىل، قوۋمىنىڭ تەرەققىيسى شانى ئىتتىپاق،
ھەر قەيۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبالى شانۇ ئىتتىپاق.
نەقرات: ياشا ۋەتەن، ياشا ۋەتەن،
ياشا! ۋەتەن، ئەركىن ياشا، مىڭ ياشا!

ئىتتىپاقنىڭ سايەسىندەدۇر يەبىجى پەيدا،
مەركىزىي يۈز مىڭچە رەۋناقدۇر جاھانۇ ئىتتىپاق.
نەقرات: ياشا ۋەتەن، ياشا ۋەتەن،
ياشا! ۋەتەن، ئەركىن ياشا، مىڭ ياشا!

كېيىنچە ھەر قايسى مەكتەپلەردە مەكتەپ شېرلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. يېڭى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان مەكتەپ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلپىندىكى مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان بولدى.

## قۇتۇلۇش

قۇتۇلۇش يولىدا،
سۈدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز.



دەپسەندە بولدى،
پۇل - مال ھەم جانىمىز.
؟........................

## ئىلىم ئالايلى

ئىلىم ئالايلۇق ئىي قېرىنداشلار،
ئوقۇش دەۋرى كەلمىشدۇر.
ئىلىم ئىنساننىڭ ھايات بولىقى،
غەيرەتتىن يانار يۇرتنىڭ يورۇقى
؟........................

## ئاپتاپى ئىرپان

ئاپتاپى ئىرپان، بولدى نامايان،
ئويغاندى خەلق، تۇغدى شۇ دەۋران.
يۇرتىمىز بولدى پاراۋان،
ئازاد شۇ دەۋران.

## ئىزچىلار شېئىرى

بىز ئىزچىلار بىز، پۇت - قوللارىمىز،
كۆز، دىماغىمىز، ھەرىيىرىمىز ساغلام.
ۋەتەن، خەلقىنىڭ، ئەلنىڭ قۇلى بىز،
دۈشمەنگە قەلبىمىز ساقلار ئىنتىقام.
نەقرات: يۈرۈك ئوقۇيلى، ياش ئوقۇغۇچىلار،
ۋەتەن، خەلق يولىدا قاينار ۋىژدانلار،
ئۆزۈن يىللار بىز زۇلمەت قوينىدا،

ئوقۇيالىدۇق ۋەتەن يولىدا.
ئەمدى قۇتۇلساق بۇ نادانلىقتىن،
ئارمان يوق يۇرتىمىزغا ئىشلەش يولىدا.

## دارىلمۇئەللىمىن شېئىرى

ئى ئېزىزلىرىم تۇر ئەمدى،
پۈتۈن دۇنيا ئويغاندى.
بارچە مەزلۇم - مەھكۇملار،
ھەممە جايدا قوزغالدى.
ئاسارەتتە كۆپ ياتتۇق،
لايۇ - پاتقاققا پاتتۇق،
ئويات ئىكەن بۇ خارلىق،
دارىلمۇئەللىم ئويغاندى.

نەقرات: ياشىسۇن مەرىپەتپەرۋەرلەر،
يوقالسۇن ئالچاق خائىنلار.

## بىرلىكتەدۇر كۈچ

ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل.
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
بۇ كۈرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسىدۇر تەل.
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىر، ئىككى، ئۈچ،
ياخشى بىلىڭ دوستلىرىم بىرلىكتەدۇر كۈچ.



## ئوقۇ ياشلار

ئوقۇش ۋاقتى يەتتى قۇرداشلار،
ئوقۇپ بىلىم ئالغىن ياش دوستلار.
ئوقۇ ياشلار، بۇ مۇقەددەس يۇرتىمىز تېز گۈللەنسۇن،
ئوقۇش بىلەن خەلقىم جانلانسۇن.
بىلىم ئالمىغاندا قانداشلار،
خورلۇق باشتىن كەتمەس يارانلار.
ئوقۇ ياشلار بۇ مۇبارەك يۇرتىمىز تېز گۈللەنسۇن!
بىلىم بىلەن ئەل - يۇرت ياشنىسۇن!

## تىلىكىم ئوقۇش

مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش،
جان ئىلە تېنىم ئوقۇشقا قۇربان.
ئانا مەكتىپىم دىلنى يورۇتۇر،
ئوقۇپ ۋەتەندە قىلىمەن جەۋلان.

نەقرات: كېلىڭ دوستلار بىرلىشەيلى،
ئىلىم - ئىرپانغا ئېرىشەيلى.

مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش،
جان ئىلە تېنىم ئوقۇشقا قۇربان،
ئاتا - ئانىلار ئوقۇمىغاچقا،
قالدىلەر زارلاپ، ئەۋلادلار ھامان،

نەقرات: كېلىڭ دوستلار بىرلىشەيلى،
ئىلىم ئىرپانغا ئېرىشەيلى.

## ئىزچىلار (توڭزىجۈن) شېئىرى

زامانەڭ ئەڭ شات، پارلاق، باتۇر ياشلار،
ئالغىن قولۇڭغا ئىلىم ھەم قورال،
ئىشلەش بىلەن دائىم تاۋلان - چېنىق،
كۆرەشتە يەڭ، پات قۇرغىن يېڭى شىنجاڭ،
ئازادلىق كۆرەشنىڭ شانلىق دولقۇنى،
دولقۇنلاپ قىرغاقلارغا تاشتى.
كۆرەشكە ئامراق بۇ جۇڭخۇا خەلقى،
ئازادلىققا كەڭ تاشا ئىشىك ئاچتى.

## قوزغال

قوزغال ۋەتەننىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرى،
كۆرەش ۋاقتى يېتىپ كەلدى.
كۆز ئالدىمىزدا ئۇ پاشىستلار،
قانلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
نەقرات: قوزغال قوراللىنىپ، تېز تۈز سەپىڭنى،
ئالغا باس، ئالغا باس، ئالغا باس،
ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرايلى يېرىمىزنى،

ئاڭلىمىدىڭلارمۇ جاللات ئەسكەرلەرنىڭ،
غالجىرلاشقان شۇم پەيلىنى،
ئۇ كەلسە سېنىڭ ئۆيۈڭگە،
ئۆلتۈرىدۇ بالا ھەم خاتۇنۇڭنى.



نەقرات: قوزغال قوراللىنىپ، تېز تۈز سەپىڭنى،
ئالغا باس، ئالغا باس، ئالغا باس،
ئۇلارنىڭ قانى بىلەن سۇغىرايلى يېرىمىزنى،

## ئوقۇش پۈتتۈرۈش شېئىرى

مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچۇرمىز،
مىللەتنىڭ باشىغا نۇرلار چاچۇرمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭى ئېچىلغان قىپقىزىل گۈلى،
ئىنشائاللا بۇزۇلماس ياشار، مىڭ ياشار،
يۇرتىمىزدا مەكتەپلەرنىڭ ئاچىلغان گۈلى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# ياشلىق پائالىيەتلىرىمدىن ئەسلىمە

ئابدۇقادىر ئەبەيدۇللايۇۋ

## گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قارا شەھەردە

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنى 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىغا تاشيول ياساش ئۈچۈن، قارا شەھەر ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىگە ھاشار سېلىنىپ، قارا شەھەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق قارا شەھەر، خېجىڭ، كورلا، بۈگۈر، لوپنۇر ناھىيىلىرىدىكى (ھازىرقى خوشۇت، باغراش ناھىيىلىرى ئۇ چاغدا قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى ئىدى) دېھقانلار ۋە شەھەر خەلقى، ياش - قېرى دېمەستىن، ئات - ئۇلاغ ۋە ھارۋىلىرى بىلەن ھاشارغا ھەيدەلگەن. بۇ ھاشارچىلار يەرلىك بەگ - بوجاڭلارنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئېغىر ئەمگەكتە ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇقنىڭ، ئاچلىق ۋە پاسكىنچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقاچقا، يول ياساش ئەمگىكى جەريانىدا تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، ئاغرىپ يېتىپ قالغان، ھەتتا بەزىلىرى



ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىمۇ ئاچلىق، ھارغىنلىق ۋە سوغۇقنىڭ دەردىدە كېرەكتىن چىققان ۋە ئۆلۈپ كەتكەن؛ ھارۋىلىرى بۇزۇلۇپ، سۇنۇپ، يوللاردا تاشلىنىپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ تاشيول پۈتمەي تۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپى، يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭلەر ئۆلگەن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ جەسەتلىرى، سۇنغان ھارۋىلارنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇ ئېغىر ئەمگەكتىكى مەجبۇرىيەتلەرنى مىڭبىر جاپادا تۈگىتىپ، ساق قالغان ھاشارچىلار بولۇپمۇ دېھقانلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا، ئاللىقاچان ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە، ئات - ئۇلاغلىرىمۇ ئۇرۇقلاپ، ھارۋىلىرى بۇزۇلۇپ، دەرھال كېرەككە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، يەرلىرىنى ۋاقتىدا تېرىيالمىغان؛ يەرلىرىنى تېرىپ بولغانلار پەرۋىش قىلىش، ئوغۇتلاش ئىشلىرىنى قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بىچارە دېھقانلار يەرلىرىدىن تۈزۈك ھوسۇل ئالالماي، يۈرەك - باغرى ئۆرتىنىپ، قاتتىق قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تاشيول ئەمگىكىگە سېلىنغان ھاشارچىلارنىڭ بۇ ھەقسىز قاتتىق ئەمگەكتىن زارلىنىشىدىن ھەم يول ياساشتا ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، قەشقەردىن يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەن 6 - يىڭنىڭ بارلىق كوماندىر ۋە ئەسكەرلىرىنى قارا شەھەردىكى مۇنتىزىم ئاتلىق پولكنىڭ كۈچى بىلەن پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇپ، كورلا - چاقىلىق تاشيولى ئەمگىكىگە سالغان. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىدە دەم ئېلىشقا چىققان سۇپاخۇن پولكوۋنىك، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن دەم ئېلىشقا چىققان تۇراق ئىسمايىل، شىنجاڭ بىتون زاۋۇتىدىكى سېلىم ئىسكەندەر، لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىدىكى مۆمىن تالىپلار شۇ

چاغدىكى تاشيول ئەمگىكىگە سېلىنغان 6 - يىگىنىڭ كوماندىر - ئەسكەرلىرى ئىدى. مەن 1942 - يىلى 9 - ئايدا كورلىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، «سوۋېتنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئالاقىسى بار» (قارا شەھەردە «ساۋسىنتورك» نىڭ سودا خادىملىرى بار ئىدى) دېگەن بوھتان بىلەن قاماققا ئېلىنغانىدىم؛ 11 - ئايدا يەنى ھاشار ئەمگىكى تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، چاقىلىقنىڭ يېڭىسۇ دېگەن يېرىگىچە بولغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندىم. يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى شۇ چاغدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە قاتناشقان.

1944 - يىلى 4 - ئايلاردا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، قارا شەھەر دەرياسىغا ياغاچتىن كۆۋرۈك سېلىش ئىشى باشلىنىپ، بۇنىڭغا كېرەكلىك ياغاچ ۋە ئەمگەك كۈچلىرىمۇ دېھقانلار ۋە شەھەر خەلقىگە سېلىق قىلىپ ئارتىلدى. كۆۋرۈككە كېتىدىغان ياراملىق ياغاچلار ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە ئالۋاڭ قىلىپ سېلىندى. ياراملىق ياغاچ بېرەلمەيدىغان دېھقان ئائىلىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىندى. ئاخىر شۇ يىلى 11 - ئايغا كەلگەندە، خەلقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇزۇنلۇقى 400 مېتر، كەڭلىكى 12 مېتر كېلىدىغان ياغاچ كۆۋرۈك پۈتكۈزۈلدى. بۇ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمگىكىمۇ زالىم بەگ - بوجاڭلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بىچارە دېھقانلارنىڭ بېلى يەنە بىر قېتىم ئوشتالدى.

1945 - يىلى ئەتىيازدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي يۈرۈش فرونتى ئاقسۇ رايونىغا، شىمالىي يۈرۈش فرونتى چۆچەك، ئالتايغا، ئوتتۇرا فرونتى ئۈرۈمچىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، قاتتىق سارا-



سىمغا چۈشكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قارا شەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا سېپىل ياساش ئالۋىڭىنى سالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ناھىيە تەۋەسىدىكى دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ قېرى - چۆرىلىرى ۋە مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللىرىدىن باشقا ھەممىسىنى ھەقسىز ئەمگەك قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شۇ يىلى كۈز ئاخىرىغا قەدەر ئاستىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتر كېلىدىغان سېپىل سوقتۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن، قارا شەھەر خەلقى يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر زۇلۇمنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئۆز ئىگىلىكلىرىگە قارىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ھالىدىن كەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ قارا شەھەردە تۇرۇۋاتقان بىر ئاتلىق تۈەنىنى تەمىنلەش ئۈچۈن خەلققە سالغان ئاشلىق، بېدە - سامان، ئوتۇن ئالۋاڭلىرىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ شەھەرگە ساتقىلى ئېلىپ كىرگەن بېدە - سامانلىرىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۆرگەنلا يېرىدە «سەيسە» دەپ تۇتۇۋېلىپ، ھەقسىز تارتىۋالاتتى. ئەگەر دېھقانلار بۇنىڭغا نارازى بولسا، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، بۇ دېھقانلارنى ئات - ئۇلىغى ۋە ھارۋىسى بىلەن بىللە 2 - 3 كۈن مەجبۇرىي ھەقسىز ئىشلىتىۋېلىپ، ئاندىن قويۇپ بېرەتتى.

يۇقىرىدىكىدەك قاتمۇ قات زۇلۇملار دەستىدىن، خەلقنىڭ سەۋر - تاقىتى چېكىگە يېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى غەزىپى قايناپ - تاشتى. بولۇپمۇ قارا شەھەردىكى بىر قىسىم ھەققانىيەتپەرۋەر زىيالىيلار ۋە ياشلار ئويۇشۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئەسلىدە 1945 - يىلى 2 - ئايدا، مەرھۇم تىلىۋالدىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، تۇرسۇن ھۈسەيىن، ئىبراھىم ئەخمەت، ئوبۇلقاسىم، قاسىم ئاخۇن ۋە ئەبەيدۇللا يوۋ (مەن) بولۇپ

ئالتە كىشى بىرلىشىپ ئىش باشلىغانىدۇق. بىز ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن مەخپىي تارقىتىلغان گېزىت ۋە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلققە ۋە ياشلارغا تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ تۈرلۈك غەلىبىلىرى، غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قەھرىمان-لىقلىرى، جەڭچى قىز رىزۋانگۈلنىڭ ئاجايىپ پائالىيەتلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۈچ ۋىلايەتتە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ پىلانلىق تۈردە تەدرىجىي راۋاجلىنىۋاتقانلىقى ۋە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كەڭ تەشۋىق قىلدۇق. بۇ تەشۋىقاتلار نەتىجىسىدە، بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزگە قاتنىشىدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، سېپىمىز زورىيىشقا باشلىدى؛ شەھەردىكى زىيالىيلار ۋە ياشلاردىن باشقا، بەزى ئويغانغان دېھقانلارمۇ بۇ سەپكە ئاكتىپ قاتناشتى. مەسىلەن: زىيالىيلاردىن باۋدۇن تۇرقى، ئابدۇللا ئىبراھىم، سابىت مەشھۇر، بەكرى ساۋۇت، تۇردىيۇپ مەھەممەت، ھاجى ھاشىم، قۇربان تۇرقى، ئابدىراخمان قارىقاش، ئىبراھىم زىغەم قاتارلىقلار ئەنە شۇ زىيالىيلار ۋە ياشلاردىن ئىدى. ھەتتا دېھقانلاردىن مەھەممەت روزى شاڭجاڭ (ئازادلىقتىن كېيىن شاڭجاڭ بولغان)، ئابلىز رېھىم قاتارلىقلار بىزنى قوللىدى. بىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئېقىمدىكى چوڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىمۇ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولشېۋىكلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىنى يېڭىپ غەلىبە قىلغانلىقى، ئىچكى ئۆلكىلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكى-دىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يېڭىپ غەلىبە قىلغانلىقى، شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى



باشلانغانلىقىنى يوشۇرۇن ھەم ئاشكارا ھالدا كەڭ تەشۋىق قىلدۇق.

بىز شاپىگرافتا تەشۋىق ۋەرەقىسى بېسىپ تارقىتاتتۇق ۋە ئۇنى شارائىت يار بەرگەن سورۇنلاردا ئاممىغا ئوقۇپ بېرەتتۇق. لېكىن، بىزنىڭ بۇ تەشۋىقاتىمىز ئاسانغا چۈشمىدى، قۇربانسىز بولمىدى. تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىككى سەپداشىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئۇلارنىڭ بىرى — تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئىبراھىم ئەخمەت بولۇپ، 1945 - يىلى 7 - ئايلاردا شاپىگرافتا تەشۋىق ۋەرەقىسى بېسىۋاتقان ۋاقىتتا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدۇ. جىڭساجۈي ساقچىلىرى تۇتماقچى بولغاندا، بۇ يولدىشىمىز دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك، مۇمكىن بولسا قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەريانى بويلاپ قاچىدۇ. ساقچى ۋە ئىشپىيونلار قوغلاپ كېلىپ يېقىنلاشقاندا، ئۇ دەرياغا سەكرەيدۇ ۋە نېرىقى قىرغاققا قاراپ ئۈزىدۇ. گومىنداڭ ساقچىلىرى ئۇنى بىرنەچچە پاي ئوق بىلەن ئېتىپ دەرياغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇشى باشقا سەپداشلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا - قازانى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. يەنە بىرى — سابىت مەشھۇر بولۇپ، 1945 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئارا، گۈرجەك ۋە كالتەك - توقماقلار بىلەن قوزغىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئېلىشىش جەريانى-دا غەنىيمەت ئالغان قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، كېيىن پەيدىنپەي مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلىپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىۋاتقاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خىيجىڭ ناھىيىلىك جىڭساجۈي ئەسكەرلىرى

ۋە گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىرلىكتە تېز ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئورا كولاپ تىرىك كۆمۈۋېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىرادىسى بوش بەزى سەپداشلىرىمىز ئىككىلىنىپ قالىدۇ. بىزمۇ بۇ ۋەقەلەردىن قاتتىق ساۋاق ئېلىپ، بىر تەرەپتىن سېپىمىزنى رەتكە سېلىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇردۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتتۇق. غەيرىتىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇردۇق. غەيرىتى چوڭ، جۈرئەتلىك بەزى كىشىلەر بىزنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بىزگە قوشۇلدى. مەسىلەن، ئىلگىرى قارا شەھەردىن يەكەنگە كەتكەن ئەرلى ئىسىملىك ئۇيغۇر يىگىت 1945 - يىلى 10 - ئايدا يەكەندىن قايتىپ كېلىپ بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى. ئۇ، ھەربىي ئىشلارغا خېلى ماھىر ئىدى. بىز ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇق. ئۇنى ئۆيلەپ، ئاتۇش مەھەللىسىدىن ئۆي تۇتۇپ بەردۇق ۋە قارا شەھەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا بېكىتتۇق.

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1946 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى بولۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقچىل كۈچلەرگە قارشى ھەربىي كۈچىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. قارا شەھەردە گومىنداڭنىڭ 128 - دىۋىزىيىسى ۋە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ قارامۇدۇن يېزىسىنى بازا قىلىپ، قارىغايىتا، خاخىرداۋان ئېغىزلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قارشى ئالدىنقى سەپ قىلغان بىر تۈمەن مۇنتىزىم قوشۇنى بار ئىدى. گومىنداڭ ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ، ساراسىمە ئىچىدە ئەندىشە قىلىپ، قەشقەردىن



ئالماچان پۇقرا بولۇپ كەتكەن بىر ئەترەت قورالسىز قىرغىز ئەسكەرلەرنى بالا - چاقىلىرى بىلەن يۆتكەپ ئەكىلىپ، قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاتۇش مەھەللىسىدىكى بىر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن ئۇقساق، بۇ قىرغىزلار 1930 نەچچىنچى يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال ئىسھاق بەگنىڭ قول ئاستىدا ئەسكەر بولۇپ، كېيىن ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغانلار ئىكەن. گومىنداڭ ئۇلارنى قارا شەھەردىكى ئاتلىق تۈمەننىڭ ھەيۋىسىدە رىجىمدا تۇتۇپ تۇردى. بۇلار مۇ گومىنداڭ تەشۋىشلىنىپ تۇرغان بىر توپ كۈچ بولۇپ قالغانىدى. مەن 1946 - يىلى 6 - ئايلاردا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغانىدىم. قارا شەھەردە تىلشۇالدى، تۇردىيوپ مەھەممەت، بەكرى ساۋۇت قاتارلىق 10 نەچچە ئىلغار ياشنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنى دەرھال ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ئەخمەتجان ئەپەندىمگە مەلۇم قىلدىم. ئەخمەتجان ئەپەندىم سەبىرلىك بولۇشنى، قولغا ئېلىنغان سىياسىي مەھبۇسلار «11 ماددىلىق بىتىم» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن پات ئارىدا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەن قارا شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدىن ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە سايلام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قارا شەھەرگە كەلدى. دەرۋەقە، «تىنچلىق بىتىمى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، سايلام ھەيئىتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ياشلار ھەم خەلقنىڭ تەلىپى بىلەن، گومىنداڭ تۈرمىسىدىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ

بېرىلدى. بىز ئۇلارنى خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە تۈرمىدىن داغدۇغىلىق ھالدا ئېلىپ چىقتۇق.

1946 - يىلى 7 - 8 - ئايلاردا، گومىنداڭنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ھەربىي نەزەر بەندىدە تۇرۇۋاتقان قىرغىز ئەسكەرلەردىن تۆلەمىش، سۇلتان، ھەيدەر، قاسىم قاتارلىق ئالتە نەپەر ياش يۇلتۇز تېغى ئارقىلىق غۇلجىغا قېچىپ كەتتى. 8—9 - ئايلاردا قارا شەھەرگە كېلىشكەن ۋە قاۋۇل بەش ئەزىمەت پەيدا بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ باشلىقى ياسىن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار بىلەن تونۇشتۇق، ئەمما ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىر قەدەر بىلىدىكەن. بىز ئۇلار بىلەن بولۇپمۇ ياسىن بىلەن مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم جايدا ئۇچرىشىپ، بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ تۇردۇق. مەن ئۇلارنى ئەرلىگە تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. چۈنكى، قارا شەھەردىكى ھەربىي ۋە ساقچىلار ئەرلىدىن ئەيمىنەتتى. 1946 - يىلى 10 - ئايلاردا ئۇلارنىڭ كەينىگە ماراقچى چۈشۈۋالدى. بىز بۇ سىرلىق تەھدىتتىن ۋە كېيىنكى خەۋپتىن ئېھتىيات قىلىپ، ياسىن باشلىق تۆت يولداشنى قاچۇرۇۋەتتۇق. ئەمما شۇ ئارىدا، ئۇلاردىن ئەنۋەر ئىسىملىك بىر يولداش گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، ئەنۋەر 1947 - يىلى يازدا قارا شەھەر تۈرمىسىدىن قېچىپ كورلىغا بارغاندا، گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان. ھۆكۈمەت ئادەملىرى ۋە ساقچىلار ئۇنىڭغا يېقىن بارالماي يۈرگەندە، كورلا شەنيامۇل* نىڭ ئاتاقلىق چەبدەس ئادىمى باۋدۇن جاۋلىيەن «مەن تۇتىمەن» دەپ قولىغا بىر ماۋزېرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن. ئەمما ئۇنى تاپقاندا قولىدا بىر پارچە تۆمۈرنىڭ سۇنى

*شەنيا مۇل — كونا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامى.



قىمۇ بولمىغان ئەنۋەرگە باۋدۇنمۇ يېقىن بارالماي، ئەنۋەرنىڭ بېلىكىگە بىر پاي ئوق ئېتىپ ئۇنى يارىلاندۇرغان. ئەنۋەر «كەل، ئەمدى تۇتە!» دەپ، ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن. ئۇ، قانسىراپ كەتكەچكە، تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن، ھالسىراپ يارىسى يىرىڭداپ كېتىپ، تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر تەرەپتىن خەلقچىل كۈچلەر ۋە ئىنقىلابچىل ياشلارنى باستۇرۇپ، يوقىتىۋېتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى بولۇپمۇ دېھقانلار ئۈستىدىكى زۇلمىنى بارغانسېرى كۈچەيتتى. دېھقانلارنىڭ بازارغا ساتقىلى ئېلىپ كىرگەن بېدە - سامان، ئوتۇن، ئوت - چۆپلىرىنى گومىنداڭ ھەربىيلىرى «سەيسە» دەپ ھەقسىز تارتىۋېلىپ، دېھقاننىڭ ئۆزىنى ئات - ئۇلاق ۋە ھارۋىلىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن مەجبۇرىي ئىشلىتىۋېلىپ ئاندىن قويۇپ بېرىدىغان، شەھەر ئىچىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ ھەيدەپ كېتىپ بىر نەچچە كۈن ھەقسىز ئىشلىتىۋالىدىغان ئەھۋال ئاۋۋالقىدەك داۋاملاشتى. گومىنداڭنىڭ بۇ تۈگىمەس زۇلمىغا ئەمدى قاراپ تۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا، بىز ئويغانغان بەزى ئامما بىلەن بىللە ۋالىي زۇ شۆفىڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خەلقنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» دە بەلگىلەنگەن دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىجراسىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە كۆرەش ئېلىپ باردۇق؛ ھەربىيلەر خەلقتىن (جۈملىدىن دېھقانلاردىن) تارتىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش، ھەقسىز ئىشقا سېلىنغان دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىش ھەققىلىرىنى تۆلەپ بېرىش، ھەربىيلەرنىڭ مۇنداق زوراۋانلىقلىرىغا ئەمدى يول قويماسلىق توغرىسىدا ۋالىي زۇ شۆفىڭغا كونكرېت تەلەپلەر قويدۇق. بۇ ۋاقىت «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىجرا

قىلىنىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، گومىنداڭ دائىرىلىرى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ خەلققە ئاشكارا زوراۋانلىق قىلىشىنى چەكلەشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇلار ئاۋۋالقى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، بىر تەرەپتىن ئىنقىلابچىلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان ۋە گۇمانلىق قىرغىز ئەسكەرلەر جايلاشقان ئاتۇش مەھەللىسىگە تولۇق قوراللانغان ھەربىيلەرنى ئائىلىسى بىلەن كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ياشلارغا ۋە نەزەربەنتتىكى قىرغىز ئەسكەرلەرگە نەزەربەنتنى كۈچەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن «ئۆز شېخىدىن ساپ كېسىپ ئۆز غولىنى چېپىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن مىللەتنى ساتىدىغان مۇناپىقلارنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئىنقىلابچىلار ئۈستىدىن ئاشكارا ئىشپىيونلۇق قىلىشقا سالدى. مەسىلەن، جىڭساجۇينىڭ بىر ئۇيغۇر شۈكگۈەنىنى ۋە يەنە بىر ئۇيغۇر باجگىرنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئاۋات يەرلىرىدە «سالام خەت يازغۇچى» قىياپىتىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار ئالدىغا ئۈستەل، ئورۇندۇق، دۇۋەت، قەلەم ۋە قەغەزلەرنى قويۇپ، ھاجەتمەنلەرگە سالام خەت يېزىپ بېرىش باھانىسى بىلەن، بىر تەرەپتىن بازار ئىچىگە كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنى كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپقا ئەۋەتىلگەن ئىشپىيونلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۇلارغا يوليورۇق بېرىش ئىشلىرىنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «11 بىتىم» نى ھىمايە قىلغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان ئىنقىلابچىل كىشىلەرنى باستۇرۇشنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بارغانسېرى كۈچەيتىپ، 1947 - يىلىغا كەلگەندە كۆپلەپ قولغا ئېلىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىگە ئۆتتى. مەسىلەن، قارا شەھەرنىڭ ئاتۇش مەھەللىسىدىن ئالتۇنچى مەھەممەتنى «غۇلجا ئوغرىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دەپ تۇتۇپ كېلىپ، تىرىك كۆمۈۋەتكەن؛ يەنە شۇ مەھەللىدىن مەھەممەت پوچى



قاتارلىق بىگۇناھ ئۈچ كىشىنى بىر كېچىدىلا تۇتۇپ ئاپىرىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئاستىغا تىرىك كۆمۈۋەتكەن. جىڭساجۇينىڭ زوراۋانلىقىنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى گومىنداڭ ھەربىيلىرىمۇ ئىنقىلابچى ياشلارغا مەقسەتلىك ھالدا سۈركىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا زورمۇزور جېدەل - ماجرا پەيدا قىلىدىغان بولدى. ئەگەر ئۇلارغا قاتتىقراق تۇرساق، ھەرقاچان قولغا ئېلىنىپ كېتىش، ھەتتا ھاياتىمىزدىن ئايرىلىش خەۋپى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، زورلۇققا زورلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ تۇردۇق.

مۇشۇنداق تېررورلۇق ئاستىدا، كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قوغداش، بىزنى تونۇيدىغان ئىشپىيونلارنىڭ كۆزىدىن نېرى جايلاردا پاناھلىنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەپداشلىرىمىزدىن ئەرلى بىگۇناھ پۇقرالار ۋە ياشلارغا زورلاپ چېقىلغان بىرقانچە ھەربىينىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇپ، گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ھەرۋاقىت زىيانكەشلىك قىلىشى خەۋپى ئاستىدا قالدى. مەنمۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان بىر ئىشپىيوننى ئۇرۇپ قويدۇم. گومىنداڭ دائىرىلىرى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ بىر تۈركۈم ياشلارنى تۇتقۇن قىلدى. مەن ۋە بىرقانچىمىز قاتتىق تىنتىش ۋە تەھدىت ئاستىدا قالدۇق. شۇڭا، بىز مەسلىھەتلىشىپ، يولداش تىلىۋالدىنى كۈچا ياشلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق؛ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىنلا يولداش ئەرلىنى كورلا ۋە لوپنۇر تەرەپلەردە يوشۇرۇنۇپ سەيلى قىلىپ كېلىشكە ماڭدۇردۇق. مەنمۇ باشقا يولداشلار بىلەن بىللە ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، غوللۇق كۈچىمىز پارچىلىنىشقا باشلىدى. يولداش ئابدۇللا ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز غۇلجىغا ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، يېشى چوڭراق ۋە تەجرىبىلىك غوپۇر مەھمۇدى بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدۇق. يول خېتىنى ۋىلايەتلىك

جەڭساجۇي كادىرى، ئىنىم ئاۋۇكىخۋا (ئابدۇكېرىم، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە) ئارقىلىق باشقا كىشىلەرنىڭ نامىدا جايلاشتۇردۇق. ئۇستىمىزگە كەمبەغەل دېھقان سۈپىتىدە كىيىنىپ، ساقچى كادىرىنىڭ كىيىمى بار ئىنىمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شەھەر سىرتىغا چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى تەرەپكە ماڭىدىغان قارا ماشىنىلاردىن بىرىنى توسۇپ، كىرا ھەققىنى بېرىپ، ئاۋۋال ئابدۇللا ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز يولغا چىقتۇق. بۇ، 1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. بىز قاراشەھەردە ۋاقتىمىزدا، بۆلۈنۈپ يولغا چىقىشقا ۋەدىلەشكەن تۇردىيوپ، غوپۇر مەھمۇدى، ھاجى ھاشىملار بىلەن كۆمۈشتە ئۇچرىشىشقا كېلىشكەنىدۇق. دەرۋەقە، ئۇلار بىلەن 20 - دېكابىر كۈنى كۆمۈشتە ئۇچرىشىپ جەم بولدۇق. 22 - كۈنى كۆمۈشتىن يولغا چىقىپ، توقسۇندا بىر ئاخشام قونۇپ، 23 - كۈنى ئۇرۇمچىگە ساق - سالامەت كېلىۋالدۇق. ئۇرۇمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى، پولكوۋنىك رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ بىلەن كۆرۈشۈپ، قاراشەھەردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تېررورلۇقلىرىنى، ئۆز ئەھۋالىمىزنى دوكلات قىلدۇق ۋە غۇلجىغا بېرىپ مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىش ئارزۇيىمىز بارلىقىنى ئېيتتۇق، ئۇ كىشى بۇ تەلىپىمىزنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەتىسى بىزگە ئۈچ پارچە خەت بەردى. ئۇنىڭ بىرى — بىزنى مىللىي ئارمىيىنىڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا سېلىپ قويۇش توغرىسىدا مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان باشلىقلىرى پولكوۋنىك رەسۇلوپ ۋە غاپارخانلارغا يېزىلغان خەت، بىرى — بىزنى مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبەگكە يېزىلغان تونۇشتۇرۇش، يەنە بىرى — چېگرىدىن ئۆتۈش يول خېتى



ئىدى. پولكوۋنىك رەسۇلوپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بەشىمىز بەش يۈك ئاپتوموبىلىغا چۈشۈپ، ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. «زىس» ماركىلىق بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ شوپۇرلىرى: بىر تاتار ئەۋزى، ئىبراھىم تۆگە، ھېزىم توپلەي، سىپە قانجۇق قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن.

## ئازاد رايون — ئۈچ ۋىلايەتتە

1946 - يىلى 29 - دېكابىر كۈنى غۇلجىغا سالامەت يېتىپ بېرىپ، ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ قالدۇق. ئاندىن بىر خادىم ھارۋىنى كىرا قىلىپ، سارايغا ئورۇنلاشتۇق. شۇ كۈنى كەچتە مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنۇۋېلىپ، ئەتىسى گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ ئالدىغا بېرىشنى قارار قىلغان ئىدۇق. بىز مۇنچىدا غېنى باتۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدۇق. ئۇ كىشى قولىمىزدىكى تونۇشتۇرۇشنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىسھاقبېكنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىشقا ۋەدە قىلدى. شۇ ۋەدە بويىچە، ئەتىسى بىز ئاۋۋال غېنى باتۇرنىڭ قورۇسىغا باردۇق. غېنى باتۇر بىزنى بىر ماشىنا بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ باردى، ئاندىن قولىمىزدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ گېنېرالنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، كاپىتان تۇختىيوپ ئابلەت (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىدە بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىققان كادىر) چىقىپ، مېنى گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. قالغان تۆتەيلەن تاشقىرىدا تۇرۇپ تۇردى. گېنېرال بىزنىڭ قاراشەھەردىن كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، بىرىنى بىرىنى چاقىرتتى، پودپورو-

چىك ئۇنىۋانلىق بىر ئوفىتسېر كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، گېنېرال مېنى كۆرسىتىپ: «بۇنى تونۇمسەن؟» دېۋىدى. ھېلىقى ئوفىتسېر مېنى كۆرۈپلا: «ھوي! ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ»؟ دەپ ئۆزىنى ماڭا ئاتتى. ئۇ، قارا شەھەردىكى قىرغىز ئەسكەرلەر ئىچىدىن شۇ يىل يازدا غۇلجىغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئالتەيلەننىڭ بىرى قاسىم ئىكەن. باش قوماندان بەزى ئەھۋاللار ئۈستىدە مەن بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، مېنى چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى. مەن چىقىپ تاشقىرىدا ساقلاپ تۇرغان يولداشلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. ئاندىن گېنېرال ئىسھاقبېك بىر پىكاپ بىلەن، بىز بەشەيلەن غېنى باتۇرنىڭ باشلامچىلىقىدا ھېلىقى ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە باردۇق. گېنېرال بىلەن غېنى باتۇر ۋالىي ھېكىمبەگ خوجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ساۋۇتخان (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر) چىقىپ، بىزنى ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىدىكى بىر مېھمانخانىغا باشلاپ باردى. بىز شۇ يەرگە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇق. بۇ مېھمانخانىدا قومۇلدىن بارغان سېيىت باتۇر، ئۇنانباي باتۇر باشلىق 8 — 10 كىشى، يەنە تۇرپانلىق شائىر تۇرسۇن ۋاھىدى، شائىر ساپاخان، قەشقەرلىق شائىر ھامۇت مەھمۇدى، ئاتۇشلۇق ھايدىن ئالىمقانوپلار بار ئىكەن. ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، ئەھۋاللاشتۇق. كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزگە مۇئەللىم بولغان، كېيىن چۆچەك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان پولكوۋنىك ئارىپ نەسىبى غۇلجىغا كەلگەنىكەن، ئۇ كىشىمۇ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. 1947 - يىلى 4 - ئايلاردا، ئۈرۈمچىدىن يەنە تۇردۇش (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە)، ئەكرەم، رەجەپ، قاسىم، غاكەشلەر كېلىپ بىزگە قوشۇلدى، خېلى كۆ-



پىيىپ قالدۇق.

ئەپسۇسكى، دەل شۇ كۈنلەردە، غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇ دەرۋازىسىدىكى بالىنىستىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان سەپدىشىمىز ئابدۇللا ئىبراھىم ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنى دەپنە قىلىش ئىشىغا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بىۋاسىتە قاتنىشىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ دۇخوۋوي ئوركېستىرىنى ئەكەلتۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى ماتەم تۇتۇپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، خەلپەمبۇزرۇكۋا قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇردى. بۇ دەپنە مۇراسىمىغا ھېكىمبەگ خوجا قاتارلىق غۇلجىدىكى ھەممە مەسئۇل كادىرلار قاتناشتى. مۇراسىمدىن كېيىن، زاراتگاھلىقتا ئەخمەتجان قاسىمى ئېگىزرەك بىر دۆڭگە چىقىپ تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ، قارا شەھەردىكى ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە مەرھۇمنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئېلان قىلدى. ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنىڭ چۆرىسىگە رېشاتكا ئورنىتىلدى. ئاندىن يەنە ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ۋالىي مەھكىمىسىدە خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇلۇپ، نەزىر ئۆتكۈزۈلدى. ئابدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە ئابلىز مەخسۇم* نى قوغداش كۈرىشىدە، سەپدىشىمىز ئەرلىنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدۇق. دېمەك، ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش سەپىرىمىزدە، يەنە قەدىرلىك ۋە شىجائەتلىك ئىككى نەپەر سەپدىشىمىزدىن ئايرىلدۇق.

1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىلى ۋالىي

* ئابلىز مەخسۇم — «11 بىتىم» مەزگىلىدە ئاقسۇغا ۋالىي بولغان خەلقپەرۋەر زات ئىدى، كېيىن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

مەھكىمىسىدە كۈتۈلۈۋاتقان بىز 20 گە يېقىن ياشنى ئەخمەتجان ئەپەندىم ئۆزى باش بولۇپ، بەش سومول، ئون سومول، سۇلتانسۇەس مازىرى قاتارلىق جايلارنى ئايلاندۇردى؛ ئاندىن سۈيدۈڭ - كۈرەلەردىكى سوپاخون پولكوۋنىكنىڭ ئاتلىق پولكىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، سوپاخۇننى بىللە ئېلىپ، قورغاس - چىلپەنزىلەرنى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى زىيارەت قىلدۇردى. بارغانلا يېرىمىزدە ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ باشچىلىقىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پەسكەش قىلمىشلىرى ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تېررورلۇقلىرىنى پاش قىلىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي تۇرار قارىمىقىدىكى ئۈچ ئايلىق كۇرستا ئوقۇدۇق. ھەربىي تۇرارنىڭ باشلىقلىرى ئوسمان باتۇر، نۇرۇم باتۇرلار؛ مۇئەللىملىرى ئىلاخۇنوپ خوجەخمەت قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. بۇ كۇرستا ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي ماھارەت، تۈرلۈك قوراللارنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى، «زىس» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ھەيدەش بىلىمىنى ئۆگەندۇق. شۇ يىلى 7 - ئايلاردا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەنە ۋىلايەتتە «11 ماددىلىق بىتىم» گە خىلاپلىق قىلىشى بىلەن ھەر جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچرىغان ۋە سىقىلغان ياشلار خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، كۇچا، شايا، تۇرپان، ئۈرۈمچىلەردىن ئارقىمۇ ئارقا كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ جەمئىي سانى 100 گە يېقىن ئىدى. بىز قارا شەھەر ۋە قۇمۇلدىن ئىلگىرى كەلگەنلەر قىسقا مۇددەتلىك ھەربىي كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىزنى بىرلەشتۈرۈپ، 100 دىن ئارتۇق ياشنى كەڭ سايغا ئاپىرىپ، ھەربىي - سىياسىي كۇرس ئاچتى. بۇ كۇرستا 8 -



ئاينىڭ بېشىدىن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەربىي - سىياسىي تەلىم - تەربىيە ئالدۇق. بۇ كۇرسقا ئەخمەتجان ئەپەندىم پات - پات كېلىپ ئېقىم مەسىلىلىرىدىن دوكلات بېرىپ تۇردى. 1947 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، غۇلجا باياندايدىكى ھەربىي مەكتەپكە يۆتكەلدۇق. بۇ مەكتەپ باش شتابقا بىۋاسىتە قاراشلىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كوماندىرلار يېتىشتۈرىدىغان ھەربىي مەكتەپ بولۇپ، تولۇق ھەربىي كىيىم - كېچەكلەر بىلەن مۇنتىزىم تەرتىپتە دەرس ئوقۇتۇلاتتى. ھەربىي دەرس جەھەتتە، بەن، پەي، روتىلارنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىلىرى، ھەر خىل ھەربىي قوراللارنى ئىشلىتىش تېخنىكىلىرىنى ۋە ھەربىي ئىنتىزاملارنى ئۆگەندۇق؛ سىياسىي دەرس جەھەتتە، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «ۋ. ك. پ. ب تارىخىدىن لېكسىيە»، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا، ئىنقىلابىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە كېيىنكى ۋەزىپىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگەندۇق. ئەخمەت ئەپەندىم يەنە پات - پات كېلىپ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈستىدە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىپ تۇردى. ھەربىي مەكتەپنىڭ كومىسسارى يولداش سادىروۋ سىياسىي دەرسلىكتىن لېكسىيە بېرەتتى. يازغۇچى زۇنۇن قادىر تىل - ئەدەبىياتتىن دەرس بەردى. بۇ ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى غازىيوپ، كومىسسارى نۇرسادىروپ، شتاب باشلىقى ئابدۇكېرىم مەھمۇدوپ، مۇئەللىملىرى: روزىيوپ ھادى، باتۇر راشىدىن، ئىلاخۇنوپ خوجەخمەت، ئوبۇلخەيرىيوپ ئەززەملەر ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن بىرقانچىمىزنىڭ يەنە «ۋ. ك. پ. ب» ئۆگىنىش كۇرۇژۇكىمىز بار ئىدى. ئوقۇشىمىز جىددىي كېتىۋاتقان پەيتتە، پولك كوماندىرى (تۇەنجاڭ) پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىن بېرىلگەن بۇيرۇق بويىچە، ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن 12

نەپەر ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىنىڭ يەنسخەيدە تۇرۇشلۇق 2 - ئاتقۇچى پولكىغا سىياسىي خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلدۇق. بۇلاردىن: ئۆمەر ئابدۇللا، ھارىن، كەنجى ئىبراھىملار 1-، 2-، 3- باتالىيون (يىڭ) لارنىڭ جاۋداۋ يۈەن (سىياسىي رەھبەر)لىكىگە؛ سۇلتان مامۇت، ئابلىز ھامۇتھاجى، ھەمدەموپ، ھەمدۇللايوپ، ھەسەنوپ ئىسلامجان، يولبارس، ئۆمەر ئىمىن، ۋارسوپلار روتىلار (ليەنلەر) نىڭ سىياسىي تەربىيىچىلىكىگە تەيىنلەندى؛ مەن روتا كوماندىرى (ليەنجاڭ) لىققا تەيىنلەندىم ۋە 1949 - يىل 11 - ئايغا قەدەر ئاتقۇچى روتا، تەلىم - تەربىيىچى روتا (كوماندىر تەربىيىلەش روتىسى)، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان رازۋېتكىچى روتىلاردا روتا كوماندىرى بولۇپ ئىشلىدىم.

1948 - يىل كەچ كۈزدە، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھەربىي قىسىملارنى ئارىلاپ، بىزنىڭ پولكقا كەلگەندە، جۇڭگونىڭ ئاق سىياھبۇغا سىزىلغان سىياسىي خەرىتىسىنى ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئازاد رايونلار، ئۇرۇش بولىۋاتقان رايونلار، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى پولك بويىچە بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا تونۇشتۇرۇپ، بىرنىڭ ئازاد ئۈچ ۋىلايەتكە قويۇلغان بەلگىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتىنى، پات - ئارىدا جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، غەربىي شىمالنى ۋە شىنجاڭنى بىرلىكتە ئازاد قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ، «بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەننى شەرھلەپ بەردى. 1949 - يىل 1 - ئۆكتەبىر كۈنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئازاد قىلىنغان



لىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەنتەنە قىلىشتۇق. 11 - ئايدا سەيپىدىن ئەپەندىم بىلەن گېنېرال ۋاڭ جېن غۇلجىغا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن ھال سوراپ كەلدى. ئۇلار ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىدىكى يەنسخەيدە تۇرۇۋاتقان بىزنىڭ پولكقا كەلگەندە، پولكوۋنىك ئايتۇغاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، رازۋېتكىچى روتىمىزنى تولۇق جەڭگىۋار ھالەتتە كەلتۈرۈپ، پەخرىي قاراۋۇللۇقتا تۇرغۇزدۇم. ئۇلار روتىنىڭ ئالدىدىن ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈپ، پولك كوماندىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن گېنېرال ۋاڭ جېن يەر ئاستىدىكى كۇلۇبتا پولكنىڭ بارلىق ئوفىتسېر جەڭچىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىز بۇنىڭغا گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن تەنتەنە قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، 1945 - يىلى 4 - ئايدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن «ئاي - يۇلتۇز» لۇق بايرىقىمىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» ناملىق قىزىل بايرىقىغا، «ئاي - يۇلتۇز» لۇق كاكارلىرىمىز «1 - ئاۋغۇست» ناملىق كاكارغا ئالماشتى؛ مىللىي ئارمىيىنىڭ نامى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى» دەپ ئاتالدى. 5 - كورپۇس ئىككى دىۋىزىيە قىلىپ تۈزۈلۈپ، 13 - دىۋىزىيە ۋە 14 - دىۋىزىيىگە ئايرىلدى؛ 13 - دىۋىزىيە دىۋىزىيە كوماندىرى پولكاۋنىك ئىمىنوپنىڭ رەھبەرلىكىدە 37-، 38-، 39 - پولك (تۇەن) لەرگە ئايرىلىپ، قەشقەردە باش شتاب قۇرۇپ،

قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە ئورۇنلاشتى؛ 14 - دىۋىزىيە كوماندىرى ئىبراھىم بايىنىڭ رەھبەرلىكىدە 40 -، 41 -، 42 -، پولكلارغا ئايرىلىپ، شىخودا باش شتاب قۇرۇپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەكلەرگە ئورۇنلاشتى.

## گومىنداڭ چىۋۇجۇنى (5 - ئاتلىق كورپۇسى) نىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش

1950 - يىلىنىڭ مارت ئايلىرى، مەن ئازادلىق ئارمىيە 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 40 - پولكى 1 - باتالىيونىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئىدىم. 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پولك كوماندىرى يۇسۇپوپ ماڭا تولۇق جەڭگىۋار ھالەتتە تولۇق شتاتى ۋە قورالى بىلەن بىر روتا تەييارلاشنى بۇيرۇدى. مەن بىر روتىنى بۇيرۇق بويىچە تەييارلاپ، پولك شتابىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويدۇم.

پولك كوماندىرى جەڭگىۋار ھالەتتىكى روتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غىمادىيوپ تەلغەت بۇ روتىنى باشلاپ، گومىنداڭ چىۋۇجۇنى 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ كومپارتىيىگە، خەلققە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ نەنشەنگە چېكىنگەن ئىككى ئىسكادرونى (ئاتلىق ليەنى) نى باستۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى - دە، يۈرۈپ كەتتى. پولك كوماندىرى ئەمدى بىر سائەت ئىچىدە، تولۇق پاخۇت يۈرۈشىدە ۋە تولۇق قوراللانغان يەنە بىر روتا تەييارلاشنى، ئۆزۈمنىڭمۇ يۈرۈشكە تەييارلىنىشىمنى بۇيرۇدى، مەن ئىسكادرون كوماندىرلىرى ئارقى



لىق تولۇق قوراللانغان بىر روتىنى بارلىق كوماندىرلىرى بىلەن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە جەڭگىۋار ھالەتتە تەييارلاپ پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلدىم. پولك كوماندىرى روتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ: زام كومبات (مۇئاۋىن يىڭجاڭ) ئەبەيدۇللايوپ سىزلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، مۇشۇ روتىنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىغا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. كەچقۇرۇن تۆت دانە «دادۇجى» ئاپتوموبىل كېلىپ توختىدى. مەن ھەربىر ۋىزۋوت (پەي) نى بىردىن ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاشتۇردۇم. يولغا چىقىش ئالدىدا، پولك كوماندىرى مېنى بىر چەتكە چاقىرىپ: «بۇ ئاپتوموبىللار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىرونىۋوي تانكا پولكىنىڭ ئاپتوموبىللىرى، سىزلەر ھازىر شۇ پولكقا بارىسىزلەر، سىزلەرگە شۇ پولكتىن بىر كوممۇنىست كومىسسار قوشۇلىدۇ، سەن شۇنىڭ يوليورۇق - مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىسەن. سىزلەرگە ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن تۆت دانە بىرونىۋوي تانكا بىللە ماڭىدۇ. سىزلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار گومىنداڭ چىۋۇجۇنى 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ سانجىغا ئورۇنلاشقان 20 - ئاتلىق پولكىنى تەسلىم قىلىش، ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇش. ئۇلار — خىللانغان مۇنتىزىم بىر پولك، سىزلەر — بىر روتا. ھولۇقۇپ كەتمەي، ھوشيارلىق بىلەن باتۇرلۇق كۆرسىتىش كېرەك» دېدى.

بىز شۇ كۈنى (50 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى) كەچقۇرۇن سائەت سەككىزدە يولغا چىقىپ، بىرونىۋوي تانكا پولكىغا باردۇق. بىزنى كومىسسار ۋاڭ خۇي قارشى ئالدى ۋە مېنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ، تەرجىمان ھىممەت ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇشتۇردى؛ بىر ئازدىن كېيىن ماڭىدىغانلىقىمىزنى، يۈرۈش بۇيرۇقىنى كۈتۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتتى. كەچ سائەت 10 لاردا، ئۈچتىن پىلىموت ئورنىتىلغان تۆت دانە

برونشۆوي تانكا ۋە بىر دانە ۋىلىس ماشىنا تەييار بولدى. ۋاڭ كومىسسار، مەن، تەرجىمان ئۈچىمىز كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدۇق، كەينىمىزدىن تۆت ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەر، ئۇنىڭ كەينىدىن تۆت برونشۆوي تانكا ماڭدى. 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەر سائەت بىر يېرىملەردە سانجىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇمچى - غۇلجا تاشيولىغا يېتىپ باردۇق. شۇ يەردە جەڭچىلەر ۋە تانكىلارنى ئەپلىك جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ۋەزۋوت كوماندىرلىرىنى يېتىپ، دۈشمەن جايلاشقان رايونغا كىرىپ قالغانلىقىمىزنى، ئاپتوموبىلدىن ئىختىيارىي چۈشۈپ ھەرىكەت قىلىشقا، ئاۋاز چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت تاھارەتكە بېرىشقىلا بولىدىغانلىقىنى، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوقلۇقىنى تاپىلاپ، ۋاڭ كومىسسار بىلەن ئىككىمىز تەرجىماننى ئېلىپ سانجىغا يۈرۈپ كەتتۇق. كېچە، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ھەم جىمجىت. بازار كوچىلىرىنىڭ دوقمۇشلىرى ۋە يول بويلىرىغا كۆپ قاراۋۇللار قويۇلغانىكەن؛ ئۇلار ھەيۋە بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ، مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ پارول (كۆلىڭ) سوراپ تۇردى، ئۇلارنىڭ پارولىغا ۋاڭ كومىسسار ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ جاۋاب بېرىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ پارولىنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىمۇ بىلمەيدىكەن (چۈنكى، ئۇلار توپىلاڭچىلار بولغىنى ئۈچۈن). ۋاڭ كومىسسار قانداق بىلىۋالغان؟ گومىنداڭنىڭ سانجىغا جايلاشقان قالدۇق ئاتلىق قىسمىغا ئازادلىق ئارمىيىدىن ئەۋەتىلگەن كومىسسار چى جۈندې ئارقىلىق بىلىۋالغان. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ باشقا ھەربىي قىسىملىرىغا ئوخشاش بۇ قىسىمغىمۇ كومىسسار، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ۋە ھەربىي ئىسكادىرونغا بىردىن سىياسىي يېتەكچى (جىدۋاۋيۈەن) لەرنى



ئەۋەتكەن. بۇلار كومپارتىيە ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، قىسىمنىڭ جاھىل باشلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئەركىن خىزمەت ئىشلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ بىر سىجاڭى ۋە بىر مۇئاۋىن تۇەنجاڭى ھەقىقەتكە قايتقان ئىلغار كىشىلەر بولغاچقا، كومىسسار چى جۈندې شۇلار بىلەن بىرلىشىپ، بەزى خىزمەتلەرنى ئىچكى جەھەتتە مەخپىي ئىشلەپ كەلگەن. يولبويى پاروللارغا جاۋاب بېرىپ، پولكنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن پولك شتابىغا كىردۇق، بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن خەۋىرى بار چى كومىسسار بىلەن مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئۇخلىماي، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. بىزنىڭ كىرىشىمىزگە نېرىقى ئۆيدىن سەنمۇجاڭ ئويغىنىپ چىقىۋىدى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى سىرتقا ئىشقا بۇيرۇۋەتتى (بۇ سەنمۇجاڭ جاھىللاردىن ئىكەن). شتاب ئىشخانىسىدا ۋاڭ كومىسسار، چى كومىسسار، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى زىن جۇرىن، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، مەن ۋە تەرجىمان بولۇپ ئالتە كىشى باش قوشتۇق. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «سانجى ئەتراپىدا قېچىپ يۈرۈپ خەلققە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان ئاتلىق قوراللىق توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىدىن بىر روتا پىيادە ئەسكەر ئەۋەتىلدى. بۇ خىزمەتكە يېقىن ماسلىشىپ ئۇلارنى يېتەرلىك ئات بىلەن تەمىنلەڭلار» دېگەن تونۇشتۇرۇش خېتىگە ئاساسەن، بىزگە مۇئاۋىن تۇەنجاڭ مەسئۇل بولۇپ ئېگەر - جابدۇقلۇق 200 ئات بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمدى ھەربىي تۈزۈم بويىچە، بۇنى سانجىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇ 7 - دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن سىجاڭىغا تەستىقلىتىش لازىم ئىدى. ۋاڭ كومىسسار بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ خەتنى بەرسەك، ئۇ ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي تەستىق سېلىپ، ئاتلارنى دەرھال پولك شتابى ئالدىغا ئەكىلىپ تاپشۇرۇشقا

بۇيرۇدى،
مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ماڭغاندا، ۋاڭ كومىسسار بىلەن ئىككىمىز كىچىك ماشىنا بىلەن تېزدىن جەڭچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان جايغا بېرىپ، جەڭچىلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ كوزۇپىدىن كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ جايلاشتۇرۇپ، يەنە كىچىك ماشىنىدا ۋاڭ كومىسسارنىڭ پاروللارغا جاۋاب بېرىپ يول باشلاپ مېڭىشى بىلەن، ئاپتوموبىللارنى پولك شتابىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، جەڭچىلەرنى شتاب ئالدىدىكى خەنزۇ كولۇبىغا ئورۇنلاشتۇردۇق؛ تۆت ئاپتوموبىل بىلەن تۆت برونېۋوي تانكىنى ۋاڭ كومىسسار مۇۋاپىق بىر جايغا يوشۇردى. سەھەر سائەت ئۈچ - تۆتلەردە ئىگەر - جابدۇقلۇق 200 ئات يېتىپ كەلدى. بۇ ئاتلارنى ئىسكادىرون (ئاتلىق لىيەن) كوماندىرىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ھەربىر ۋزۋوت (پەي) لەر ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئىسكادىرون ئات بىلەن تولۇق تەمىنلەندى. ئۇلارنى خەنزۇ كولۇبىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چوڭقۇر سېپىل خەندىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. سەھەر سائەت ئالتىدە ئورۇندىن تۇرۇشقا كاناي چېلىندى (بىزنىڭ جەڭچىلەر كېچىچە ئۇخلىماي چىققانىدى). گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قورالسىز ھالدا ئەتىگەنلىك يۈگۈرۈش بىلەن كوچا ئايلىنىشقا چىقىپ كەتتى. ۋاڭ كومىسسار، چى كومىسسار، زىن جۇرېن ۋە مۇئاۋىن تۇەنجاڭلار بىلەن قىلىنىشقان مەسلىھەتىمىز بويىچە، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئۇلارنىڭ شۇ يۈگۈرگەن پېتى، ياتاقلىرىغا قايتماي، تۈپتوغرا خەنزۇ كولۇبىغا مەجلىسكە كىرىشىنى جىددىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. شۇ ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، بۇ بىر تۇەننىڭ بارلىق ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ كولۇبقا يىغىلدى. پىلانىمىز بويىچە، نىيازوپ مەھەممەت باشچىلىقىدىكى 1 - ۋزۋوت كولۇ-



بىنىڭ دەرۋازا - ئىشىكلىرىنى تاقاپ، دەرۋازا ئۈستى ۋە ئۆگزىلەرگە پىلىموتلارنى ئورنىتىپ، ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى؛ قالغان ئۈچ ۋزۋوت جەڭچى ئىسكادىرون كوماندىرى ھەمدۇللايوپ، مۇئاۋىنى ئوسمانوپ، سىياسىي رەھبەر ئورازاقىن ۋە سالىيوپ، ئوبۇلقاسىملارنىڭ باشچىلىقىدا، ھەربىر گومىنداڭ لىيەنلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى جەڭچىلىرىمىز چۈشۈپ كەلگەن داۋۇجى ئاپتوموبىلنىڭ ئىككىسىگە قاچىلىدى (دەرۋازىدىكى پوست ۋە ياتاقلاردىكى نۆۋەتچىلەرنىمۇ قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇلارغا قوراللارنى توشۇتقۇزدى). دەل شۇ پەيتتە، تۆت برونېۋوي تانكىنىڭ بىرى ئەسكەرلەر قورشاۋغا ئېلىنغان ئورۇنغا، بىرى تۆت كوچا ئاغزىغا، بىرى ئەسكەرلەر توپلىنىپ جايلاشقان ئورۇنغا. يەنە بىرى نەنسەن تېغىغا بارىدىغان يول ئېغىزىغا جايلاشتۇرۇلدى. ئاندىن مۇئاۋىن تۇەنجاڭنىڭ قوماندا بېرىشى بىلەن، كولۇبتىكى ھەربىيلەر ئارىسىدىن پەيجاڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرنى ئايرىم ئورۇنغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يان قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى تۇرغان ئورنىدا قىمىرلاتماي تۇتۇپ تۇردۇق. گەزەرمە، ئىسكىلات ۋە شەخسلەردىكى قوراللارنىڭ بىرنى قويماي يىغىپ ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاپتوموبىلغا رەتلىك تىزىپ، ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينىدە قورال بېسىلغان ۋە پىلىموت، ئاپتومات، ھەلتىق، گراناتلار بىلەن تولۇق قوراللانغان بىر ئوتدېلېنىيە (بەن) جەڭچىلىرىمىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاپتوموبىللارنى ماڭدۇرۇپ، شۇ كۈنى سائەت تۆتلەردە ئۈرۈمچىگە يولغا سالدۇق. گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىگە ھەربىي يۈرۈش ئىنتىزامىغا ياۋاشلىق بىلەن قەتئىي بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى تاپىلىدۇق. مۇھاپىزەتچى كوماندىر ۋە جەڭچىلەرگە مۇشۇ ماڭغانچە يول بويى توختىماي، بۇ ئەسىر

كوماندىرلارنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇشنى؛
ئەگەر ئەسىر ئوفىتسېرلەردىن كىمكى قارشىلىق قىلىپ ئاپتوموـ
بىلدىن رۇخسەتسىز سەكرىسە (مەيلى قانچىسى بولسۇن)، دەرھال
ئېتىپ تاشلاشنى؛ بۇلارنى ھەربىي رايونغا تاپشۇرۇپ بېرىپ
بولغاندىن كېيىن، 40 - پولكقا قايتىپ بېرىپ پولك كوماندـ
دىرى يۇسۇپوپقا دوكلات قىلىشنى تاپىلىدۇق. كۇلۇبتا قالغان
ئەسىر ئەسكەرلەر ۋاڭ كومىسسار، چى كومىسسار، زىن جۇرىن
ۋە مۇئاۋىن تۇەنجاڭلارنىڭ نازارىتىدە سىياسىي يېتەكچىلەرگە
تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئۇلار لىيەنلەر بويىچە تىزىلىپ ياتاقلىرىغا
قايتىشتى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بۇ قالدۇقـ
لىرىنى تەسلىم قىلىپ قوراللىرىنى تىنچ تاپشۇرۇۋېلىش
ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى.
ئەمدى كومىسسار ۋاڭ خۇي بىزگە، تەسلىم بولغان گومىنـ
داڭ پولكىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇلارـ
غا ئىدىيە ئۆزگەرتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى،
يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سانجىغا جايلاشقان
بۇ قالدۇق 20 - تۇەنىنىڭ «جىڭگۇەن لىيەنى» (پىلىموتچىلار
لىيەنى) دىن بۆلۈنۈپ چىققان لىيەنجاڭ باشلىق 10 — 20 دەك
جاھىل توپىلاڭچىلارنىڭ سانجى ئەتراپىدا قالايمىقانچىلىق
قىلىپ يۈرگەنلىكى، بۇلارنى يوقاتمىسا خەلقنى خاتىرجەم قىلـ
غىلى بولمايدىغانلىقىنى؛ مۇشۇ ۋەزىپىلەر ئورۇنلانغۇچە، ئىسكاـ
دىرونىمىزنى سانجىدا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇشقا ئوبدان ئورۇنـ
لاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن شەھەر ئىچىدە گارنىزونلۇق (قوغداش)
خىزمىتىنى ئۆتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن بىر ۋىزۋوت ئاجرىتـ
تىپ، سانجى ئەتراپىدىكى توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇپ، مۇمـ
كىنقەدەر تىرىك ئېلىپ كېلىشىمىز لازىملىقىنى ئېيتتى. بىز بۇ
ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكادىرون شتابىنى ئايرىم، ۋىزۋوتلارـ



نى ئايرىم دەملەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەڭچى ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ
يېڭى ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا دائىم تەييار تۇرۇشى، كېچە - كۈنـ
دۈز شەھەرنى قوغداش، ئەسىرلەردىن ھوشيار بولۇش بىلەن بىلـ
لە، ھەربىي مەشىقنە بىرلەشتۈرۈپ ئاتلارنى ئوبدان بېقىشى
لازىملىقىنى تاپىلىدۇق. ئۇقتۇرۇشىمىزچە، گومىنداڭ «چىۋۇجۇنى»
7 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئۈچ تۇەنى ۋە 20 - ئاتلىق تۇەنى قوشۇلۇپ،
ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سانجىـ
دىن گۇچۇڭغىچە بولغان لىنىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ،
قوراللىرى گېرمانىيە، سوۋېت، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن
كەلتۈرۈلگەن خىل قوراللار، ئاتلىرى چىڭخەي ۋە شىنجاڭدىن
تاللانغان ھەم جەڭدە تاۋلانغان ئاتلار، ئەسكەرلىرى 20 — 30
ياشلاردىكى چىنىققان ئەسكەرلەر ئىكەن. بىز
ئىسكادىرون تەركىبىدىكى ئوفىتسېرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
قالايمىقانچىلىق قىلىپ يۈرگەن بۇ قاچقۇنلارنى
تۇتۇپ كېلىشكە نىيازوپ مەھەممەت باشچىلىقىدىكى 1 - ۋىزۋوتـ
نى بەلگىلىدۇق. ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، ئاتلىق يۈرۈشـ
نى ۋە قاچقۇنلارنى مۇمكىنقەدەر قورشاپ تىرىك تۇتۇشنى تاـ
پىلىدۇق. ئۇلار 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتە ۋەزىپىنى
ئورۇنلاش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، بىر سوتكىدا ۋەزىپىنى تولۇق
ۋە غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، قاچقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك
تۇتۇپ كەلدى. بۇ قاچقۇنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى كوـ
مىسسار ۋاڭ خۇي ئارقىلىق پولك شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق.
شۇ كۈنى يۇقىرى رەھبەرلىكتىن رادىئوگرامما ئارقىلىق: «گوـ
مىنداڭ چىۋۇجۇنىنىڭ سانجىدىكى قىسىملىرىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ
نەنسەنگە چېكىنىۋالغان 2 - ۋە 4 - ئاتلىق لىيەنلىرى 40 - پولك
جەڭچىلىرىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن قورقۇپ كونا ئۈۋۈسى
سانجى تەرەپكە قاچقان. سىزلەر تەييار تۇرۇپ توسۇڭلار؛ ئەگەر

قارشىلىق قىلسا، قورال كۆچى بىلەن باستۇرۇڭلار» دەپ بۇيـ
رۇق كەلدى. بىز ۋاڭ كومىسسار، چى كومىسسار ۋە زىن جۇرىنلار
بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، شۇ كۈنىلا برونېۋوي تانكىلارنى ئۇقتىلىق
يول ئېغىزلىرىغا ئورۇنلاشتۇردۇق؛ بىزنىڭ ئاتلىق ئىسكادرونىنى
تولۇق ھەربىي يۈرۈش تەييارلىقى بىلەن، تۇدۇڭخابا ئارقىلىق
نەنسەن تەرەپتىن كېلىدىغان ئاساسىي يول (سانجىنىڭ جەنۇب
تەرىپى) نى قورشاپ، داۋاملىق رازۋېتكا قىلىپ، ئۇرۇش ھالىتىـ
دە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇلار (جەڭچىلەر) بىر كېچە ـ
كۈندۈز جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى
سەھەردە يۇقىرى رەھبەرلىكتىن يەنە: «توپىلاڭ كۆتۈرگەن 2 ـ،
4 ـ ليەنلەر تەسلىم بولدى» دەپ تېلېگرامما كەلدى. بىز
سانجىغا قايتىپ كېلىپ، ئادەتتىكىدەك ئامانلىق ساقلاش قارا-
ۋۇللۇقى، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ھەربىي مەشق تەربىيىسىنى قىلغاچ
بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردۇق. شۇ كۈنى پولك كوماندىرى يۈسۈپوپتىن
كەلگەن تېلېگرامما بويىچە، ئىسكادرون كوماندىرى ھەمدۇللايوپـ
نى ئورۇمچىگە قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ئىسكادرون كو-
ماندىرى بولۇپ تۇردۇم. ئاندىن 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن
25 ـ كۈنىگىچە، يەنە سانجىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا، سەنسەنكۈ
دېگەن يېرىدە ۋە قۇتۇبى تەرەپتە پەيدا بولۇپ قالايمىقانچىلىق
قىلىپ يۈرگەن قالدۇق توپىلاڭچى ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلارنى
بىرمۇ بىر قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ، ئۇلارنىمۇ ئات ۋە قوراللىرى
بىلەن ۋاڭ ۋە چى كومىسسارلارغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. بۇ ۋەزىپە
ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يۇقىـ
رى رەھبەرلىكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، كومىسسار ۋاڭ خۇي تەرجىـ
مان ھىممەت بىلەن بىللە بارلىق برونېۋوي تانكىلارنى ئېلىپ،
ئورۇمچىگە قايتتى. بىز 40 ـ پولك شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە،
شۇ كۈندىن باشلاپ ھەربىي مەشق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىر-



لەشتۈرۈپ، سانجىدىكى ئىدارە، جەمئىيەت ۋە خەلق ئاممىسى
بىلەن بىرلىكتە ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىش ھەرىكىتىگە قاتـ
ناشتۇق. كېيىنكى ئىشلارنى مەن، چى كومىسسار ۋەزىن جۇرىن
ئۈچىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئىشلەپ تۇردۇق.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كومىسسار چى جۇندۈيىنىڭ ئىشخانىـ
سىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 ـ كورپۇس ئاتلىق تۈەنىـ
نىڭ تۈەنجاڭى شۈي تۈەنجاڭ بىلەن تونۇشتۇم. چى كومىسسار
بىلەن شۈي تۈەنجاڭ توپىلاڭچىلارنىڭ ئەمدى سانجىنىڭ غەرب
تەرىپىدە پەيدا بولۇپ، بوشۇرۇن قالايمىقانچىلىق قىلىپ يۈر-
گەنلىكىنى، ئۇلارنى تۇتۇش ياكى يوقىتىش كېرەكلىكىنى ئوتـ
تۇرىغا قويدى. ئۈچىمىز مۇزاكىرىلىشىپ، مەزكۇر ئاتلىق تۈەنـ
دىن بىر ليەن، بىزنىڭ ئىسكادرونىدىن ئىككى ۋزۋوت، تەسـ
لىم بولغان ئەسكەرلەردىن بىر ۋزۋوت (ئۇلار يەر شارائىتىنى
ياخشى بىلگەچكە، خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيۇش پۇر-
سىتى بېرىش شەرتى بىلەن) ئاجرىتىپ، دەرھال تەييارلىق
كۆرۈش قارارىغا كەلدۇق. مەن ئىسكادرونىدا مۇئاۋىن ئىسكادـ
رون كوماندىرى ۋە سىياسىي يېتەكچىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
كوماندىر باۋۇدۇنوپ باشچىلىقىدىكى 3 ـ ۋزۋوت بىلەن كوـ
ماندىر ساماجانوپ باشچىلىقىدىكى 4 ـ ۋزۋوتىنى ئاجرىتىشنى،
بۇلارغا مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى ئوسمانوپنى مەسئۇل
قىلىشنى قارار قىلدۇق. مەن بۇنى شۈي تۈەنجاڭغا دوكلات
قىلدىم ۋە بۇ ئىككى ۋزۋوتنى شۈي تۈەنجاڭنىڭ ئىختىيارىغا
ئۆتكۈزۈپ بەردىم. شۈي تۈەنجاڭ مەسئۇللۇقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان
بۇ قوشۇن توپىلاڭچىلارنى تۆت كۈن ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالـ
ماي، 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قايتىپ كەلدى. كېيىن بۇ دۈشـ
مەنلەرنىڭ سانجىنىڭ شەرق تەرىپىگە قېچىپ كەتكەنلىك خەـ
ۋىرى ئېلىندى ۋە بۇ ئاخبارات يۇقىرى ئورۇنغا دوكلات قىلىندى.

# ئوسمان باندىتلىرىنى يوقىتىشقا ئاتلىنىش

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چى كومىسسارنىڭ ئىشخانىسىدا، قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇيرۇقتا، باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، گۇچۇڭدا پاراكەندىلىك قىلىۋاتقان ئوسمان باندىتلىرىنى تازىلاش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، بىزنىڭ دەرھال گۇچۇڭغا قاراپ يولغا چىقىشىمىز لازىملىقى ئېيتىلغان. بۇ بۇيرۇقنى شۇ كۈنى ئىسكادىرون تەركىبىدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا ئېلان قىلدىم. ئاندىن يولغا چىقىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا كىرىشتۇق. تەييارلىقنىڭ مەزمۇنى: 1) ھەممە ئاتلارغا تاقا قاقتۇرۇش؛ 2) قوراللارنى تازىلاپ، ئوقلارنى رەتلەپ، بىر قاتار كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش؛ 3) ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ راسخوتىنى ئېنىقلاپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاش؛ 4) ئادەم ۋە ئات دوختۇرلىرى، جەڭدە لازىم بولىدىغان دورىلىرىنى تولۇقلاش؛ 5) جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ شەخسىي تازىلىقىنى قىلىش؛ 6) كەچتە ۋاقىت چىقىرىپ، شەخسلەر، ئوددىلىنىيىلەر (بەنلەر) ۋە ۋىزۋوتلار (پەيلەر) بويىچە بىر ئايلىق خىزمەتنى خۇلاسىلەشتىن ئىبارەت بولدى. 11 - ئاپرېل كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن باشلاپ، بۇ تەييارلىقلارنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشقا كىرىشتۇق. سىياسىي رەھبەر ئۈبۈلقاسىم مەسئۇللۇقىدا، زاپخوز، ئادەم ۋە ئات دوختۇرلىرى، ئاشپەزلەر ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى بىر ئوددىلىنىيە جەڭچى بىلەن بىللە ھەر كۈنى ئىسكادىروندىن بىر - ئىككى سائەت بالدۇر يۈرۈپ، ئالدىمىزدا قونالغۇ ۋە يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئاندىن كومىسسار چىجۇندې ۋە زىن



جۇرنىلەرگە تەييارلىقىمىزنىڭ پۈتكەنلىكىنى دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ سانجىدىكى خىزمىتىمىزگە توغرا باھا بېرىپ، تەييارلىقىمىزدىن رازى بولۇپ، بىزنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تېخىمۇ قەيسەر ۋە روھلۇق بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەندە سانجىدىن يولغا چىقىپ، مىچۈەن، پۇكاڭ. زىنچۈەنزە، سەنتەي، جىمسارلاردىن ئۆتۈپ، 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن گۇچۇڭغا يېقىنلاپ باردۇق. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 17 - دىۋىزىيىسىنىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇۋاتقان 49 - ۋە 51 - تۈەنلىرىنىڭ تۈەنجاڭ ۋە كومىسسارلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلار ئالغاچ كەلگەن تەرجىمان ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئەھۋال سورىشىپ، شەھەر ئىچىگە كىرگىچە ئاتلىق مۇڭدىشىپ ماڭدۇق. شەھەر ئىچىگە كىرىپ، بىزگە تەييارلاپ قويۇلغان ئورۇنغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 49 - تۈەننىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى جاڭ ×× ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بىز بىلەن بىللە ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىسكادىرونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەنلىكىمىزنى، تۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. ئاندىن جاڭ فۇتۈەنجاڭ سومكىسىدىن گۇچۇڭنىڭ يەر تۈزۈلۈش خەرىتىسىنى چىقىرىپ، ئىسكادىرونىمىز تەركىبىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلەرگە گۇچۇڭنىڭ يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالىنى، بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىز گۇچۇڭنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى ئىكەنلىكىنى؛ ئۇ يەردە ئوسمان باندىتىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك كوماندىرى ۋە باتۇرى قۇرمان دۈيجاڭ، جەمەت باتۇر، جانىمقانىڭ داڭلىق باتۇرى كەشپەتلەر ۋە ژىلقا ھەيدەر، قاپاس، جۇمجۇ باتۇرلار باشچىلىقىدىكى 180

نەچچە يەرلىك باندىت، گومىنداڭ «چىۋۇجۇنى» (5 – ئاتلىق كورپۇسى) نىڭ 7 – دىۋىزىيىسىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، زەربە يەپ قېچىپ كېلىپ، مۇشۇ باندىتلارغا قوشۇلۇۋالغان بىر ليەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 23 نەپەر قاچقۇنچى ئەسكەر بولۇپ جەمئىي 200 نەچچە باندىت بارلىقىنى؛ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنى قوغلىۋېتىش ياكى تىرىك تۇتۇش، ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىزگە 3 – ئايدا گومىنداڭنىڭ سانجىدىكى تەسلىم بولغان قالدۇق ئاتلىق قىسىملىرىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن 200 ئات ئۆز ۋاقتىدىلا شاللىۋېتىلگەن ئاتلار بولۇپ، بىر ئايدىن بۇيانقى خىزمەتلەر جەريانىدا چارچاپ كەتكەچكە، بۇ ئاتلارنى يەڭگۈشلەش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، جاڭ فۇتۇەنجاڭ بۇ ئىككى تۈەندە ئات يوقلۇقىنى ئېيتتى. ۋەزىيەت بولسا ناھايىتى جىددىي ئىدى. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، قولىمىزدىكى بارلىق ئاتلارنى تەكشۈرۈپ، قوغلاپ يۈرۈپ قىلىنىدىغان جەڭگە يارامىلىق ئاران 50 باش ئات بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق؛ سىياسىي رەھبەر ئوبۇلقاسىم سالىيوپ بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، باندىتلارنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى 1 –، 2 – ۋزۋوتلارغا تاپشۇرۇشنى، ھەر بىر ۋزۋوتتا 25 دىن جەڭچى، ئۈچتىن يېنىك پىلىموت (جەڭچىلەرنىڭ مىلتىقلىرىدىن باشقا) بولۇشىنى، تاللىۋېلىنغان 50 ئاتنى ئۆلچەملىك توغرالغان بېدە ۋە قوناقلار بىلەن بىر كېچە – كۈندۈز ئوبدان بېقىشنى، بۇ جەڭگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىسكادىرون شتابىدا ئىككى كوماندىردىن باشقا يەنە ئىككى مۇھاپىزەتچى، بىر دوختۇر، بىر پىلىموتچى جەمئىي ئالتە كىشى بولۇشىنى قارار قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ، سان جەھەتتە بىزدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە قارشى 56 نەپەر جەڭچى – ئوفىتسېر بىلەن يۈرۈش قىلىدىغان



بولدۇق. بۇنىڭغا جاڭ فۇتۇەنجاڭمۇ قوشۇلدى ۋە بىزگە بىر يول باشلىغۇچى قوشتى (جاڭ فۇتۇەنجاڭ ئەسلىدە بىزگە بىر ليەن جەڭچى قوشۇپ بېرىشنى ئېيتقان. لېكىن ئات بولمىغاچقا، ئۇلارنى بىللە ئېلىپ مېڭىش مۇمكىن بولمىدى). ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، 1950 – يىل 4 – ئاينىڭ 18 – كۈنى ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندۇق.

بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىز گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى دۇڭدى، شوخەنتەيزە، لويىڭفەن يېزىلىرىنىڭ دائىرىسى ئىدى. 4 – ئاينىڭ 19 – كۈنى سەھەر سائەت بىر يېرىمدا دۇڭدى يېزىسىغا يېتىپ بېرىپ، شۇي فامىلىلىك بىر يەرلىك باي ھەم يۈز بېگىنىڭ جاڭزىسىغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇق. تاڭ يورۇغىچە دۈشمەننىڭ جايلاشقان ئورنىنى تېپىۋېلىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭا، 2 – ۋزۋوتنىڭ كوماندىرى ئابدۇرېھىم خوجامنىيازوپنى تولۇق قوراللانغان بىر ئوتدىلېنىيە جەڭچى بىلەن بىر پىلىموت، بىر ئاپتومات ۋە گراناتلار ئېلىپ رازۋېتكا قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ئۇلارغا قەيەردە بولمىسۇن دۈشمەننىڭ شەپىسىنى سەزسە، بولۇپمۇ 200 دىن ئارتۇق دۈشمەننىڭ ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلىرىنى كۆرسە، دۈشمەنگە سەزدۈرمەي، دەرھال ھەيدەپ قايتىپ كېلىشنى (ئاتلىق يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان باندىتلارنى ئاتتىن ئايرىۋېتىپ تۇتۇۋېلىش ئاسان بولاتتى)؛ ئەگەر بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا راكېتا ئېتىشنى؛ ئارىلىق يېقىن بولسا خەۋەرچى ئەۋەتىشنى، توپىلىشىپمۇ ئالماي، چېچىلىپمۇ كەتمەي، ھوشيارلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشنى تاپىلىدىم. چۈنكى، ئەگەر دەسلەپكى ھەرىكەتتىلا كەتكۈزۈپ قويساق، سان جەھەتتە بىزدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپ بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئات ۋە قوراللىرى خىل، قېچىپ يۈرۈپ بۇلاڭ – تالاڭ قىلىپ ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ باندىتلارنى يوقىتىش

ئاسمانغا چۈشمەيتتى. رازۋېتكىچىلىرىمىز كېتىپ ئارىدىن 40 مىنۇتلار ئۆتكەندە، ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر خەۋەرچى ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ كەلدى. جەڭچىلەرنى دەرھال تەييارلىنىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ دوكلاتىغا قۇلاق سالدىم. ئۇ، رازۋېتكىچىلىرىمىزنىڭ دۈشمەنگە يولۇقۇپ، سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. جەڭچىلەرنى باشلاپ دەرھال دۈشمەن تەرەپكە ئات سالدۇق. پۈتۈن يېزىنى چاڭ - توزان قاپلىدى. دۈشمەن بىر جىرانى قونالغۇ قىلغانىكەن. جىرانىڭ نېرىقى دۆمبەلىدە، بىر پىلىموتچىك پىلىموتنى چىڭ تۇتقان پېتى، بىر پۇتى ئالدىدا، بىر پۇتى كەينىدە دۈم يېتىپتۇ؛ بېرىقى دۆمبەلىدە يەنە بىر پىلىموتچىك مېڭىسىدىن ئوق يەپ دۈم يېتىپتۇ، دېمەك، ئىككى نەپەر پىلىموتچىك ئۆلگەندىن كېيىن قالغان دۈشمەنلەر قېچىپ، 5 — 6 يۈز مېتىرچە نېرىدىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، بىزگە ئوق ئېتىۋېتىپتۇ. دۈشمەننىڭ قونالغۇ قىلغان يېرىدە ئېگەر - توقۇم، ئۆتۈك، قۇلاقچا، خورجۇن - قاچىلار قېپقاپتۇ. مەن نىيازوپ باشچىلىقىدىكى 1 - ۋىزۋوتنى جىلغا بويلاپ ئىلگىرىلەپ شەرق تەرەپنى يەنى دۈشمەننىڭ قاچار يولىنى توسۇشقا، 2 - ۋىزۋوتنى دۈشمەن بىلەن دەلمۇ دەل تۇرۇپ سوقۇشۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم 2 - ۋىزۋوت بىلەن بىللە بولدۇم. ئەمما، بىزنىڭ تاكتىكىمىزنى سېزىپ قالغان دۈشمەن شەرق تەرەپكە ئورۇن ئالمىشىپ، سوقۇشۇپ تۇرۇپ چېكىنىۋەردى - دە، 1 - ۋىزۋوتىمىزنىڭ ئارقا تەرەپكە ئۆتۈشىگە زادى يول بەرمىدى. بىز دۈشمەننى شۇ قوغلىغانچە شۇ خەنتەيزە، لويىگفەن يېزىلىرىغا سۈرۈپ باردۇق. دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ 8 ئۆلۈكىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 17 نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدۇق. بىزدىن چېگە ئىسىملىك بىر جەڭچى ۋە بىر ئات يېنىك يارىلاندى.



مەن بىرقانچە جەڭچى بىلەن بىللە ئەسىرلەرنى ھەيدەپ قۇمدىن چىقىپ، 1 - ۋىزۋوتقا قوشۇلدۇم. 2 - ۋىزۋوتنىڭ قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىن يېنىپ چىقىشىغا سىگنال بەرسەم، ئاڭلىماي دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋەردى. بىز 1 - ۋىزۋوت بىلەن لويىڭغەندە چوڭ بىر جاڭزىغا ئورۇنلاشتۇق. ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، 2 - ۋىزۋوتنىڭ ئوددىلىنىيە كوماندىرى (بەنجاڭى) مەھەممەت مۆمىنوپ 7 - 8 جەڭچى بىلەن قايتىپ كەلدى. نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ ئېتىشىپ قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەننىڭ قولىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىكتار پىلىموتى بارلىقىنى كۆرۈپ (ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى كەكلىكنىڭ سايرىشىدەك كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ)، شۇنى قولغا چۈشۈرىمىز دەپ، دۈشمەننى قوغلاپ يۈرۈپ قاتتىق ئېتىشقانلىقىنى؛ ئاخىر دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىپ ئاتلىرىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن پىلىموتنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكىنى؛ ۋىزۋوت كوماندىرى دۈشمەننى قوغلاپ ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ جاڭزىغا قادالغان قىزىل بايراقنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. «ئەتتىگەن دۈشمەنگە يولۇققاندا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ھەيدەپ كەلمىدىڭلار؟» دەپ سورىسام، مۆمىنوپ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— ئەمدىلا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىت ئىدى. قارىساق، نېرىدا نۇرغۇن ئاتلار يېيىلىپ ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. مەن ۋىزۋوت كوماندىرىغا: «ئاتلارنى ھەيدەپ ئارقىغا قايتىپ كېتەيلى، دۈشمەن بىلەن كارىمىز بولمىسۇن» دېسەم، ۋىزۋوت كوماندىرى: «بولدى، ئاتلارنى كۆردۇق، دۈشمەننىڭ ياتقان ئورنىنى بايقايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى ئىزدەپ، ئۇزۇن جىرانىڭ ئىچىدىكى چىغلىقنىڭ ئارىسىدا ياتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ

قالدۇق - دە، سوقۇش باشلىنىپ كەتتى، سىزلەرگە دەرھال خەۋەرچى ماڭدۇردۇق. ئۇنىڭغىچە تاڭ سوزۇلدى. دۈشمەننىڭ ئىككى پىلىموتچىكى بىزنى باش كۆتۈرتمەي توسۇپ تۇراتتى، ئىككى ئەسكىرى يېنىدا باغلاقلىق تۇرغان ئىككى ئاتنى مىنىپ ئۇچقاندەك بېرىپ، ئوتلاۋاتقان ئاتلارنى ھەيدەپ كەلدى. باندىتلار ھېچنېمىگە قارىماي، ئاتلارنى تۇتۇپ يايداق مىنىپ، بىزگە قارشىلىق كۆرسەتكەچ چېكىنىشكە باشلىدى. مەن بىزگە ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۇنىڭ چىغلارنى قىرقىش ئېگىزلىكى بىلەن ئۆلچەپ كۆرۈپ، جەڭچى مەخمۇت بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ، 10 — 15 مېتر قالغىچە يېقىنلاپ بېرىپ ئارىلىقتا ماراپ ياتتۇق. ئاندىن بىر پىلىموتچىكنىڭ دىسكىغا يېڭىدىن ئوق سېلىۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئوبدان قارىغا ئېلىپ بىر پاي ئوق ئېتىۋىدىم. ئوق پىلىموتنىڭ شايكىسىنى چېقىپ ئۆتۈپ، پىلىموتچىكنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ، يەنە بىر پىلىموتچىك پىلىموتنى كۆتۈرۈپ قېچىۋىدى، ئۇنىمۇ بىر پاي ئوق بىلەن دۈم چۈشۈردۈم. شۇ ئارىلىقتا سىزلەرنىڭ توپا - چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقىنىڭلار بىلىندى، باندىتلارنىڭ ھەممىسى قومۇلۇقنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى.

لويىڭفەن يېزىسىدىكى دېھقانلار بىز تۇرۇۋاتقان جاڭزىغا بىر - بىرلەپ كېلىپ، بىز بىلەن ئامانلاشتى. ئۇلارنىڭ ھېلىقى 17 نەپەر ئەسىرنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى سورىساق، ئۇلار گۇ چۇڭ، مورى، جىمسار تەۋەسىدىكىلەردىن بەزىلىرىنى تونۇيدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ زادى يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ ئوسمان باندىتقا مەجبۇرىي ئەگەشكەن، كەمبەغەل، بالا - چاقىسى بار ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دېھقانلار يامان دېگەن ھەم تونۇمايدىغان بەش ئەسىرنى (ئۈچ



نەپەر يەرلىك باندىت، ئىككى نەپەر گومىنداڭ چى ۋۇ جۈنىنىڭ ئەسكىرىنى) ئېپقېلىپ، قالغان 12 ئەسىرنى يۈز بېگىگە ھۆججەت بىلەن تاپشۇرۇپ بەردۇق. شۇ ئارىدا شەرق تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. سىرتقا چىقىپ قارىساق، بىر ئاتلىق جەڭچىمىز ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ، ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. يېقىن كەلگەندە، ئالدىنقى ۋىزۋوتنىڭ دۈشمەن قورشاۋىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىقى بەش ئەسىرنى مۇئاۋىن ۋىزۋوت كوماندىرى ئېرغالى ۋە بىر قانچە جەڭچىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قالغان جەڭچىلەر بىلەن ئاتلىنىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتۇق. مۇھاسىرە يۈز بەرگەن يەرگە يېتىپ بېرىشىمىزغا، دۈشمەنلەر قاچتى، جەڭچىلەردىن بىرى ئېغىر يارىدار بوپتۇ، ئۈچى قۇربان بوپتۇ؛ 10 نەچچە ئات ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ ياكى ئېغىر يارىدار بوپتۇ. قالغانلار ساق ئىكەن. «ئايرىلغاننى بۆرى يەر» دېگەندەك، 2 - ۋىزۋوت كوماندىرى خوجامنىيازوۋ بۇيرۇقنى ئاڭلىماي، ئاز كۆرۈنگەن دۈشمەننى 10 نەچچە جەڭچى بىلەنلا قارامىلىق قىلىپ قوغلىغانىكەن. دۈشمەن بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئىككى تەرەپكە بۆكتۈرمىگە (يوشۇرۇنۇشقا)، بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئۇدۇلىدىن ئېتىپ تۇرۇپ چېكىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر چۇقان بىلەن ئۈچ تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ قورشاۋغا ئېلىۋاپتۇ. ئەگەر بەش مىنۇت كېچىككەن بولساق، ئۇ يەردىكى جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تىرىك ياكى ئۆلۈپ يوقىلىپ كېتەركەن. 2 - ۋىزۋوتنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇپ قايتىپ كەلسەك، لويىڭفەندە قالدۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى بەش ئەسىرنى «قارشىلىق قىلدى» دەپ ئېتىپ تاشلاپتۇ. بۇمۇ بۇگۈنكى جەڭدە سادىر بولغان ئەسىرلەر سىياسىتىگە خىلاپ بىر ئىش ئىدى. لېكىن، مۇندىن كېيىنكى جەڭلەردىمۇ بۇ مەسىلىنى سادىر قىلغانلار بىلەن داۋاملىق بىللە

ئىشلەيدىغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۈگۈنكى 13 سائەتلىك جەڭدە قازىنىلغان غەلىبىنى ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ، باندىتلارنىڭ ئاتلىرىنى ھەيدەپ كەلمىگەن، باندىتلارنى ئۆزىچە قارامىلىق قىلىپ قوغلىغان، ئەسىرلەرنى سىياسەتكە خىلاپ ھالدا ئۆز ئالدىغا ئېتىپ تاشلىغانلىقىدەك خاتالىقلارنى بەك تەنقىتلەپ ئولتۇرمىدىم. ياردار بولغان جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىمىزنى داۋالىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇربان بولغان ئۈچ نەپەر جەڭچىمىزنى گۈچۈڭ قەبرىستانلىقىغا دەپن قىلدۇق ۋە خەلققە نەزىر ئۆتكۈزۈپ بەردۇق.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 49 - تۈەننىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى جاڭ × × غا بۇ نۆۋەتتىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدىم. ئۇ، ئىشىمىزدىن رازى بولۇپ، قانداق تەلىپىمىز بارلىقىنى سورىدى. مەن جەڭچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن، قول پىلىموتلىرىمىزنىڭ (ئەسلىدە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدا گومىنداڭدىن تارتىۋالغان) كونىراپ تازا كۈچ بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئىسكىلاتتا سوۋېتنىڭ دىكتار پىلىموتى بولسا شۇنىڭغا ئالماشتۇرۇپ بېرىلىشىنى ئېيتتىم. جاڭ فۇتۈەنجاڭ بۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ئەتىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قولىمىزدىكى بارلىق قول پىلىموتلىرىنى سوۋېتنىڭ دىكتار پىلىموتىغا ئالماشتۇرۇۋالدۇق. مەن يەنە جاڭ فۇتۈەنجاڭغا ئېيتىپ، دىكتار پىلىموتتىن بىرنى ئارتۇق ئېلىپ، ئۇنى ئىككى مىڭ تال ئوق بىلەن پارتىزان ۋاقتىدا ئېتىپ ئادەتلەنگەن قەھرىمان ئوددىلىنىيە كوماندىرى مۆمىنوۋغا مۇكاپات قىلىپ بەردىم. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جاڭ فۇتۈەنجاڭنىڭ باشقا بىر جىددىي ۋەزىپىسى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىزنى 51 - تۈەننىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى ياڭ × × غا تونۇشتۇرۇپ،



شۇلار بىلەن بىللە خىزمەت ئىشلىشىمىزنى تاپىلىدى. ئەتىسى (26 - كۈنى) ياڭ فۇتۈەنجاڭ بىزگە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

1) لوچىتەي (كونا گۈچۈڭ) نىڭ شىمالىدىن خانكۇ دېگەن يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا، بىرنىڭ مىللىي ئارمىيە ئىسكادرونى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر لىيەن خەنزۇ قىسىملىرى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش؛ ئەگەر باندىتلار بولۇپ قېلىپ، تەسلىم بولسا، قارشى ئېلىش، ئۆتكەننى سۈرۈشتۈرمەسلىك؛ ئەگەر ئۇلار خەلققە تەھدىت سېلىپ، بىزگە قارشىلىق كۆرسەتسە، ھەربىي تەدبىر قوللىنىش.

2) گۈچۈڭنىڭ جەنۇبىدىكى بوغدا تاغ تىزمىسىدا، مانات ئىسىملىك بىر باندىت 150 ئائىلىنى قوزغاپ، ئوسمان باندىتقا ماسلىشىپ، خەلق ۋە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى بولۇۋېتىپتۇ. تېزدىن تاكىفاكىمىڭ دېگەن جايغا يۈرۈش قىلىپ، رازۋېتكا بىلەن ئېنىقلاپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ مۇمكىنقەدەر تەربىيىنى ئاساس قىلىش، ئەگەر جاھىللىق قىلىپ قارشىلاشسا، ھەربىي تەدبىر قوللىنىش. ئۇ يەرگە خەنزۇ قىسىملاردىن بىر يىڭ ئەسكەر بىللە ماڭىدۇ.

بىز بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق:

1) گۈچۈڭ بىلەن مورى ئارىلىقىدىكى لاۋچىتەي — چوڭ يول ئۈستى، تۆت تەرەپتىكى كۆچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى. شۇڭا، ئۇ يەرنى بازا قىلىپ بېكىتىپ، ئۇ يەرگە سىياسىي يېتەكچى ئوبۇلقاسىم سالىيوپنىڭ مەسئۇللۇقىدا، نىيازوپ باشچىلىقىدىكى 1 - ۋىزۋوتنى ئەۋەتىش.

2) لاۋچىتەي بىلەن خانكۇ ئارىلىقىغا مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى ئوسمانوپنىڭ مەسئۇللۇقىدا، باۋدىنوپ باشچىلىقىدىكى 3 - ۋىزۋوتنى ئەۋەتىش.

3) گۈچۈڭنىڭ جەنۇبىدىكى بوغدا تاغ تىزمىسى تەرەپتە
باندىت مانات قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقتىن، ئۇ يەرگە تاكتى-
فاكىملىك دىگەن جاينى نىشان قىلىپ، ئىسكادرون كوماندىرى
(مەن) بىلەن سىياسىي يېتەكچى ئورازاقىن 2 - ۋە 4 -
ۋىزۋوتلارنى ئېلىپ بېرىش.

بۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىپە نوقۇل جەڭ قىلىش بولماستىن،
سىياسىي تەشۋىقات ۋە تەلىم - تەربىيىنى ئاساس قىلاتتى.
يۇقىرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ياڭ فۇتۇەنجاڭغا تېلېفون ئار-
قىلىق دوكلات قىلدىم. شۇ كۈنى (26 - ئاپرېل كۈنى) سائەت
ئىككىدە ياڭ فۇتۇەنجاڭ بىر سىياسىي يېتەكچى بىلەن بىر
ۋىزۋوت ئەسكەر ئېلىپ كەلدى. بىر ئۇلارغا سىياسىي يېتەكچى
ئوبۇلقاسىم بىلەن 1 - ۋىزۋوتنى قوشۇپ، لاۋچىتەي تەرەپكە
يولغا سالدۇق. 27 - ئاپرېل كۈنى بىز خەنزۇ ۋىزۋوتقا مۇئاۋىن
ئىسكادرون كوماندىرى مەسئۇللۇقىدا 3 - ۋىزۋوتنى قوشۇپ،
خانكۇغا يولغا سالدۇق. يېرىم سائەتتىن كېيىن، مەن بىلەن
ئورازاقىن 2 - ۋە 4 - ۋىزۋوتلارنى باشلاپ تاكفاكىمىكىغا
يۈرۈپ كەتتۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە تاكفاكىمىكىغا
يېتىپ بېرىپ تۇرۇشىمىزغا، خەنزۇ قىسىملاردىن بىر يىڭ ئەسكەر
ئاپتوموبىل بىلەن يېتىپ باردى. ئۇلار بىز بىلەن بىللە ئىش-
لىمەكچى ئىدى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەھەر سائەت ئىك-
كىلەردە، لاۋچىتەيدىكى سىياسىي يېتەكچى ئوبۇلقاسىم بىر خە-
ۋەرچى گۇرۇپپىسىدىن مورىدىكى 40-پولك شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى
ئەۋەتىپتۇ. بۇيرۇقتا، بىزنىڭ تېزدىن گۈچۈڭگە قايتىپ، باشقا
جايلارغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ۋىزۋوتلارنىڭ ھەممىسىنى
يىغىپ، گۈچۈڭدىن رەسمىيەت بويىچە ئايرىلىپ، ئاندىن مورىغا
يېتىپ بېرىشىمىز لازىملىقى ئېيتىلغان. بۇ ئەھۋالنى بىز بىلەن
بىللە تۇرۇۋاتقان يىڭجاڭ ۋە جىداۋيۈەنلەرگە ئېيتىپ قويۇپ،



ئەتىگەن سائەت ئالتىدە گۈچۈڭگە قاراپ يولغا چىقتۇق. 29 -
كۈنى گۈچۈڭدا، سىياسىي يېتەكچى ۋە زاپخوزلار 17 - دىۋىزى-
يىنىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمىگە بېرىپ ھېسابات ئۆتكۈزدى، ۋىزۋوت
كوماندىرلىرى ئادەم، ئات ۋە قوراللارنىڭ يۈرۈش تەييارلىقىغا
كىرىشتى؛ مەن 49 - ۋە 51 - پولك رەھبەرلىرى بىلەن كۆ-
رۈشۈپ بۇيرۇق بويىچە، مورىدىكى 40 - پولك شتابىمىزنىڭ
ئالدىغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، خوشلاشتىم. مېنىڭ بىر
ئىسكادروننى باشلاپ، 50 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن
4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خەنزۇ
قىسىملىرى بىلەن بىللە ۋەزىپە ئورۇنلاش يولىدا قىلغان ھە-
رىكىتىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى لاۋچىتەيگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ،
مورىدىكى مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غىمادىيۇپقا تېلېفوندا
دوكلات قىلدىم. ئۇ، بىزنى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوبدان
دەم ئېلىپ ۋە ياخشى ئوزۇقلىنىپ، 2 - كۈنى ئىسكادروننىڭ
پۈتۈن تەركىبىي بىلەن مورىغا يېتىپ كېلىشكە بۇي-
رۇدى. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مورىغا كېلىپ، پولك شتابىغا
ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. بىراق، مورىدا ئوت - چۆپ قىس
بولۇپ، بىزدىن باشقا يەنە بەش ئىسكادروننىڭ ئاتلىرى
بولغاچقا، ئاتلارنى ياخشى بېقىپ تۇرۇش ئۈچۈن، مۇئاۋىن
پولك كوماندىرىغا تەستىقلىتىپ، يەنىلا لاۋچىتەيگە بېرىپ
تۇرۇپ تۇرىدىغان (ئۇ يەردە بىدە كۆپ ئىدى)، قاچان پولك
قوزغىلىدىغان چاغدا تېلېفون بەرسە كېچە - كۈندۈز دىمەي
يېتىپ كېلىدىغان بولدۇق. 4 - ماي كۈنى ئىسكادروننى
لاۋچىتەيگە يولغا سېلىپ، ئۆزۈم 5 - ماي كۈنى بىر ئوددېلې-
نىيە جەڭچى بىلەن باردىم. سىياسىي يېتەكچى ئورازاقىن
جەڭچى - ئوفىتسېرلەرنىڭ جۇۋا ۋە پىمىلىرىنى گۈچۈڭگە

ئاپىرىۋېتىش ئۈچۈن، 6 - ماي كۈنى بىر ئوددىلىنىيە جەڭچى بىلەن كەتكەنىدى. ئۇ، 7 - ماي كۈنى گۈچۈڭدىن مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان پولك كوماندىرى يۈسۈپوپنىڭ بىر پارچە بۇيرۇقىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. بۇيرۇقتا، مېنىڭ ئېسكادىرونىنى 8 - ماي كۈنى مورىغا ئېلىپ بېرىپ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلىشىم لازىملىقى ئېيتىلغان. مەن ئېسكادىرونىنى باشلاپ 8 - ماي كۈنى مورىغا باردىم. 9 - ماي كۈنى پولك كوماندىرى يۈسۈپوپنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۆزۈم ئىككى ئايدىن بۇيان باشقۇرۇپ كەلگەن بۇ ئېسكادىروننى ئۈرۈمچىدىن يېڭى كەلگەن ئېسكادىرون كوماندىرى زايىتوپقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھەمدۇللا يوپ باشقۇرۇپ كەلگەن 2 - ئېسكادىروننى تاپشۇرۇۋالدىم. ھەمدۇللا يوپ 10 - ماي كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇلدى. كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقسام، بىزنىڭ 40- پولك بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر خەنزۇلار پولكى بىرلىشىپ، خۇڭلۇشا دېگەن جايدا ئوسمان باندىتىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن بىر كېچە سوقۇش قىلغاندا (بۇ ۋاقىتتا مەن گۈچۈڭدا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى)، كېچە قاراڭغۇ بولغانىنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ۋە مۆلدۈر يېغىپ، شۇۋىرغان بولغاچقا، ھەمدۇللا يوپ باشچىلىقىدىكى 2 - ئېسكادىروندىن بىر ئوددىلىنىيە كوماندىرى قوشۇلۇپ توققۇز نەپەر جەڭچى يولدىن ئېزىپ كېتىپ، باندىتلارنىڭ ئىچىگە سولۇقۇپ قاپتۇ. باندىتلار ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، توققۇز نەپەر جەڭچىنى توققۇز خىل ئۇسۇل بىلەن دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ توققۇز نەپەر جەڭچىنىڭ ئىزدىرىكى قىلىنىپ، ئۇلارنى تېپىپ كېلىشكە بىر ۋىزۋوت جەڭچى ماڭغۇزۇلغانىكەن. بۇ ۋىزۋوت سوقۇش بولغان جايلارنى رازۋېتكا قىلىپ، توققۇز نەپەر جەڭچىنىڭ دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، پولك شتابىغا



دوكلات قىپتۇ. پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ پۈتۈن پولكنى باشلاپ بېرىپ، پارچىلانغان (قىيمىلاڭچىلانغان) جەسەتلەرنى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ قايتىپ كەپتۇ. بۇ توققۇز جەڭچىنىڭ بەش نەپىرى قازاق، ئۈچ نەپىرى ئۇيغۇر، بىر نەپىرى موڭغۇل ئىكەن. ئۇلار شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدى.

پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گۈچۈڭدىكى جىددىي يىغىندىن قايتىپ كېلىپ، 13 - كۈنى سائەت سەككىزدىلا ئېسكادىرون كوماندىرلىرىنى يىغىپ، شەرقتە باركۆل، ئارا تۈرۈك، شىمالدا گۈچۈڭ، مورىدىن تاشقى موڭغۇل چېگرىسىغىچە، غەربتە ئالتاينىڭ چىڭگىل ناھىيىسىگىچە بولغان تاغلىق، چۆللۈك، قۇملۇق جايلارنىڭ خەرىتىسىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ: شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن باندىتلارنى تازىلاشقا مەسئۇل قىلىنغان 6 - كورپۇس 17 - دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، پولكىمىزنىڭ ئەمدىكى ۋەزىپىسى — مۇشۇ خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن دائىرە ئىچىدە ئوسمان، جانىمقان باندىتلىرىنى ئىز قوغلاپ يوقىتىش، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى باشلىقىنى مۇمكىنقەدەر تىرىك تۇتۇش؛ بۈگۈن جىددىي تەييارلىق قىلىپ، 14 - ماي كۈنى پولك بويىچە جەڭگىۋار يۈرۈشنى باشلايمىز؛ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا، 17 - دىۋىزىيىدىن يەنە بىر ئاتلىق پولك بىز بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ بىللە ھەرىكەت قىلىدۇ، دېدى. دېگەندەك 14 - ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت 7:30 دە قېرىنداش ئىككى پولك مورىدىن ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى قوزغىلىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە ئاقتۆبە دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. 15 - ماي كۈنى سەھەر سائەت 3 تە، بىز 2 - ئېسكادىرون پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «گالاۋنى پاخودنى زاستاپ»

(باش يۈرۈش ئەترىتى) بولۇپ يولغا چىقىپ، سائەت 11 دە شوربۇلاققا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىنى رازۋېتكا قىلىپ، مۇھىم چوققىلارنى ئىگىلەپ، ئۇ يەرنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكى ھەققىدە پولك كوماندىرىغا خەۋەرچى ماڭدۇردۇم. ئاندىن پولك كېلىپ ئورۇنلاشتى. 16 - ماي كۈنى سەھەر سائەت 2:30 دە شوربۇلاقتىن قوزغىلىپ، سائەت 10:30 دە چىلسايغا يېتىپ باردۇق. ئۇيەردە پولك كوماندىرى ھەممە ئوفىتسېرلەرنى يىغىپ، ئۈچ كۈنلۈك يۈرۈشتىن خۇلاسە قىلدى ۋە: ئالدىمىزدىكى قونالغۇ جاي - خۇگلۇشا دۈشمەن جايلاشقان دائىرىگە كىرىدۇ، بىز كەچ سائەت 11 دە سىگنال بىلەن تەڭ يولغا چىقىمىز، دېدى. پولك كوماندىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بىز 2 - ئىسكادرون يەنىلا «گالاۋنى پاخودنى زاستاپ» لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولدۇق، نەزەر بېتىمبايوپ باشچىلىق قىلىدىكى 4 - ئىسكادرون «تىيلنى پاخودنى زاستاپ» لىق («ئارقا يۈرۈش ئەترىتى» لىك) ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولدى. نىشانغا يېقىنلاشقاندا بىزنىڭ پولك غەرب تەرەپتىن، خەنزۇ پولك جەنۇب تەرەپتىن قورشايدىغان، ئورۇننى كەڭ ئېلىپ رازۋېتكىنى كۈچەيتىدىغان بولدۇق. بىز 2 - ئىسكادرون پولك كوماندىرىدىن كەلگەن ئۇقتۇرۇش بويىچە 16 - كۈنى كەچ سائەت 10:30 دا يولغا چىقتۇق؛ 17 - ماي كۈنى سائەت 10 دا خۇگلۇشا دائىرىسىگە يېتىپ بېرىپ، ئەتراپىنى رازۋېتكا قىلغاندىن كېيىن، بىر ئېگىز چوققىنى ئىگىلىدۇق. خۇگلۇشا باندىتلار جايلاشقان رايون بولۇپ، بۇ كەڭ ئورۇننى بىزنىڭ پولكىمىز ئوڭ، سول ۋە ئوتتۇرا تەرەپتىن، خەنزۇ پولك جەنۇب تەرەپتىن قورشايدىغان بولغاچقا، ئىگىلەپ تۇرغان چوققىغا ئارمىيىمىزنىڭ قىزىل بايرىقىنى قاداپ، لەپىلدىتىپ تۇردۇق. پولكىمۇ دەل شۇ ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى - دە، بىز-



نىڭ 2 - ئىسكادرون ئوڭ تەرەپتىن، كومىسسار ھاشىموپ 5 - ۋە 6 - ئىسكادرون بىلەن سول تەرەپتىن، پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ 1 - ۋە 3 - ئىسكادرون بىلەن ئوتتۇرىدىن، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غىمادىيوپ 4 - ئىسكادرون بىلەن سول ئارقا تەرەپتىن ئورۇن تۇتۇپ ئىلگىرىلىدى. ئەمما، باندىت ئوسمان ئۆزى جايلاشقان ئورۇننى چوڭ قوشۇننىڭ كەڭ دائىرىدە قاپساپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بوشلۇقتىن قېچىپ كېتىپتۇ. باندىت باشلىقلىرىدىن ئالتۇنبېك 2000 ئاۋۇل بىلەن ئوسماندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ تەسلىم بولدى، ئوسماننىڭ داڭلىق باتۇرى قاتايمۇ تەسلىم بولدى. بۇ جاي ئوت - چۆپى ۋە سۈيى مول، تاكتىكىلىق ئورنى بەكمۇ ئەپلىك جاي ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، باندىتلار بۇ جايدا بىز بىلەن تىركىشەلمىدى. بىز ئۈچ تەرەپنى مۇھاسىرىگە ئالغان پېتى قاتتىق كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقاندا، ژىلقا باستاۋ دېگەن جاينىڭ شىمالىي تومشۇقىدىكى تۈزلەڭلىكتە 50—60 تەك باندىتنىڭ بىز تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غىمادىيوپ بىلەن دۇربۇندا كۆردۇق. دەل شۇ چاغدا، گۇچۇڭ تەرەپتىن بىر ئايروپىلان كېلىپ، ژىلقا باستاۋ، خىسەنتۇ، خۇگلۇشالارنى ۋە بىز تۇرغان دائىرىنى ئايلىنىپ، بىز تەرەپكە بىر توپ تەشۋىق ۋەرىقىسى تاشلاپ، قايتىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن باندىتلار ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى، ئۇلارنىڭ ئاز بىر بۆلىكى ئارقا تەرەپكە يەنى خۇگلۇشا، خىسەنتۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئات سالدى، كۆپ بۆلىكى خۇگلۇشانىڭ بۇ تەرىپىدىكى يەنى بىز تۇرغان تەرەپتىكى ئېگىز چوققىنى ئىگىلەشكە ھەرىكەت قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا بىر ئاز ئېتىشىش بولدى. باندىتلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا چوڭ بىر سۇ بار ئىكەن، مەن شۇ سۇ

پۈيىنى ئىگىلەشكە ھەرىكەت قىلسام، غەما دېيۈپ مېنى 4 - ئەسكادىروننىڭ ئوڭ تەرىپىنى يەنى پولكىمىزنىڭ ئەڭ چېتىدىكى خەنزۇ پولكى بىلەن ياندىش تەرەپنى ئىگىلەشكە بۇيرۇدى. باندىتلار پارچە - پۇرات ھەرىكەت قىلىۋاتقان، بىز مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ھالەت يېرىم سائەت داۋام قىلىپ، ئانچە - مۇنچە ئوق ئېتىلىپ تۇردى. باندىتلاردىن ئۈچى ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى، ئەمما ئۇلارنى شۇ ھامان ئاتلىرىغا ئارتىپ ئېلىپ قاچتى. بىز ئورنىمىزدىن قوزغالماي تۇراتتۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىلەردە پولك كوماندىرى ماڭا: بۈگۈنكى مۇشۇ ئېتىشىش بولغان ئورۇننى چىڭ ئىگىلەپ، ئەتراپنى رازۋېتكا قىلىپ، ئوڭ تەرىپىڭلاردىكى خەنزۇ پولكى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭلار، ھوشيار تۇرۇپ دەم ئېلىڭلار، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، پولك خۇگۇلۇشاغا قاراپ ماڭدى، 2 - ئەسكادىرون پولك شتابىنى قوغداپ ماڭدۇق. خۇگۇلۇشاغا بارغاندىن كېيىن، ئالدىن ئەۋەتىلگەن رازۋېتكىنىڭ مەلۇماتىدىن خىسەنتۇ دېگەن تاغنىڭ ئىچىدە باندىتلار بارلىقى مەلۇم بولدى. پولك كوماندىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، باندىتلارنى بىزنىڭ 40 - پولك بىلەن خەنزۇ پولكى ئىككى تەرەپلەپ ئېزىشكە كىرىشتى. بىزنىڭ پولكتىن 5 - ۋە 6 - ئەسكادىرون كومىسسار ھاشىمۇپنىڭ مەسئۇللۇقىدا سول تەرەپتىن، 1 - ۋە 3 - ئەسكادىرون پولك كوماندىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئارقا تەرەپتىن ئىلگىرىلىدى؛ 4 - ئەسكادىرون مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غەمادىيۇپنىڭ مەسئۇللۇقىدا 5 - ۋە 6 - ئەسكادىرونىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، باندىتلارنىڭ قېچىش يولىنى توستى. بارلىق ئەسكادىرونلار ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ بولغاندىن



كېيىن، ئەبەيدۇللا يۈپ باشچىلىقىدىكى 2 - ئەسكادىرون سىگنال بېرىلىشى بىلەن تەڭ باندىتلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. باندىتلارنى قاچۇرماي قورشاۋغا ئېلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز بىلەن تەڭ باشقا ئەسكادىرونلارمۇ تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. بىز خىسەنتۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، چۈش سائەت بىرگىچىمۇ باندىتلارنى ئىزدەپ تاپالماي، پولك كوماندىرىغا خەۋەرچى ئارقىلىق دوكلات قىلدىم. بىراق، باندىتلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تېزەكلىرى ئانچە سوۋۇپ كەتمىگەچكە، باندىتلار يېقىن ئارىلىقتا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، خەۋەرچىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا، شۇ ئىلگىرىلىگەنچە يولباشلىغۇچىنىڭ باشلىشى بىلەن تاغ ئىچىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يىلان باستاۋ دېگەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. يىلان باستاۋ دېگەن جايدا يىراقتىن ئاتلار ۋە چېدىرلار كۆرۈندى (باندىتلاردا چېدىر يوق ئىدى). مەن بۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، يۈرۈشنى توختىتىپ، ھەربىي قىزىل بايراقنى لەپىلدەتتىم. ئۇلارمۇ ھەربىي قىزىل بايراقنى لەپىلدەتتى، دەرھال قىدىر باي باشچىلىقىدىكى ئوددىلىنىيىنى ئەۋەتتىم ۋە گومىنداڭ تۇپىلاڭچىلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان دۇربۇن بىلەن قاراپ تۇردۇم. بىر ئاتلىق خەۋەرچى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ باندىت تازىلاش ۋەزىپىسى بىلەن قۇمۇل تەرەپتىن كېلىپ ئورۇنلاشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر باتالىيونى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار بىلەن سېپىت باتۇرمۇ بىللە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز دەرھال بېرىپ، ئۇ خەنزۇ سەپداشلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق. يىلان باستاۋ بىزنىڭ يۈرۈش يۆنىلىشىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپى، باركۆل تەۋەسى ئىكەن. پولكنى مۇشۇ جايدا كۈتەيلى دەپ، بىزمۇ چېدىرلىرىمىزنى يۆنىلىشىمىزگە يېقىن، سۇلۇق ۋە چۆپلۈك بىر جايغا تىكىپ ئورۇنلاشتۇق.

باندىتلارنى قوغلاش جەريانىدا بىزنىڭ ئېسكادرونىمىز بېسىپ ئۆتكەن خۇڭلۇشا، خىسەنتۇ، چىاساي دېگەن جايلار باندىتلارنىڭ تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ناھايىتى ئەپلىك جايلار ئىكەن. لېكىن، بىزنىڭ ئېسكادرونىمىزنىڭ گۈچۈڭدا 13 سائەتكىچە قوغلاپ زەربە بېرىشى، خەنزۇ - مىللىي ئىككى پولك ئارمىيەمىزنىڭ بىر كېچە توختىماي ھۇجۇم قىلىشى، ئالتۇنبېك ۋە قاتايلارنىڭ بىر نەچچە مىڭ ئاۋۇلنى باشلاپ بۆلۈنۈپ چىقىپ تەسلىم بولۇشى، گومىنداڭنىڭ «چىۋۇجۇنى» دىن توپىلاڭ كۆتۈرگەن قاچقۇنلارنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قومۇلغا قېچىپ كېتىشى ئارقىسىدا، ئوسمان باندىت ئۈمىدسىزلىنىپ، قېچىش بىلەن قۇتۇلۇش يولىنى تۇتقان. شۇڭا ئۇ، توختىماي قېچىپ، بەيتىك تەرەپكە يول ئالغان.

پولك كوماندىرىنىڭ قارارى بويىچە، 5 - ئاينىڭ 19 - ۋە 20 - كۈنلىرى ئىككى كۈن دەم ئالدۇق. ئاتلىق قىسىمنىڭ دەم ئېلىشى ئاتلارنىڭ تاقىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۈپراپ كەتكەنلىرىنى يەڭگۈشلەش، توقاملارنى يۇمشىتىش، ئاتلارنىڭ دۈمبىسىنى تازىلاش، قورال - ياراقلارنى تازىلاش، شەخسلەر تازىلىقىنى قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بىز 2 - ئېسكادرون 21 - ماي كۈنى سائەت سەككىزدە يولغا چىقىپ، «گالاۋنى پاخودنى زاستاپ» لىق ۋە قوشۇمچە رازۋېتكىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەچ، سائەت ئۈچتەسار بۇلاققا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە باندىتلار قونالغۇ قىلغان ئورۇننىڭ ئىزى تېخى بار ئىكەن. ئوسمان باندىت شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن قاچماقتائىدىكى، بىر باستاۋغا چۈشكەندىن كېيىن، بىز تەرەپكە 3 — 4 كىلومېتر كەلگۈدەك ئارىلىقتا بىرنەچچە قاراۋۇل قويۇپ، ئۆزلىرى تاماقلىنىپ ۋە ئاتلىرىنى تويغۇندۇرۇپ، دەم ئالىدۇ. بىز ئورۇق ۋە ھارغىن ئاتلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ



ئىزىنى قوغلاپ، ھېرىپ - ئېچىپ ئاران يېتىپ بارساق، ئۇلارنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئوق چىقىرىپ، ھەم بىزنى توسىدۇ، ھەم كەينىدىكىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ. ئاندىن بىر قىسىم باندىتلار كېلىپ بىز بىلەن ئېتىشىپ تۇرىدۇ - دە، ئاساسىي كۆچى نەرسە - كېرەكلىرىنى تۆگە - ئۆكۈزلەرگە ئارتىپ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، يەنە بىر باستاۋغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار 3 - 4 كىلومېتر ئۇزاپ بولغىچە، بىز بىلەن ئېتىشىۋاتقان باندىتلار ئېتىشنى توختاتماي، ئاستا - ئاستا چېكىنىپ، ئاخىردا بىراقلا چېكىنىپ توپقا يېتىشىۋالىدۇ. بىزنىڭ دەم ئالماي قوغلىشىمىزغا ئاتلارنىڭ كۈچى يار بەرمىگەچكە، ئامالنىڭ يوقىدىن دۈشمەن تاشلاپ كەتكەن باستاۋدا بىر ئاخشام دەم ئېلىپ، ئاندىن ئەتىسى يەنە داۋاملىق قوغلايمىز. ئەگەر ئۆزىمىز ئۇزاقتىن بويان بېقىپ چېنىقتۇرغان ئاتلىرىمىز بولغان بولسا، ياكى باندىتلار ئورۇن تۇتۇپ سوقۇشقان بولسا، ئۇنداق قىيىنچىلىق بولمىغان بولاتتى - دە، ۋەزىپە ئۇزۇنغا سوزۇلماي ئورۇنلانغان بولاتتى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پولك كوماندىرى ھەممە ئېسكادرون كوماندىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. بۇيرۇقتا ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلارنى تازىلاش خىزمىتىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئۇرۇمچىگە قايتىشىمىز لازىملىقى ئېيتىلغان. ئەمما، كۆپچىلىك بۇيرۇققا ھەيران بولۇپ، ھەمقايىل بولماي: خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان باندىتلارنى تەلتۆكۈس يوقاتماي قايتمايمىز، باندىتلار تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلمىسا خەلققە خاتىرجەملىك بولمايدۇ، دەپ ئىرادە بىلدۈردى ۋە بۇنى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ تەلپى سۈپىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىققا مەلۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرىۋالدى. پولك كوماندىرى يۇسۇپوپ بۇ تەلەپنى يۇقىرى قومان-

دا ئىلىقتا مەلۇم قىلىپ جاۋابىنى ئېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى؛ ئاندىن: يولباشلىغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئالدىمىزدا زىپاك دېگەن بىر جاي بار ئىكەن، ئۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپى ۋە سۈيى مول، يەر شارائىتى ياخشى ئىكەن. ئەتە شۇ يەرگە يۆتكىلىمىز، دېدى. 23 - ماي كۈنى سائەت ئوندا سار بۇلاقتىن زىپاككا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. 24 - ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئەتراپتىكى قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتىپ، پولك بويىچە ھەممە جەڭچى - ئوفىتسېرلەر پولك شتابى ئالدىغا يىغىلدۇق. پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ بىزنىڭ ئوسمان باندىتلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ ئاندىن قايتىش توغرىسىدىكى تەلىپىمىزنى يۇقىرى قوماندانلىقنىڭ تەستىقلاپ ئەۋەتكەن تىلىگراممىسىنى ئەينەن ئوقۇپ ئاڭلاتتى. بۇنىڭغا بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلەر قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىزغىن تەنتەنە قىلدى. ئاندىن يۈسۈپوپ ئىسكادىرون كوماندىرلىرىغا، 25 - مايدىن باشلاپ ئوسمان باندىتلىرىنى ئىز بېسىپ قوغلاپ يوقىتىش جېڭىگە داۋاملىق ئاتلىنىدىغانلىقىمىزنى، ئالدىمىزدىكى نىشان كۆكسېركىنىڭ ئايىغىدىكى باستاۋ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. پولكىمىز 25 - ماي كۈنى سائەت 11:30 دە زىپاكتىن قوزغىلىپ، سائەت ئالتىلەردە كۆكسېركىنىڭ ئايىغىدىكى باستاۋغا يېتىپ باردى. پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، قىدىرقان باشچىلىقىدىكى ئوددىلىنىيىنى تەييارلاپ، ئەتراپنى رازۋېتكا قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ئۇلار بېرىپ رازۋېتكا قىلىپ، ئوسمان باندىتلىرىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ قاچقانلىقىنى، ئۇلار ياققان ئوتنىڭ چوغلىرى تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەنلىكىنى بايقاپتۇ ۋە ئۇلاردىن قېپقالغان ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئوسماننىڭ قازاقچە قۇلاقچا، ئۇزۇن چاپان، ساپما ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە كۈمۈش بەلباغ باغلاپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن چۈشكەن



بىر پارچە سۈرىتىنى تېپىپ كەپتۇ. رازۋېتكا قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاچ، سۈرەتنى پولك كوماندىرىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. 26 - ماي كۈنى «گالاۋنى پاخودنى زاستاپ» بولۇپ يۈرۈپ، تاش باستاۋ دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. 27 - ماي كۈنى سائەت سەككىزدە پولك بويىچە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، سائەت ئۈچتە سارسېركىنىڭ تۇمشۇقى تاقىر باستاۋغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. ئاندىن پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى جۇمەك پالتوۋ بىلەن بىللە، جۇمەدىيوپ ئۆمەر باشچىلىقىدىكى 1 - ۋىزۋوت، ئەخمەتوپ مەھەممەت باشچىلىقىدىكى 2 - ۋىزۋوت ۋە مىناراسچوت كوماندىرى بېكەجانوپ سىيىتجانلارنى باشلاپ، قاپتىق تاغ ئەتراپىنى رازۋېتكا قىلىپ كېلىشكە ماڭدىم. كېچە قاراڭغۇسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، تۈن يېرىم بولغاندا چۆلنىڭ ئىچىدە بىر بۇلاققا كېلىپ قالدۇق. ئۇزاقتىن بۇيان ئادەم ئىزى باسمىغان بۇ چۆلدە، ياۋا ئاتلارنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى، ئېلگىرى قېزىلغان ھەر خىل ئاكوپلارنى، ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن باش ۋە يىلىك سۆڭەكلىرىنى كۆردۇق. بۇنىڭغا ھەيران بولغانلىقىمىزنى سەزگەن سەمەت ئىسىملىك بىر خوتەنلىك جەڭچى مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

— 1942 - يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى «ئالتۇن كولايدىغان ئىشچى» دېگەن نام بىلەن خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، كۇچالاردىن 18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان 40 مىڭدەك ئۇيغۇر ياشنى يىغىپ، كالا ھارۋىسىدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى. مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. قاتناش قورالىنىڭ ناچارلىقى، يولنىڭ ئۇزاقلىقى، تۇرمۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن، ھېچ ئىش كۆرمىگەن ۋە ياقا يۇرتقا چىقىپ باقمىغان بۇ ياش-

لارنىڭ بىرمۇنچىسى كېسەل بولۇپ قېلىپ، ساقىيالماي ئۆلۈپ قالدى. بىزنى ئېلىپ ماڭغانلار ئۆلۈپ قالغانلارنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ، ساق قالغانلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. 40 مىڭدەك بالىدىن 24 مىڭى ساق قايتتۇق. ھۆكۈمەت بۇلارغا بىر قۇردىن كۆك ماتا كىيىم كىيدۈرۈپ، بىر تالىدىن مىلتىقنى ئوقى بىلەن تارقىتىپ بېرىپ، ھېچ قانداق ھەربىي تەلىم-تەربىيە بەرمەيلا، بۇ«بالا ئەسكەرلەر»نى ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن دەل مۇشۇ قاپتىق تېغىنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە كەلگەندە، بىزنى ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى سوقۇشقا سالدى. پەيجاڭدىن يۇقىرى خەنزۇ ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق، قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى پىيادە ئىدى. بىزنى تۈزلەڭلىككە چىقىپ باندىتلارغا قارشى ئوق ئېتىشقا مەجبۇر قىلدى، باندىتلار تاغنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، بىزگە كۆرۈنمەيتتى. بىز بولساق تۈزلەڭلىكتە باندىتلارغا ئاسانلا كۆرۈنۈپ قالاتتۇق. شۇڭا، بىزنىڭ ئەسكەرلەردىن جىق ئۆلۈپ كەتتى. كەينىمىزگە يانساق خەنزۇ باشلىقلار ئاتىدۇ، ئالدىمىزغا ماڭساق باندىتلار ئاتىدۇ. شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تاغنىڭ كەينىدىن ئۇشتۇمتۇت ئۈچ دانە قىرغۇچى ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى پىلىموت ۋە بومبىلار بىلەن قىرىپ تاشلىدى. مۇشۇلارنىڭ قاتارىدا خەنزۇ باشلىقلارمۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ساق قالغانلىرى ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىزمۇ قاچتۇق. ئەمما، ئۇ قانخور ئەكسىيەتچىلەر ئوق تەگكەن ياردارلارنى ۋە پىيادە يۈگۈرۈپ بولالماي ھېرىپ قالغانلارنى ئېتىۋېتىپ، قېچىپ كېتىۋەردى. ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھەربىيلىرى «ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سانى كۆپ، باندىتلار ئاز؛ ئەسكەرلىرىمىز ھەرقانچە ئۆلسىمۇ، باندىتلارنى چوقۇم يېڭىمىز» دەپ



ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەن بالا ئەسكەرلەر»نى ئاساس قىلغان بۇ خىيالى بىر زەربە بىلەنلا بەربات بولدى. تەقدىرنىڭ نېسىپ قىلىشى بىلەن ھايات قالغانىكەنمەن. كېيىن ئۇقۇشۇمچە، شۇ چاغدا سوقۇشقا ئېلىپ بېرىلغان 24 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ 9000 ى ئۆلۈپ، 15 مىڭى قايتىپ كەلگەنىكەنمىز. بۇ سۆڭەكلەر ئاشۇ 9000 ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرى.

بىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاچ، ئاتلارنى بۇلاق سۈيىدە سۇغىرىپ ۋە ئاز - تولىدىن يەم يېگۈزۈپ، پولك جايلاشقان تاقىر باستاۋغا قاراپ ماڭدۇق. 28 - ماي كۈنى كەچ سائەت 12 دە پولك تۇرالغۇ باستاۋغا يول ئالدى. بىزنىڭ ئىسكادرونىمىز تاقىر باستاۋدا دەم ئېلىپ، 29 - ماي ئەتىگەن سائەت يەتتىدە تۇرالغۇ باستاۋغا ماڭدى ۋە شۇ كۈنى كەچ سائەت بەشتە يېتىپ بېرىپ، پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلدى؛ ئاندىن 30 - ماي كۈنى بۇيرۇق بويىچە، بەيتىك تەرەپكە (قۇلۇستىننىڭ ئېغىزىغا) قاراپ مېڭىپ، ئۇ يەرگە تىنچ - ئامان يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدىنقى قاراۋۇللۇقتا تۇردۇق. 4 - ئىسكادروننىڭ كوماندىرى بىتتىمبايوپنىڭ رازۋېتكا قىلىشىچە، باندىتلار بەيتىكنىڭ تەسكەي تەرىپىگە يەنى تاشقى موڭغۇلنىڭ چېگرىسى تەرەپكە يول سالغان. 31 - ماي كۈنى پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ بۇ توغرىدا خەنزۇ ئاتلىق پولكنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، بەيتىك تەرەپكە قاچقان باندىتلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلىپ، بۇنى قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشقى موڭغۇل تەرەپكە: ئېنىقلىنىشچە، باندىت ئوسماننىڭ سىزلەر تەرەپكە ماڭغانلىقى مەلۇم بولدى؛ بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرى ئۇلارغا شەرق، جەنۇب ۋە

غەرب تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدۇق. 31 - ماي كەچ سائەت توققۇزدا راكېتا بىلەن ھۇجۇم باشلايمىز. بىز ھازىر قۇلىستىنىڭ ئاغزىدا، ۋاقىپ بولۇپ قالغايسىزلەر، دېگەن مەزمۇندا تېلېگراممىا بېرىۋەتتى. شۇنىڭدەك، بەيتىكىنىڭ غەرب تەرىپىدە بىزگە ماسلىشىۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ «ئالتايىسكى ستودىنكو» پولكىغىمۇ دۈشمەن ئەھۋالى، ھۇجۇم باشلىنىش ۋاقتى، ئۇلارنىڭ دەل ۋاقتىدا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىشى توغرىسىدا تېلېگراممىا بېرىۋەتتى. ئاندىن پۈتۈن پولك 31 - ماي كۈنىلا بەيتىكىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى شەرت - شارائىتى ئەپلىك، سۇلۇق، ئوت - چۆپى مولراق جايغا سىلجىپ كەلدۇق.

غەرپ تەرەپتە «ئالتايىسكى ستودىنكو» پولكى، سول تەرىپىمىزدە خەنزۇ ئاتلىق پولكى تەييار تۇرغان شارائىتتا، پولكىمىز شەرق ۋە جەنۇب تەرەپتىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا ھۇجۇمغا تولۇق تەييارلاندى. ئاق راكېتا تەييار تۇرۇش بەلگىسى، قىزىل راكېتا ئوق ئېتىش بەلگىسى، يېشىل راكېتا ئېتىشنى توختىتىش بەلگىسى ئىدى. 31 - ماي كۈنى دەل كەچ سائەت توققۇزدا پولك كوماندىرىنىڭ سىگنال بېرىشى بىلەن ھۇجۇم باشلاندى. تۈن قاراڭغۇ بولۇپ، يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بىز تاشقى موڭغۇلنىڭ چېگرىسىغىچە قىستاپ بېرىپ ئورۇن تۇتتۇق ۋە بىردەم ئاستا، بىردەم تېز سۈرئەتتە ئوق ئېتىۋەردۇق. ئەمما، قارشى تەرەپتىن (دۈشمەندىن) ھېچقانداق ئالامەت سېزىلمەيلا تاڭ ئېتىپ كەتتى. يامغۇرمۇ توختىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بىز قىزىل بايراق چىقىرىۋېدۇق، تاشقى موڭغۇل تەرەپمۇ قىزىل بايراق چىقاردى. ئاندىن، پولك كوماندىرىنىڭ يېشىل راكېتا ئېتىشى بىلەن، ئوق ئېتىش توختىدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، باندىتلار ئىزىنى تاشقى



موڭغۇل تەرەپكە سىلىپ قويۇپ، خەنزۇ پولكى ئورۇنلاشقان جاي بىلەن بىزنىڭ پولك ئورۇنلاشقان جاي ئارىلىقىدىكى جىرادىن جەنۇب تەرەپكە قېچىپتۇ. بىز بۇنى بىلمەي، كېچىچە تاشقى موڭغۇل تەرەپ بىلەن ئېتىشىپ چىقىپتىمىز. بىز تەرەپتىن بىر جەڭچى يېنىك يارىدار، بىر جەڭچى ئېغىر يارىدار بوپتۇ.

1- ئىيۇن كۈنى پولك بويىچە دەم ئالدۇق. 2 - ئىيۇن كۈنى بىزنىڭ پولك ئورانبۇلاققا يۈرۈش قىلدى، خەنزۇ پولكى لاستى تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. بىزنىڭ يۆنىلىشىمىز بەيتىكنىڭ كۈنگەي تەرىپى ئىدى. بۇ يول قارىغايلىق، قىلىن چۆپلۈك، ئېقىن سۇلۇق، ھاۋالىق يول بولغاچقا، ھەم جىددىي ۋەزىيەتمۇ بولمىغاچقا، جەڭچىلەر ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئوتلىتىپ ماڭدى. بىزنىڭ ئىسكادرون كەچ سائەت توققۇزدا پولك جايلاشقان ئورانبۇلاققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پولك شتابىنىڭ شەرق تەرىپىدىن 200 مېتىردەك يىراقلىقتىكى ئورۇننى ئىگىلەپ، تاڭ ئاتقىچە تاغ ئۈستىدە نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇق قىلدۇق. 3 - ئىيۇن كۈنى ئورانبۇلاقتا يىلقا ھەيدەر، جۇمەجۇمە، شاھمەردان، بەكەش قاتارلىق باندىت باتۇرلىرى باشچىلىقىدا 170 ئاۋۇل تەسلىم بولغانىدى (ئۇلار ئوسماندىن بۆلۈنۈپ چىققانىكەن). شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە يۇقىرىدىكى باندىتلار باشلىقلىرى ئالتاي تەرەپكە قېچىپ كەتكەن؛ قالغان 170 ئاۋۇل بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مورى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. 4 - ئىيۇن كۈنى پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ ئىسكادرون كوماندىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ 600 ئاتلىق تۆت ئىسكادرون تەييارلاپ دۈشمەننى ئىز قوغلاپ يوقىتىش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، يارامىلىق ئات ۋە ئادەملەرنى

ئاللاپ، پۇختا تەييارلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 5 - ئىيۇن كۈنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن تۆت ئىسكادرون باندىتلارغا مەجبۇرىي ئەگىشىپ تەسلىم بولغان ئاۋۇللارنىڭ ئاتلىرى ئارىسىدىن يارامىلىق ئاتلارنى تاللاپ ئالماشتۇرۇۋالدۇق ۋە باشقا تەييارلىقلارنىمۇ پۈتكۈردۇق. 6 - ئىيۇن كۈنى تاشقى موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بىزدىن ھال سوراپ ۋەكىل ئەۋەتكەنىكەن. پولك كوماندىرىمىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشتى ۋە تاشقى موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، بىزنىڭ ئېغىر يارىدار بولغان بىرنەچچە جەڭچىمىزنى داۋالاپ ساقايتىپ بېيجىڭ ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى (بۇ جەڭچى تاشقى موڭغۇلدا بىر ئايدىن ئارتۇق داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن، بېيجىڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى). 8 - ئىيۇن كۈنى 2 - ۋە 3 - ئىسكادرونلار پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غىمادىيۇپنىڭ رەھبەرلىكىدە چۈشتىن بۇرۇنلا يىلقا باستاۋغا يېتىپ بېرىپ، بىزدىن بۇرۇن كەتكەن 1 - ئىسكادرونغا قوشۇلدۇق. ئاندىن 1 - ۋە 3 - ئىسكادرونلار غىمادىيۇپنىڭ رەھبەرلىكىدە بەش قۇدۇققا يۈرۈپ كەتتى. يىلقا باستاۋنىڭ قاراۋۇللۇقى بىز 2 - ئىسكادروننىڭ مەسئۇلىيىتىگە قالدى. يىلقا باستاۋ گۇچۇڭ بىلەن چىڭگىل ئارىلىقىدىكى قاتناش يولى بولۇپ، تاكتىكىدا شارائىتى ياخشى ھەم مۇھىم ئىكەن. يولباشلىغۇچىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1943 - يىلى باندىت ئوسمان مۇشۇ يەردە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 12 ئاپتوموبىلىنى توسۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاپتوموبىلدىكى نۇرغۇن ماللارنى قويماي بۇلاپ، ئاپتوموبىللارنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. شۇڭا، بۇ يەردە ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرى، ئاپتوموبىلنىڭ كېرەكسىز چىققان ئېغىر سايمانلىرى كۆپ ئىكەن. لېكىن،



ئوسمان باندىت مۇداپىئەلىنىش شارائىتى ياخشى مۇشۇنداق جايدىمۇ بۇ نۆۋەت بىز بىلەن ئېلىشالماي قېچىپ كەتكەن. پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ 9 - ئىيۇن كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا بېتىمبايوپ باشچىلىقىدىكى 4 - ئىسكادرون، زايىتوپ باشچىلىقىدىكى 5 - ئىسكادرون ۋە پولك شتابىنىڭ بۆلۈمچىلىرىنى ئېلىپ، مۇشۇ يىلقا باستاۋغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بىزنىڭ 2 - ئىسكادرون پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، شۇ كۈنى كەچ سائەت 10 دا يولغا چىقىپ، كېچىچە يول يۈرۈپ (يوللار ئېگىز - پەس، تاشلىق ۋە قۇملۇق بولغاچقا، ئوبدان ماڭالماي قالغان يەرلەردە ئاتلارنى يېتىلەپ، يولدىن ئېزىپ قالغان يەرلەردە ئەتراپقا قاراۋۇل چىقىرىپ مېڭىپ)، مىڭ تەسلىكتە 10 - ئىيۇن كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدا بەش قۇدۇققا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. ئاندىن مۇئاۋىن پولك كوماندىرى غىمادىيۇپقا كەلگەنلىكىمىزنى دوكلات قىلىپ، پولك كوماندىرىنىڭ ئاغزاكى يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدۇق.

مەلۇم بولۇشىچە، باندىت ئوسماننىڭ ئاساسىي كۈچى ھېسابلانغان ئابرويلۇق ئادەملىرى ۋە باتۇرلىرى، ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى ھېسابلانغان ئاتنىچى سوۋېت كىرژاكلار⊗ ئوسماندىن

⊗ كىرژاكلار — 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن سوقۇشۇپ مەغلۇپ بولغان باندىتلار. ئۇلارنىڭ تىرىك قالغانلىرى شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىغا قېچىپ كېلىپ، ئوسمان باندىتلىرىغا قوشۇلۇپ، يەنە باندىتلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار نامدا بىر پولك ئاتالسىمۇ، ئادەم سانى 100 دىن ئاشمىغان. پولك كوماندىرى سامالىيوپ 1951 - يىلى ئوچۇق سوتتا باندىت ئوسمان بىلەن بىللە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

ئارقىمۇ ئارقا بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوسمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكى جانسىمقان بىر قىسىم ئىتائەتچان يالاكتۆش «باتۇرلىرى» ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەنلا قالغان. 10 - ئىيۇن كۈنى پولك كوماندىرى يۇسۇپوپ 4 - ۋە 5 - ئىسكادرونلارنى ئېلىپ، سائەت ئىككىلەردە بەش قۇدۇققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پولك كوماندىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بىر نەچچە كۈن دەم ئالغان 3 - ئىسكادرون «گالاۋنىي پاخودنىي زاستاپ» (باش يۈرۈش ئەترىتى) بولۇپ ئالدىن يولغا چىقتى، يەتتە يېرىم سائەتتىن كېيىن 1 - ئىسكادرون، بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن 2 - ئىسكادرون، تۆت سائەتتىن كېيىن 4 - ۋە 5 - ئىسكادرونلار يولغا چىقتى (پولك كوماندىرى يەنىلا مۇشۇ ئىسكادرون بىلەن بىللە ماڭدى). بۇلار بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ يەنى 3 - ئىسكادرون 1 - ئىسكادرونغا، 1 - ئىسكادرون 2 - ئىسكادرونغا، 2 - ئىسكادرون 4 - ۋە 5 - ئىسكادرونلار بىلەن بىللە كېتىۋاتقان پولك كوماندىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، بەلگىلەنگەن نىشانغا يەنى ئارباقالدىغا ئارقىمۇ ئارقا يېتىپ باردى. يول بويى 1 - ۋە 3 - ئىسكادرونلاردىن ھېرىپ چۈشۈپ قالغان 20 نەچچە ئاتنى تاشلاپ ئۆتتۇق. 6 - ئاينىڭ ئىسسىقىدا ئۇچىسىدا پاختىلىق كىيىم، پۇتىدا ئۆتۈك ياكى چورۇق بىلەن مېڭىۋاتقان جەڭچىلەر بۇ سۇسىز چۆللەردە ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە يۈرمەكتە ئىدى. كەينىمىزدىن كېلىدىغان ئاشلىق ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەچكە، قورساقنىڭ ئاچلىقىمۇ خېلى قىيىنماقتا ئىدى. ئات ئۇچرىسا ئات ئېتىپ يېدۇق؛ ئات ئۇچرىمىسا، قايسى ئات سېمىز بولسا شۇنى ئۆلتۈرۈپ يېدۇق. ئاتنىڭ تېرىسىنى چەمى قالمىغان ئۆتۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن چورۇق تارتىپ كىيدۇق. ياشلىق ئاجايىپ بىر مەزگىل ئىكەن: جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ياش بولغاچقا، ئاشۇن-



داق قىيىن شارائىتتىمۇ قىيىنچىلىق تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىندۈرمەي، ئويۇن - چاقچاق بىلەن ئۆتتى؛ دۈشمەننىڭ بىرەر پاي ئوقىنى ئاڭلاپ قالسا، دۈشمەن تەرەپكە شىددەت بىلەن ئېتىلدى. مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، 2 - ئىسكادرون ئاتلىرى تولا ھېرىپ قېلىۋاتقان 1 - ئىسكادروننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى، ھەممىمىز كېچىچە يول يۈرۈپ ئەتىسى (11 - ئىيۇن) ئەتىگەن سائەت 8 دە ئارباقالدىغا يېتىپ بارساق، بىزدىن يەتتە سائەت بۇرۇن كەتكەن 3 - ئىسكادرون رازۋېتكا قىلىپ تۇرغانىكەن. رازۋېتكا نەتىجىسىدە، ئالدىمىزدىكى قامىشتى باستاۋ دېگەن جايدا دۈشمەن بارلىقى بىلىنگەن (ئىسكادرون كوماندىرى ئابدۇللايوپ ئەخمەتباي ئۇ يەرگە سىياسىي يېتەكچى ياسىنجان، ۋزۋوت كوماندىرى ئوسمانوپلارنى بىر ۋزۋوت جەڭچى بىلەن ئەۋەتكەن). 12 - ئىيۇن كۈنى سائەت ئونلاردا پولك كوماندىرى 4 - ۋە 5 - ئىسكادرونلارنى باشلاپ ئارباقالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ھەرقايسى ۋزۋوتلار ئاتلىرىنى ئېگەر - يۈگەنلىرى بىلەنلا ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئاغزىغا بىر چىشلەم نان ياكى بىر يۇتۇم سۇمۇ ئالماي، چېدىر تىكىش، قۇدۇق كولاش ئىشلىرى بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتقان پەيتتە، ئاتلىق بىر خەۋەرچى ئاسمانغا ئوق ئېتىپ چېپىپ كەلگەن پېتى ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا پولك كوماندىرىغا، رازۋېتكىغا ئەۋەتىلگەن ۋزۋوتنىڭ دۈشمەن قورشاۋىدا قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پولك كوماندىرىنىڭ ئىسكادرون كوماندىرلىرىغا «جىددىي ئاتلىنىڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىشى بىلەن، ئىسكادرون كوماندىرلىرىمۇ ۋزۋوت كوماندىرلىرىغا جىددىي ئاتلىنىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىمىز بارلىق ئىشلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئاتلارنىڭ ھېرىپ كەتكەنلىكىگە، ئۆزىمىزنىڭ ئاچ ۋە ئۇيقۇسىز قالغانلىقىمىزغا قارىماي، تېزلىك بىلەن جەڭگە

ئاتلاندۇق. ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ بىردەمدىن كېيىن پولك كوماندىرى ئېسكادىرون كوماندىرلىرىنى ئەتراپىغا چاقىرتىپ: ئەبەيدۇللايېۋ 2 - ئېسكادىرون بىلەن ئوڭ تەرەپتىن، مەن 3 - ئېسكادىرون بىلەن ئوتتۇرىدىن، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى 4 - ئېسكادىرون بىلەن سول تەرەپتىن توختىماي ھۇجۇمغا ئۆتەيلى، ئالغا! دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۇچقاندەك بارساق، بىر توپ باندىتلار ۋىزۋوتىمىزنى ئاچ بۆرىلەردەك ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ بولۇشقا ئاز قالغانىكەن. باندىتلار بىزنى كۆرۈپ، فرونتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يوپۇرۇلۇپ قاچتى. ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ ئوڭ قولىغا ئوق تېگىپتۇ، قالغانلار ساق ئىكەن. بىزنىڭ ئېسكادىرون دۈشمەننىڭ ئۆۋىسىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇيرۇق بويىچە ئوڭ تەرەپكە ئات سالدۇق. جۇمادىيېۋ ئۆمەر باشچىلىقىدىكى 1 - ۋىزۋوتىمىز ئوڭ تەرەپتىكى تاغ ئۈستىگە چىقىپ دۈشمەننى قوزغىدى؛ مۇئاۋىن ئېسكادىرون كوماندىرى بىلەن سىياسىي يېتەكچى 4 - پىلىموتچىلار ۋىزۋوتنى باشلاپ، مىنامىيوت ئېتىشقا ئەپلىك ئېگىزلىكنى ئىگىلىدى؛ مەن 2 - ۋە 3 - ۋىزۋوتلارنى باشلاپ ئات چاپتۇرۇپ ئارىلىقتىكى جىرا بىلەن دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتۈم. پولك كوماندىرى باشلىغان 3 - ئېسكادىرون بىلەن بىزنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىشىمىز ئارقىسىدا، مىنامىيوت ۋە پىلىموت ئوقلىرىنىڭ زەربىسىگە چىدىمىغان دۈشمەن بىز بىلەن تەڭلا تۈزلەڭلىككە چىقتى - دە، ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلغان ئۈچ نەپەر ياردارىنى ئاتقا ئارتىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ، شۇ تۈزلەڭلىكنىڭ نېرىسىدىكى چوڭ بىر دۆڭگە قاراپ قاچتى؛ كەينىدىن بىزمۇ ئات سالدۇق. لېكىن، باندىتلارنىڭ ئاتلىرى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار بىزدىن 50 مېتىردەك ئىلگىرىلەپ كېتىپ، دۆڭگە چىقىۋالدى - دە، توپلىشىپ بىزگە



قارشى ئوق ئېتىشقا باشلىدى. مەن جەڭچىلەرنى باندىتلارنىڭ ئوقىغا قارشى دۆڭگە ئات چېپىشقا باشلىدىم. باندىتلار دۆڭنى تاشلاپ قاچتى. ئۇلار تەخمىنەن 30 دەك ئادەم ئىكەن. بىزدىن ئۈچ جەڭچى يېنىك ياردار بولغانىكەن، ئۇلارنى داۋالىنىشقا قالدۇرۇپ، قالغانلىرىمىز باندىتلارنى ئىز بېسىپ قوغلىدۇق. بىزگە ماسلىشىپ ئابدۇللايېۋ ئەخمەتباينىڭ ئوتتۇرىدىكى 3 - ئېسكادىرونى بىلەن بىتىمبايېۋنىڭ سولدىكى 4 - ئېسكادىرونىمۇ تاغدىن چىقتى، باندىتلارنى بىرلىكتە قوغلىدۇق. شۇ قوغلىغانچە قامىشتى باستاۋغا يەتتۇق. باندىتلار ھەممە ئاۋۇللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مال - چارۋىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ھەيدەپ ماڭغانىكەن. قوغلاپ ئېتىشىپ يۈرۈپ، ئۈچ قورۇ قوي، بىر قوروقوزا، بىر چالۋ، بىر كەمپىرنى قولغا چۈشۈردۇق. باندىتلارنى يەنە داۋاملىق قوغلاپ، قامىشتى باستاۋدىن ئۆتۈپ، تاقىرباستاۋنىمۇ بېسىپ، يەنە 10 كىلومېتىردەك قوغلىغاندا، ئاتلىرىمىز بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن بولالماي قالدى. قوغلاۋېرىشكە مۇمكىن بولمىدى، پىيادە قوغلاشقا تېخىمۇ بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇيرۇق بويىچە قايتىپ، تاقىر باستاۋغا ئورۇنلاشتۇق. بىر ھەپتىدىن بېرى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغان، ئىسسىقراق بىر نەرسە يېيەلمىگەن جەڭچىلەر غەنىيمەت ئالغان 4 — 5 يۈزدەك قوزىنى بىر ۋاقلىق تاماق قىلىپ يەپ تەرلىنىپ، ھاردۇقى چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ باندىتلارغا قارشى غەزىپى بېسىلمىغانىدى.

13 - ئىيۇن كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە، پولك كوماندىرىنىڭ باشچىلىقىدا، بىزنىڭ 2 - ئېسكادىرون بىلەن ئەخمەتباينىڭ 3-ئېسكادىرونى باندىتلارنى داۋاملىق قوغلاشقا ماڭدۇق. چۆمۈشتى قۇدۇق دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاتلارنى بىر ئاز بېقىپ، جەڭچىلەرنىمۇ دەم ئالدۇرۇپ، دەل چۈش

سائەت 12 بولغاندا يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. جەڭچىلەرنىڭ
ئۇزۇقى — غەنىيمەت ئېلىنغان قويلار، ئاتلارنىڭ يېمەكى —
دالىدىكى ئوت - چۆپلەر بولدى. ئاتلار تېخىمۇ ھالسىزلىنىشقا
باشلىدى، ھەممىمىز ئاتلارنى يېتىلەپ پىيادە ماڭدۇق. ئاخىر
بولالمىغاندىن كېيىن، ئاتلارنى يالىڭاچلاپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ،
قومۇش ياكى يۇلغۇن ئۈنگەن يەرلەرنى كولاپ سۇ چىقاردۇق.
شۇنىڭ بىلەن، جەڭچىلەرمۇ ئىسسىق ئىچىپ، ئاتلارنى بېقىپ
دەم ئالدۇردى. 14 - ئىيۇن كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتە
تۇرۇپ، پولك بويىچە يۈرۈش قىلدۇق. بۈگۈنكى يۈرۈشتە
تاھىروپ باشچىلىقىدىكى 1 - ئىسكادرون «گالاۋنى پاخودنى
زاستاپ» (باش يۈرۈش ئەترىتى) بولدى. يولباشلىغۇچىنىڭ
ئېيتىشىچە، بۇ يولدا ئادەم كۆپ ماڭمىغان، ئۇ ئۆزىمۇ مېڭىپ
كۆرمىگەن. گۇچۇڭغا تەۋە قازانقۇم دېگەن جايغا بارغىچە بول-
غان ئارىلىقتا بىر كۆل بار بولۇپ، ئۇ «ئاچچىقسۇ» دەپ ئاتى-
لىدىكەن. بۇ سۇنى ئادەم ياكى ھايۋان ئىچىپ سالسا، ئىچى
سۈرۈپ ھالسىزلىنىپ كېتىدىكەن، ھەتتا ئۆلۈپمۇ كېتىدىكەن.
ئەھۋالدىن قارىغاندا، باندىتلار ئارقىمىزدا قالغان باستاۋدىن
تولۇملارغا سۇ تولدۇرۇۋېلىپ، ئىزىنى مۇشۇ كۆل تەرەپكە سېلىپ
قويۇپ، ئەمەلىيەتتە قازانقۇم تەرەپكە كەتكەن بولۇشى ئېھتىمال.
بىزنى مۇشۇ ئاچچىقسۇدا ھالاك بولسۇن دەپ ئويلىغاندۇ، ئۇ
باندىتلار. يولباشلىغۇچى: ئالدىمىزدىكى قازانقۇمنىڭ ئىچىدە
قىمغانقۇدۇق دېگەن بىر جاي بار. بۇ يول خېلى ئۇزۇن. ئات-
لارنى ئوتلىتىپ يېتىلەپ، سۇغارماي، ئادەملەرگىمۇ سۇ ئىچكۈز-
مەي، دەم ئېلىپ – دەم ئېلىپ يۈرۈپ كەتسەك قانداق بولار-
كىن، دەپ مەسلىھەت بەردى. مەن بۇنى پولك كوماندىرىغا
دوكلات قىلىۋىدىم، پولك كوماندىرى: بولىدۇ، قىيىنالساقمۇ
ئالغا ئىلگىرىلەيلى، دېدى. «ئاچچىقسۇ» غا شۇ كۈنى چۈش



سائەت 11 دە يېتىپ باردۇق. ئۇ، خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان
كۆل بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەر ياماننى ئەمەسكەن.
ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ سۇ ئىچىپ سالماسلىقى ئۈچۈن، كۆلنىڭ
ئەتراپىغا قاراۋۇل قويۇپ، قالغانلىرىمىز كۆلنىڭ ئاياغ تەرىپى
گىرەك ئورۇنلاشتۇق. ئۇ يەردە ئوبدان دەم ئالغاندىن كېيىن،
كەچ سائەت 11 دە يۈرۈشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. بۇ قېتىم
بىزنىڭ 2 - ئىسكادرون «گالاۋنى پاخودنى زاستاپ» (باش
يۈرۈش ئەترىتى) بولۇپ، پولكتىن بىر كىلومېتىرچە ئالدىدا
ماڭدۇق. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، يولباشلىغۇچىنىڭ ئىزىنى
قول چىرىغى بىلەن پەرق ئېتىپ، ئارقىدىكىلەرگىمۇ قول
چىرىغى بىلەن بەلگە بېرىپ ماڭدۇق. ياردارلاردىن باشقا
ھەممىمىز ئاتلارنى يېتىلەپ پىيادە كېتىۋاتاتتۇق. شۇنداقتىمۇ،
ئاتلار ھېرىپ يولدا قېيقىۋېلىۋاتاتتى، ئىسكادرونلارنىڭ سېپى
ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ماڭالماي يولدا قېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ
ئىگەر - توقۇملىرىنى جەڭچىلەر يۈدۈپ ماڭدى. ماڭە - ماڭە،
تاڭ ئاتتى. جەڭچىلەر ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە
ھارغىنلىقنىڭ دەردىنى تارتقانلىقنىڭ ئۈستىگە، ئۈششۈسىدىكى
قورال، ئوق ۋە گراناتلارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ دەردىنى تارتىۋا-
تاتتى. بۇنىڭسىزمۇ، جەڭچىلەرنىڭ ئەسلىدىكى جاپالىق تۇر-
مۇشى يېتىپ ئاشاتتى: قۇملۇق چۆلنىڭ تومۇز ئىسسىقىداجەڭ-
چىلەرنىڭ ئۇچىسىدا تەرگە پىشىپ كەتكەن پاختىلىق شىم -
چاپان، پۇتىدا پايتىمىسى قالمىغان، چەمى تېشىلىپ كەتكەن
ئۆتۈك ياكى پۇتىنى قىسىپ قورۇلۇپ تۇرىدىغان چورۇق بار
ئىدى. ئۇلار كۈندۈزى كىيىپ، كېچىسى يېپىنچاقلىنىدىغان
پاختىلىق چاپىنىنى يالىڭاچ بەدىنىگىلا كىيىۋالغاچقا، چاپان-
دىكى پىتلارمۇ جەڭچىلەرگە ئارام بەرمەيتتى. دېمەك، ھايۋان
چىدىمىغان بۇ جاپاغا مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭدە چېنىققان

قەيسەر جەڭچىلىرى چىداۋاتاتتى. ھەممىدىن ئۇسسۇزلۇق بەك يامان ئىكەن. ئاتنىڭ سۈيدۈكى ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ دەپ ئاڭلىغان. بىراق، سۇ ئىچمىگەن ئاتلارنىڭ نەدىمۇ سۈيدۈكى بولسۇن!

بىزنىڭ 2 - ئىسكادىرون «باش يۈرۈش ئەترىتى» بولغىنى ئۈچۈن، 15 - ئىيۇن كۈنى قايناق ئىسسىقتا ماڭالىغان ئاتلار ۋە جەڭچىلەر بىلەن قازانقۇمنىڭ ئىچىگە ئالدىن كىردۇق. بۇ قۇملۇقتا ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىش ئىنتايىن تەس ئىدى. دەل پېشىن ۋاقتى سائەت بىردە، ئالدىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 20 — 30 دەك ئات، سول تەرىپىدە تۆگە ۋە كالا، قويلار كۆرۈندى. بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىساق، ئالدىمىزدىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا 6 — 7 دەك قازاق ئۆيى كۆرۈندى. ئەنە شۇ - قىغانىقۇدۇق ئىكەن. مېنىڭ كەينىمدىن بۇ يەرگە ئاتلىرى بىرقەدەر ياخشىراق بولغان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەر بولۇپ بىزنىڭ ئىسكادىروندىن 18 كىشى كەلدى. بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تىندى. لېكىن، قايناق ئىسسىقتا دۈشمەن تەرەپتىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى. جەڭچىلىرىمىز بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ توپلىنىۋاتقاچقا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 18 نەپەر جەڭچى - ئوفىتسېرنى ئۈچ دۆڭگە ئالتىدىن بۆلدۈم. پىلىموتچىلار ئىككى تەرەپتىن ئورۇن ئالدى، ھەر دۆڭدە ئىككىدىن جەڭچى ئات تۇتۇپ، قالغان 12 جەڭچى — ئوفىتسېر قورال تۇتتۇق. ھەممىمىز بىردەم تىنىپ - تىنچ ياتتۇق. ئاندىن پېشقەدەم ۋىزۋوت كوماندىرلىرىدىن ئىككىسىنى دەررۇ بېرىپ ئالدى ئوڭ تەرەپتىكى ئاتلارنى ھەيدەپ، ئارقا تەرەپكە (جەڭچىلىرىمىز كېلىۋاتقان تەرەپكە) ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇدۇم. دەل شۇ چاغدا پولك كوماندىرى 10 نەچچە ئاتلىق بىلەن كېلىپ، بىزنىڭ ئوڭ تەرىپىمىزگە 100 مېتر-



دەك كېلىدىغان جايغا ئورۇۋېلاشتى - دە، دۆڭگە قىزىل بايراقنى قادىتىپ، كاناي چالدۇردى. ئۇخلاۋاتقان باندىتلار دەرھال ئويغاندى. ئۇلاردىن ئىككىسى باغلاقتىكى ئىككى ئاتنى مىنىپلا ئات توپىغا قاراپ چاپتى؛ 10 — 20 دەك ئەر ۋە 2 — 3 ئايال بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىن ئورۇن تۇتۇپ، بىزگە ئوق ئېتىشقا باشلىدى. جەڭ باشلاندى. مەن ئات توپىغا ئەۋەتكەن ئىككى كىشى يېتىپ بېرىپ بولغىچە، ھېلىقى ئىككى باندىت چاققان كېلىپ، ئاتلىرىنى قايرىپ ئېلىپ كەتتى. ئاتلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، باندىتلارنىڭ ئۈلگۈرەلىگەنلىرى ئىگەرلەپ، ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى ياۋىداق مىنىپ، يارىدارلىرىنى ياۋىداق ئاتقا ئارتىپ، ھەممىسى ھېچنەرسىگە قارىماي قاچتى. ئۇلاردىن ئىككىسىگە ئوق تەگدى؛ بىزنىڭ ئىككى پىلىموتچىكىمىزنىڭ بىرى يارىلىنىپ، بىرسى قۇربان بولدى، ۋىزۋوت كوماندىرى ئەخمەتۇپقىمۇ ئوق تەگدى. شۇنداق قىلىپ، تارتقان جاپايىمىزنىڭ ھاردۇقى چىقمىدى، باندىت ئوسمان قولدىن تىرىك چىقىپ كەتتى. پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىراقسانلىقىدىن ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز بىتچىت بولدى. ئۇ كاناي چالدۇرماي 10 مىنۇت سەۋرى قىلىپ تۇرغان بولسا، باندىتلارنىڭ ئاتلىرىنى ھەيدەپ ئارقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان بولساق، ئىش تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى. 19 - ئاپرېل كۈنى گۈچۈڭدا بولغان سوقۇشتىمۇ باندىتلارنىڭ ئاتلىرىنى بىز تەرەپكە ھەيدەپ كېلىشكە ئەقىل كەملىك قىلىپ، 200 دىن ئارتۇق باندىت قولدىن تىرىك چىقىپ كەتكەنىدى. بۈگۈنكى (15 - ئىيۇندىكى) ئاخىرقى جەڭدىمۇ شۇنداق بولدى. «ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى ۋىجدان تارتىدۇ» دېگەندەك، پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ ئۆزىمۇ ۋىجدانەن خېلى ئازابلاندى (پولك كوماندىرى، گۈچۈڭدىن ئالدىمىزغا ئاشلىق ئەكەلگەن جەڭچىلەرمىكىن

دەپ ئويلاپ، ئەبەيدۇللايوۋ بىلەن تۇتۇشۇپ قالمىسۇن دەپ، كاناي چالدۇرغان ئىكەن)

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەممە قابىل كۈچلىرىدىن، خەلقتىن ۋە قارام كۈچلىرىدىن پەيدىنپەي ئايرىلىپ كېلىۋاتقان باندىت ئوسماننىڭ ئاخىرىدا — قىنغانقۇدۇقتا پۈتۈن ئۆي سەرەمجانى ۋە دەپى-دۇنياسىدىنمۇ ئايرىلىپ، بىرجان - بىرتەن بولۇپ، بىر ئات، بىر مىلتىق بىلەنلا قاچقان. بىزنىڭ 2 - ئىسكادىرون باندىت ئوسماننىڭ ياتقان ئۆيىگە بېرىپ، قازاندا قايناۋاتقان شورپا، كاتەلدە سۈت، ئوچاقتا ئوتنىڭ شۇ پېتىم قالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى مۈلۈكلەرنىڭ قالغانلىقىنى ئېنىقلىدى: ئېگىشلىق بوغچىلاردىن باشقا، نۇرغۇن گىلەم، 10 نەچچە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، يېرىپ تاشلاپ قويۇلغان چامادانلار (ئېھتىمال چامادانلارنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا ئالدىراپ، ئۇلارنى يېرىپ ئىچىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن)، بىر دانە سىمسىز رادىئو، 700 دىن ئارتۇق قوي - ئۆچكە، 13 دانە تۆگە، 10 نەچچە ئۆكۈز، ئۈچ دانە پىلىموت، ئىككى دانە ئاپتومات، بىر تانكا ئاتار (پىتىر)، بىر قانچە قىلىچ ۋە باشقا نۇرغۇن ئۇششاق نەرسىلەر. بۇ غەنىيمەتلەرنى پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلىپ، پولك شتابىغا ئەينەن تاپشۇرۇپ بەردۇق.

باندىت ئوسمان قېچىپ كېتىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن، سول تەرىپىمىزدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. دەرھال مۇئاۋىن ئىسكادىرون كوماندىرى جۇمەك پالتۇنى بىر ۋزۋوت بىلەن ئەۋەتكەندىم. ئۇلار باندىتلارنى ئۇچرىتالماي، 15 ياشلىق بىر قازاق بالىنى تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ بالىنى ئوسمان باندىتىنىڭ ئۈچ نەپەر باتۇرى بىر تەرەپكە غەرەزلىك ھالدا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى قوم دۆۋىسىنىڭ كەينىدە مۆكۈنۈپ قالغانىكەن. بۇ با-



لىنىڭ شتابتىكى سوراقتا ئېيتىشىچە، باندىت ئوسمان بىلەن باندىت جانىمقان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىككى جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى 4 — 5 يۈز مېتىرچە كېلىدىكەن. لېكىن، قوم دۆۋىلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنى بىلەلمەپتىمىز. جانىمقاننىڭ باندىتلىرى ھېچنېمىنى قويماي يىغىشتۇرۇپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ، قاچار چاغدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئوق چىقارغانىكەن. ئوسمان ۋە جانىمقان باندىتلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 30 دەك ئادىمى قاپتۇ، ئۇلارنىڭ قورال تۇتىدىغانلىرى 20 چە بار ئىكەن. «ئۇلار بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بىز تەرەپكە قاراۋۇل چىقارمىدى؟» دەپ سورىساق، بۇ بالا: «باشلىقلار: بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلار «ئاچچىقسۇ» دىن ئۆتكىچە ئۆلۈپ تۈگىدى، بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. ئەمدى كەلسە، گۇچۇڭ تەرەپتىن كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، گۇچۇڭ تەرەپكە قاراۋۇل چىقارغان» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ بالا ئۆتكەن كۈن بىزگە ئەسىر چۈشكەن چال بىلەن كەمپىرنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان بالىسى ئىكەن. بۇ بالىنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر نەپەر قاراۋۇلدىن پولك شتابىغا ئەۋەتىپ بەردۇق. بىزنىڭ ئارقىدا قالغان جەڭچىلىرىمىز ئاتلىرىنى يېتىلەپ، 15 - ئىيۇندىن 17 - ئىيۇنغىچە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاران كېلىپ بولدى. 18 - ئىيۇن كۈنى پولك كوماندىرى 4 - ئىسكادىروننى باشلاپ، گۇچۇڭ تەرەپتىكى ئېشەككۇدۇققا قاراپ يولغا چىقتى؛ بىز 2 - ئىسكادىرون كەچ سائەت 5 لەردە قىنغانقۇدۇقتىن قوزغىلىپ، پولك شتابى ئورۇنلاشقان جايغا يېتىپ باردۇق. 19 - ئىيۇن كۈنى خەلق

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى تۆگىلەرگە ئاشلىق ئارتىپ يېتىپ كەلدى، ھەممىمىز بىر كۈن دەم ئالدۇق. قىغانقۇدۇقتا دەم ئېلىپ قالغان 1 -، 3 -، 5 - ۋە 6 - ئىسكادىرونلار 20 - ئىيۇن كۈنى ئېشەكقۇدۇققا قاراپ يولغا چىققانىكەن، سۇسىز قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ھېرىپ ئارقىدا قالغان ئادەم ۋە ئاتلارغا سۇ توشۇپ بېرىپ، ئۇلارنى شتابقا يېتىشتۈرۈۋالدۇق. پولك بويىچە ھەممەيلەن كېلىپ تولۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، 21 - ئىيۇن كۈنى سائەت ئىككىلەردە قۇمدىن چىقىپ، دەرەخلىك، ئوت - چۆپلۈك ۋە ئېقىن سۇلۇق گۇچۇڭ دائىرىسىگە يېتىپ كەلدۇق ۋە گۇچۇڭ يېزىلىرىنىڭ چېتىگە ئورۇنلاشتۇق. 22 - ئىيۇندىن 26 - ئىيۇنغىچە بەش كۈن دەم ئالدۇق. 27 - كۈنى بۇيرۇق بويىچە گۇچۇڭغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىدا تۇرساق، مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئاپتوموبىل يازلىق كىيىم كېلىپ قالدى. 28 - ئىيۇن كۈنى ئەتىسىگەندىلا يازلىق كىيىم تارقىتىلدى. شۇ كۈنى سائەت توققۇزدا گۇچۇڭغا قاراپ يولغا چىقىپ، چۈش سائەت 12 دە گۇچۇڭغا يېتىپ باردۇق. گۇچۇڭدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە خەلقلەر ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مال دوختۇرلۇق پونكىتى باشلىقىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ھەممە ئاتلارنى يىغىپ، سىرتتىكى چۆپلۈكتە بېقىشقا تاپشۇردۇق؛ شۇ كۈندىن باشلاپ ھەربىي ئىنتىزام، كوچا قاراۋۇللۇقى، ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشلار بىلەن شۇغۇللانغاچ، دەم ئېلىپ ئۆتتۇق.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پولك كوماندىرى يۈسۈپوپ ھەممە ئىسكادرون كوماندىرلىرىنى يىغىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇردى:



## باندىتلار توغرىسىدىكى ئەھۋال

1) باندىت ئوسمان بارىكۆل بىلەن ئارا تۈرۈك ئارىلىقىدا قورشاۋغا ئېلىنىپ قولغا چۈشتى، بالىسى يارىدار بولدى.

2) جانىمقانىمۇ بارىكۆلنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە قولغا چۈشتى.

3) باندىت باشلىقلىرىدىن قاپاس، چىپار، رەخىم دېگەنلەر 20 نەچچە ئادىمى بىلەن تەسلىم بولدى، يەنە بىر قانچىسى ئۆلدى، ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرى غەنىمەت ئېلىندى؛ مانا تەشۋىقات ئۈنۈمىنى قارشى ئالىدىغانلىقى، ھۆكۈمەت سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بارلىق قوراللىرىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

4) ئىشپىيونلار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇردى. بۇغدا تېغىغا قېچىپ چىقىۋالغان كىرژاكلاردىن خەۋەر يوق.

5) يولۋاس 200 دەك قوراللىق ئادىمى بىلەن قۇمۇلنىڭ شەرقىدىن شىنچىڭنىڭ شەرقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاغلاردىن ئورۇن ئالغان. ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەقسىتى — شۇ ئىككى ئوتتۇرىدىن گەنسۇنىڭ ماجۇڭسەن تېغىغا چىقىش؛ ئەگەر ئۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، شىزاڭغا قېچىپ كېتىش ئىكەن.

## خىزمەت توغرىسىدىكى يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش

1) يۇقىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ «ھەممە سۇلۇق ۋە چۆپلۈك يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، يولۋاسنى قورشاپ يوقىتىش» دېگەن بۇيرۇقىغا بىنائەن، گەنسۇدىكى 3 - كورپۇس 12 -

ئىيۇلدىن باشلاپ بارلىق ئورۇنلارنى ئىشغال قىلىشقا كىرىشتى.

2) بىزنىڭ 40 - پولكنىڭ قومۇلدىكى 3 - باتالىيونىنىڭ بىر روتىسى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن بىر باتالىيون قوشۇلۇپ، قومۇلنىڭ شىنچېڭدىن ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇ ھۇجۇم بۈگۈن (15 - ئىيۇل) دىن باشلاپ تۆت تەرەپتىن تەڭ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر ئاتلىق باتالىيون قوغلاشقا كىرىشتى.

3) باندىتلار 8 - ئاي ئىچىدە تامامەن يوقىتىلىدۇ.

4) ئورۇمچىگە قاچان قايتىش توغرىسىدا ئايرىم بۇيرۇق بېرىلىدۇ. باندىت يوقىتىش خىزمىتىدىن تولۇق خاتىرە قالدۇرۇلىدۇ.

* * *

1950 - يىلى 11 - ئايلاردا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىن شىنجاڭنىڭ باندىت يوقىتىش ئەھۋالىنى كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن بىر كىنو ئىشلەش ئەترىتى كەلگەنىكەن. پولك كوماندىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇنىڭغا سابىق مىللىي ئارمىيە (كېيىنكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسى) غا ۋەكالىتەن بىزنىڭ ئىسكادرون پۈتۈن تەركىبى بىلەن قاتنىشىدىغان بولدى. مەن ئىسكادرونىمىز شتابىدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرگە مىللىي ئارمىيىنىڭ قىشلىق پورمىلىرىنى تولۇق كىيدۈرۈپ (شۇ چاغدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىدە بولساقمۇ، كىيىملىرىمىز تېخى ئۆزگەرتىلمىگەنىدى)، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا بېرىلگەن مېداللارنى ئاستۇرۇپ، ئۇلارنى قول پىلىموتى، ئاپتومات، مىلتىق، گرانات ۋە قىلىچلار بىلەن تولۇق قوراللاندۇرۇپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇ-



رۇپ، جەڭگىۋار ۋە روھلۇق قىياپەتتە تەييارلىدىم. ئەتىسى ئاپتوموبىللار بىلەن فۇكاڭغا بېرىپ، شۇ يەردىكى ئاتلىق پولكنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ، فۇكاڭنىڭ تاغلىق ۋە قارلىق داللىرىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم خەنزۇ قىسمى بىلەن بىللە، باندىت يوقىتىش جېڭىنىڭ دەسلەپىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى ھەرىكەت بىلەن كۆرسىتىپ كىنوغا چۈشتۇق. بۇ، باندىت يوقىتىش جېڭىنىڭ جاپالىق ئەمەلىيىتىگە قاتناشقان بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر ئۈچۈن زور ئىلھام بولدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتىدىن)

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئى. ئەسقەرى**
جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنى ئەسلەيمەن

(ئەسئەت ئىسھاقوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئابلىمىت ھاجىيوۋ

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ تاتار مىللىتىدىن چىققان زىيالىي بولۇپ، ناھايىتى ياخشى خىزمەت ئۇستىلىغا ئىگە ئىدى. ئۇ، خىزمەتكە بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئاما بىلەن چىقىشقاقلىقى، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئۇستىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان سادىقلىقى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قىزغىن سۆيۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1921 - يىلى 1 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1935 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باشقا كۇرسلاردا ئوقۇغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا ئەنۋەر خانبابا، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئۆز خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا شەھىرىگە ئوقۇشقا بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي رۇس تىلىنى ناھايىتى تېز



ئۆگىنىۋالدى. مۇئەللىملەر ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ھەيران قالاتتى ھەمدە مەكتەپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇيتتى. ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپنى ئالتۇن مېدال بىلەن تۈگەتكەن، مەكتەپ گېزىتىگە ماقالە يېزىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ يېتەرسىز جايلىرىغا ياردەم بېرەتتى ۋە تەرتىپ - ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈرغىلى ئەپەندى دېموكراتىك زات بولۇپ، مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قامىلىپ، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوقۇش خىراجىتى ئەۋەتىلمەي قالغاندا، ئۇ باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش قايتىپ كېلەلمەي، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، ئوقۇشنى تاماملاپ 1941 - يىلى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ۋەتەن سۆيۈش روھى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. كېيىن ئاتا - ئانىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەندە، ئۇ كەتمەي، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشلەپ، زور تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقاندا قوبۇل قىلغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي ماركسىزم - لېنىنىزمچى بولۇشقا ئەستايىدىل تىرىشقانىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇش جەريانىدا تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، مەكتەپ ئىچىدە ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈندى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1941 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ «خائىننىڭ بالىسى» دەپ بەدنام چاپلىشى ئارقىسىدا ئائىلىسى بىلەن كورەگەسۈرگۈن قىلىندى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئىلىغا بارغاندىن كېيىن، دەسلەپتە تاتار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1944 - يىلى 11 - ئايدا پارتلىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆرىشىگە قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ كاتىپى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ رۇسچە تەرجىمانى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، «ئىلى گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، سەنمۇجاڭ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك «ئازادلىق ئوردېنى» ۋە 1 -، 2 - دەرىجىلىك ئالتۇن ھەم كۈمۈش ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ئۇ، 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك سۈپىتى بىلەن رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە باش قوماندان جۇدېلارغا تەبرىك تېلېگرامما يوللىغان. رەئىس ماۋ زېدۇڭمۇ ئەسئەت ئىسھاقوۋغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنىدى (ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەبرىك تېلېگراممىلىرى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى).

ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئاساسىي كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەيلى كادىرلار ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ئامما ئىچىدە بولسۇن، دائىم ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر مىللەتكە قارشى ئىنقىلاب بولماستىن، بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى يولداشلارغا تەشۋىق قىلاتتى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ



كۈچەيتىش بىلەن، سىياسىي جەھەتتە ھاكىممۇتلەقلىك، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىق، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىك، ئىقتىسادىي جەھەتتە باي، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ ئالغا باسقان يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشى جەھەتتە ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن بىرلەشكەندىلا ھەمدە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغاندىلا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ رەئىسلىكىدە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ نىزامنامىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەنىدى. يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە، قىيىنچىلىق شارائىتتا خىزمەت ئىشلەپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئىنتايىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى خۇددى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىغا ئوخشاش قاراپ، ئۇنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئەستايىدىل ياردەم قىلاتتى. بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئېيتىپ ئۆتەي: 1946 - يىلى 8 - ئايدا، «11 ماددىلىق بىتىم» ئاساسىدىكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرۇش قىلىپ، 1945 - يىلى چۆچەك ئازاد قىلىنىش ۋاقتىدا چۆچەكتى-

كى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، ساقچى ئەمەلدارلىرى، ھەربىي ۋە ساقچى قىسىملىرى، خىزمەتچى خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 4000 گە يېقىن كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەختى چېگرا پونكىتى ئارقىلىق سىياسىي پاناھلىق ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، بۇلارنى چۆچەك چېگرىسىدىن قايتىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن كېلىشلىگەنلىكى ھەمدە 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقى، بۇلارنى ماناسقا قەدەر يەتكۈزۈپ بېرىشكە كېتىدىغان خىراجەت ئۈچۈن 40 مىليون گوۋنجىڭ پۇلىنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئارقىلىق ئىلى مەركىزىي بانكىدىن تاپشۇرۇۋېلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. مەن مۇشۇ ئىش بىلەن 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئىلىغا بارغانىدىم. لېكىن، ئايرىم كىشىلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن، ئاقچا يېتىپ كەلمىدى دەپ ھەل بولماي، بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ قالدىم. ۋاقىت ناھايىتى قىسقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، تولا ئويلاپ تىت - تىت بولۇپ كەتتىم. بۇ مەزگىلدە ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ئىدى. ئۇ ماڭا: «بۇ ئىشنى مۇئاۋىن ۋالىيلار ئىچىدە مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان كىشى غەرەزلىك ھالدا ئارقىغا سۈرەۋاتىدۇ. بۇ پۇل ئاللىقاچان ئىلى مەركىزىي بانكىغا كېلىپ بولغانىدى. مەن سېنى باش ۋالىيغا يولۇقتۇراي، سەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتساڭ ھەل بولۇشى مۇمكىن» دېدى. مەن ئەھۋالنى باش ۋالىيغا ئېنىق ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ مالىيەگە مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىينى چاقىرتىپ دەرھال ھەل قىلىپ بېرىشنى تاپشۇردى، ئەتىسى بۇ مەسىلە ھەل بولۇپ، ئاقچىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆز ۋاقتىدا



چۆچەككە يېتىپ باردىم. ئەگەر كېچىكىپ قالىدىغان بولسام، ئىككى تەرەپنىڭ توختامى بويىچە تاپشۇرۇپ بېرىش - ئېلىش خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكەن بولاتتى. ئەسئەت ئىسھاقوۋ يول كۆرسىتىپ ياردەم قىلمىغاندا، بۇ مەسىلە ئۇنداق ئوڭاي ھەل بولمايدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ بۇ ياردىمىدىن بەك رازى بولغانىدىم.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1950 - يىلى 1 - ئايدا يولداش دېڭ لىچۈننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن بولۇپ، پارتىيىگە چەكسىز سادىقلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىگەنىدى.

ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزاسى ھەم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇ كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل ئىدى. تەنقىد - ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇ، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە خەلققە پايدىلىق كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئۇ، خەلقچىل بولۇپ، ھەربىر قەدىمىدە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتاتتى. ھەمىشە ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ،

خىزمەتلەرنى تەكشۈرەتتى، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايتتى؛ كەمتەر، ئاددىي - ساددا بولۇپ، ئاما بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى.

خىزمەت جەريانىدا يولداشلارغا ۋە ئۆزىگە ئېغىر تەلەپ قوياتتى. مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاشنى دائىم تەكىتلەيتتى ھەم ئۆزى باشلامچىلىق رول ئوينايتتى.

ئۇ، 1954 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندا، زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلىغانىدى. ئۇ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى يىغىنچاقلاپ يۇقىرىغا يەتكۈزگەنىدى. خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەربىر قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى خەلق ئاممىسىغا ئەستايىدىللىق بىلەن يەتكۈزۈش خىزمەتلىرىنىمۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ۋەكىلى بولۇپ، ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ كۈرەش قىلاتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە پانتۈركىستىك، پان ئىسلامىزملىق كۆز قاراشلارغا مۇرەسسەسىزلىك بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلغانىدى.

ئۇنىڭ ئىرادىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندىمۇ ئۆزىنىڭ توغرا كۆز قارىشىدا تەۋرەنمەستىن قەتئىي چىڭ تۇراتتى. ھەرگىز ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ياكى باشقىلارنىڭ پىكىرىگە قارىغۇلارچە قوشۇلۇپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى. دادىللىقىمۇ



ئۇنىڭ ئالاھىدە بىرخىل ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، ھەرقانداق گەپنى شۇ مەيدان، شۇ كىشىنىڭ يۈزىدىلا ئېيتاتتى، يۈز - خاتىرە قىلمايتتى ياكى باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئانچە بەك قورقمايتتى.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ ئاجايىپ ياخشى خىزمەت ئىستىلى ۋە ئۇسۇلى بار ئىدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، مەيلى ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتىدە بولسۇن، مەيلى يەر ئىسلاھاتى، ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىدە بولسۇن، جان - پىدالىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە يۇقىرىدىقى خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىنتايىن ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرغانىدى.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۆزى دۇچ كەلگەن ھەرقانداق مەسىلىلەردە چوڭقۇر ئويلاپ، ئالدى بىلەن چوڭ ئومۇملۇققا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، شۇ ئاساستا ھەل قىلاتتى. باشقا يولداشلار ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ مۇشۇنداق خىزمەت ئىستىلىدىن رازى بولاتتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، سولچىللىق سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭدا ئىدىيىۋى تونۇشقا ياتىدىغان بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئوخشاش ئومۇمىي ۋە چوڭ ئىشقا ياتىدىغان مەسىلىلەردە ھەرگىز ئىككىلىنىپ باققان ئەمەس.

ئۇ، ئۆزىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ،

كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان. ئۇ، مۇشۇ ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەمكىنلىك بىلەن بىر - بىرلەپ ھەل قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ھەر دائىم سوراشتۇرۇپ تۇرغان.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى باشقۇرغان ۋاقىتلىرىدا، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا بولسۇن ياكى مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ئىنتايىن باش قاتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۆز پىكىرلىرىنى پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن خەنزۇچە بىلىدىغان ياكى ئاز - تولا خەنزۇچە بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى بېيجىڭ، شاڭخەي، خاربىن، شىنياڭ، چاڭچۈن، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتتى. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەنە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، بىۋاسىتە مىللىي تىلدا ئوقۇتۇپ تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ كۈچ چىقاردى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت پروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور، دوكتور، ئىنژېنېر ۋە باشقا پەن - تېخنىكا ئىگىلىرى ئازادلىقتىن كېيىن ئىچكى



ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەردۇر. 1956 - يىلى كونا يېزىقنى ئۆزگەرتىش، ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقنى قوبۇل قىلىپ قوللىنىش توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مۇنازىرە، تالاش - تارتىش بولغان ئىدى. بۇنىڭدا يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ كۆز قارىشى مۇنداق بولغان: «ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ساۋاتسىزلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ يېزىلاردا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا جايلاردا بۇ ئىشلار تېخى دېگەندەك قولغا ئېلىنمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقىنى يېڭى يېزىققا ئۆزگەرتىشنىڭ تېخنىكىلىق جەھەتتىكى تەييارلىقى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، كونا يېزىقنى يېڭى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ئالدىراقسانلىق بولۇپ قالارمىكىن. ھازىرچە كونا يېزىقنى قوللىنىپ تۇرۇپ، شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن ئۆزگەرتسەك ياخشى بولارمىكىن، مۇشۇنداق قىلغاندا، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق» دەپ قوشۇلمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئايرىم رەھبىرىي يولداشلارنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقىنى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى. لېكىن، ئەمەلىيەت بۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 20 يىلدىن كېيىن يەنىلا قايتىدىن كونا ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇق. مۇشۇ 20 يىلدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كەلدۇق. نەچچە يۈز مىڭلىغان ياش - ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلار كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان بولۇپ

قالدى. شۇنداق قىلىپ، بىر ئائىلىدىكى كىشىلەر ئىچىدە ئاتا - ئانا ۋە چوڭلار يېڭى يېزىقنى تونۇمايدىغان، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلار كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. نەتىجىدە بىر ئائىلىدە يېرىم ساۋاتسىزلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. كونا يېزىقنىڭ قايتىدىن قوللىنىلغىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، تا ھازىرغا قەدەر بۇ مەسىلە ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. شۇ ۋاقىتتا يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ كۆز قارىشى خاتا دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەت ئىشلەشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ «ئىشخانىدا ئولتۇرغان بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگىلى بولمايدۇ»، «مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايتتى. مەن بىر قېتىم ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يېزا خىزمىتى يىغىنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم. ئۇ مەجلىستە ئولتۇرۇپ ماڭا «ئۇچتۇرپانغا بېرىپ كېلىمەن» دېدى. مەن: مەجلىستىن كېيىن بارسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، دېسەم، ئۇ: «ياق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن ئاقچى ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا يايلاق تالىشىش مەسىلىسى بارىكەن، ئۇنى تەكشۈرۈپ ھەل قىلىڭ، دەپ ماڭا تاپشۇرغانىدى. شۇنىڭغا ۋاقتىدا بېرىپ ھەل قىلمىسام بولمايدۇ» دەپ ئۇچتۇرپانغا كەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نەدە مۇشۇنداق مەسىلە چىقسا يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ ھەل قىلىشىغا ھاۋالە قىلاتتى. بۇنداق مەسىلىلەر جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن بېرىپ، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىشىپ، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ،



ئاندىن كېيىن ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. نەتىجىدە، تالاش - تارتىش قىلغان ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن رازى بولاتتى.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ پارتىيىگە چەكسىز سادىقلىقى، خەلق ئاممىسىغا چەكسىز ساداقەتمەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆزىگە ناھەق ئارتىلغان جىنايەتلەرگە دەرھال رەددىيە بەرمەستىن، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي ئاساستا جاۋاب بەردى.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش توغرىسىدا تەلەپنى قاتتىق قوياتتى. پەرزەنتلىرىگە ئۆزىنى ئاممىدىن يۇقىرى تۇتماسلىق، كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ تۇراتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ ماشىنىسىنى «ئىسيانچى» لار تارتىۋېلىپ، پىيادە يول مېڭىشقا توغرا كەلگەندە، ئوغۇل - قىزلىرى نارازى بولىدۇ. يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ شۇ چاغدا: «مەن شۇنچە يىلدىن بېرى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەلگەندە ھەرقايسىڭلاردىن بىر ئېغىز گەپ چىقمىغانىدى. ئەمدى بىرقانچە ئاي پىيادە يول يۈرگەندە نېمە ئۈچۈن نارازىلىق قىلىشىسىلەر» دەپ بالىلىرىغا تەنقىد بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

يولداش ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ، ھەر قانداق ۋاقىتتا ماختىسا خۇرسەن بولىدىغان، تەنقىد قىلسا خاپا بولۇپ نارازىلىق قىلىدىغان ئىشلاردىن خالىي ئىدى ھەمدە بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى. ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھەرگىز تەقدىرلىنىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا:

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە، بولۇپمۇ يېقىندا غەربىي شىمالدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى مۇناسىۋىتى بىلەن جانابلىرىنى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى تەبرىكلەيمەن. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا دېموكراتىك يېڭى تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان بولساقمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسى زۇلمى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللىي جەھەتتىن بوزەك قىلىشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئاياغ ئاستى قىلىشى قاتارلىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئۇچراپ تۇرغانىدۇق. بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلدى. بارلىق خەلقىمىز ئۆلكىمىزدىكى ھۆكۈمەت بىلەن گومىنداڭ كونا ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە بويسۇنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چەكسىز خۇشال - خۇراملىققا چۆمدى ھەممە مىسلىسىز تەنتەنىلىك ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزدۇق. خەلق كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى ھىمايە قىلدى ۋە تەبرىكلىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جانابلىرىغا ئەڭ چوڭ رەخمەت ئېيتقاندىن باشقا، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى جانابلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلگىرى كەتكەن ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن باراۋەر بولۇش ئاساسىدا، يېڭى



تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى

ئەسئەت ئىسھاقوۋ.

1949 - يىل 28 - سېنتەبىر، ئىلىدىن.

رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى:

ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئەپەندىگە ھەمدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دىكى بارلىق يولداشلارغا ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى بارلىق قېرىنداشلارغا:

تەبرىكلىگىنىڭىزگە رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بىر مۇھىم تۆھپە. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ، خەلق دېموكراتىك يېڭى شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشىنى تىلەيمەن.

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل، 21 - ئۆكتەبىر.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# پودپولكوۋنىڭ يۇسۇپجان ياسىنوۋنىڭ هاياتى توغرىسىدا

شېرىپ خۇشتار

## (1)

پۈتۈن هاياتىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىنقىلاب يولىغا بېغىشلىغان ماهىر رازۋېتچىك، پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ياسىنوۋ 1919 - يىلى (؟) سۇيدۇڭدە تەرەققىيپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن، ئائىلىسىنىڭ بورتالاغا كۆچۈپ بېرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بالىلىق هاياتىنى بورتالادا ئۆتكۈزگەن.

يۇسۇپجان ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، بورتالادىكى بىر دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ، دىنىي ئوقۇش داۋامىدا دىنىي بىلىم ئېلىش بىلەن بىرگە، دىنىي مەكتەپتە يېڭىدىن يولغا قويۇلغان① پەننىي دەرسلەرگىمۇ قىزىقىدۇ - دە،

① 1980 - يىلىدىن باشلاپ باۋۇدۇن موسا بايۇپلارنىڭ بېۋاسىتە قول تىقىشى بىلەن ئىلى، قەشقەر، قاتارلىق چوڭ شەهەرلەردىكى مەدرىسلەردە پەننىي دەرسلەر قوشۇپ ئوقۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، كىچىك شەهەرلەردە ئومۇملاشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەننىي مەكتەپمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، بورتالادىكى دىنىي مەكتەپكە پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئوقۇش يېڭىدىن تەسىس قىلىنغانىدى.



ناهايىتى تېزلا خەت ساۋاتىنى چىقىرىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن دادىسى رۇسىيىدە (تاشكەنت، قازان، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا) نەشىر قىلىنغان دەرسلىك كىتابلار ۋە هەرخىل ژۇرنال - گېزىتلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ. كىچىكىدىن زېرەك ۋە تىرىشچان ئۆسكەن يۇسۇپجان تىرىشىپ كىتاب ئوقۇيدۇ، گېزىت - ژۇرناللار كۆرۈپ دۇنيانى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. قىيىن مەسىلىلەرگە دۈچ كەلگەندە دادىسىدىن سوراپ چۈشىنىدۇ.

يۇسۇپجاننىڭ دادىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە رۇسىيىدە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ جەريانىدا هەر ساهەدىكى ئاتاقلىق شەخسلەر بىلەن هەمسۆهبەتتە بولۇپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي هاياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى كۆرگەن، ئۇنىڭدىن قىسمەن يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات كۆزقارىشىغا ئىگە بولغان، يەنى بالدۇرراق ئويغىنىپ، يېڭى مەدەنىيەت يولىغا ماڭغان كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئوغلىغا، ئۆزىدىكى يېڭى ئويغىنىش هېسسىياتىنى سىڭدۈرۈش مەقسىتىدە، رۇسىيىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىدىن سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە يېڭى تۇيغۇ هاسىل قىلغانىدى. دادىسىنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، يېڭىلىققا قىزىققان يۇسۇپجان رۇسىيە تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلاپ، رۇس تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ.

30 - يىللاردىكى قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇرتكىسى ئارقىسىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، جاي - جايلاردا پەننىي مەكتەپ قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئەهۋال يۇسۇپجاننىڭ يېڭى بىلىم ئېلىشقا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

نەتىجىدە، يۈسۈپجان بورتالادا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىق تالانت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىرگە، روس تىل - يېزىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ.

1936 - يىلى ئۇنىڭ كۈتكەن پۇرسىتى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، 3 - تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، تاشكەنتكە بېرىپ ساگۇ (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ سىياسىي قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇشى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىپ، سىياسىيون ھەم ناتىق بولۇپ ۋەتەنگە قايتىدۇ.

1938 - يىلى ئۈرۈمچىدە سىياسىي- قانۇن ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ. كېيىن ئۇ، ئىلىغا يۆتكىلىپ 1942 - يىلغىچە يەنىلا سىياسىي-قانۇن خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شېڭ شىسەي ئىنقىلابتىن ئوچۇق - ئاشكارا يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا، كۆپلىگەن ئىلغارلار قولغا ئېلىنىدۇ، قاملىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ. زۇلۇمدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلار قۇتۇلىدۇ، شۇنداق شارائىتتا، بىر بۆلۈم ئىلغارلار ئازادلىق يولى ئىزدەپ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشىدۇ. شۇ چاغدا يۈسۈپجانمۇ قولغا ئېلىنىش ئوبيېكتى ئىدى. چۈنكى، ئۇ روسىيىدە ئوقۇغان ئىلغار ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ ھەم ئىلىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ بىر گۇرۇپپىسىغا قوشۇلۇپ، سىياسىي پائالىيەت ۋە «ئاخبا- راتچىلىق» بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەشكىلاتنى مۇھىم ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1944 - يىلى نويابىردا قوزغالغان ئىلى خەلق قوزغىلىڭى ھەر قايسى سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ،



نەتىجىدە يۈسۈپجان ياسىنوۋ سوۋېدۇك پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ ئاددىي جەڭچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

بۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيە غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپە دۈشمەننىڭ جىڭ، شىخۇدىكى ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىش ئىدى. دۈشمەننى يوقىتىشتا دۈشمەننىڭ سىرىنى بىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. قوماندانلىق شتاب دۈشمەننىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن، دۈشمەن ئارقا سېپىنى رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈسۈپجان ياسىنوۋغا تاپشۇرىدۇ. يۈسۈپجان چاقماق تېزلىكىدە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە (ئۇ چاغدا كەڭساي ئېغىزى، ۋۇتەيدە دۈشمەن ئالدىنقى رازۋېتى بار ئىدى) ئۆتۈپ بورتالا، ئارشاڭ، چىڭشۇ، جىڭ، شىخۇ قاتارلىق جايلاردا دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىدۇ (دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەرلىك مەلۇمات توپلايدۇ). دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جىڭ، شىخۇغا ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ جىڭنى ساقلاۋاتقان بىر دىۋىزىيە قىسمىنى يوق قىلىپ، شىخۇغا يۈرۈش قىلىدۇ. 5 - كۈنى شىخونى ئىشغال قىلىپ، قالدۇق دۈشمەننى قوغلاپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كېلىپ، بۇيرۇققا بىنائەن بۇ جاينى ئالدىنقى لىنىيە قىلىدۇ.

بۇ كۈنلەردە يۈسۈپجان بورتالا ساقچى ئىدارىسىنىڭ كادىرى نامىدا بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردا ئىچكى رازۋېتكا (تازىلاش) خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتاب رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، غۇلجا مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ رازۋېتكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىنقىلابنى قورال

كۈچى بىلەن يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۈلھە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1946 - يىلى گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالايدۇ، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. مۇشۇنداق بولسىمۇ، گومىنداڭ تەرەپ ئۆزىنىڭ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، بارلىق ئاماللارنى قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلاپ يوقىتىش نىيىتىگە كېلىدۇ ۋە ئوسماننىڭ ئىلى تەرەپكە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوسماننى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئوسماننىڭ قولى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پارچىلىماقچى بولىدۇ.

(2)

1945 - يىلى 10 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئوسماننىڭ گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرلىرى (سۇڭ شىلىيەن، جاڭ جىژجۇڭ) بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات ئالىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئىككى تەرەپكە «ئوسماننى ھۈركۈتمەسلىك، گومىنداڭغا چاندۇرماسلىق» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئوسمانغا نىسبەتەن بىر تەرەپتىن سۆھبەت ئارقىلىق ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سىياسىي ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تاقابىل تۇرۇش؛ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئۈچ ۋىلايەتنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئوسماننى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەيئىتى قىلىپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، تەلەپنى قاتتىق قويۇپ



گومىنداڭنى ئوسمان توغرىسىدا دىلغۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئەخمەتجان قاسىمى، ئوسمان بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە گېنېرال ئىسھاقبېك مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىدە گېنېرال جاڭ جىژجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئوسماننى قورال - ياراق، ھەربىي ھەم تېلېگراف خادىملىرى بىلەن تەمىنلەشنى گېنېرال سۇڭ شىلىيەنگە تاپشۇرىدۇ ھەم بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي ساقلاش ئۈچۈن، تاۋسىيۇ بىلەن سۇڭ شىلىيەنگە بۇيرۇق بېرىدۇ. سۇڭ شىلىيەن ما چىڭشاڭ باشچىلىقىدىكى 1 - ئاتلىق دىۋىزىيە تەركىبىدىكى ماشىجىن باشچىلىق قىلغان ئىشپىيونلۇق لىيەنىنى بەيتىك ئەتراپىنى تۇرالغۇ قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋە تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا قىسىملىرىنى داۋاملىق چارلاش، ھەربىي ئاخبارات توپلاشقا ئەۋەتىدۇ. يەنە ئوسماننىڭ يېنىدا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ھەربىي باشقارما (بۇ ھەربىي باشقارما ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيونلۇق ئورگان بولۇپ، نامدا شىنجاڭ گارنىزون سىلىڭبۇسىنىڭ بىر باشقارمىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى ئۈرۈمچى ئىشخانىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئىدى) باشلىقى يۈي دەنگە ئۈچ رادىست ۋە رادىئو گراما قاتارلىقلارنى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىشپىيونلار ئوسماننىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، ئوسماننى يېتەكلەش بىلەن ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىشتىن تاشقىرى، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت چېگرىلىرىدا ئىشپىيونلۇق ھەرىكەت

ئېلىپ باردى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىنتايىن زور سەۋرچانلىق بىلەن ئوسمانغا تەربىيە ئىشلەپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن، ئوسمان بۇنى رەت قىلدى. ئۇ ھەر خىل يوقىلاڭ سەۋەب ۋە چەكتىن ئاشقان تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك تەبىئىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

شۇ چاغدىكى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىپ بولمايدىغان «دوست ـ دۈشمەن» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئوسمان بىر تەرەپتىن ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، قازاق خەلقىنى كۆچۈرۈپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ. بۇ ئىشلار تىنچ تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان قازاق خەلقىگە ھەقىقەتەنمۇ بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ.

مۇشۇنداق پەيتتە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى باش رازۋېتكا بۆلۈمى باشلىقى، پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ياسىنوۋنى ئالتاي 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكلىكىغا تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ئوسماننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئالتايغا بارغاندىن كېيىن گېنېرال مايور دەلىلقانغا ياردەملىشىپ، ئالدى بىلەن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىنتىزامچانلىقىنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە بۇ خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ،



خىزمەت داۋامىدا كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە «خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەر» دېگەن تېمىدا سىياسىي دەرس ئۆتىدۇ. شۇنداقلا ئالتاي ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئېنىق سۆزلەپ، ئوسمان پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىق ھەم ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تارقاتقان تەتۈر تەشۋىقاتلارغا رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەربىر قازاق ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىنى توغرىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق قىسىمنى رەتكە سالىدۇ. گومىنداڭنىڭ قورال ـ ياراق ۋە ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان ئۆزىنى «تەڭرىنىڭ ئەركىسى»، «تاغ باتۇرى»، «پۈتۈن قازاق خەلقىنىڭ غەمخور ئاتىسى»، «ئالتاينىڭ ئىگىسى» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، خەلقنى ئۆزىگە ئەگىشىپ كۆچۈشنى جاكارلايدۇ، كۆچمىگەن ئائىلىلەرنى بۇلايدۇ.

1946 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئوسمان مانان باشچىلىق قىلغان بىر ئەترەتكە بۇيرۇق بېرىپ، قۇبۇقسار ناھىيىسىنىڭ سالىبتىدىكى دېگەن يېرىگە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئەھۋالدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان يۇسۇپجان ياسىنوۋ باشچىلىقىدىكى چارلاش ئەترىتى تۇيدۇرماي يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىدۇ. خېلى كۆپ زىيان تارتىپ، قېچىپ قۇتۇلغان مانان قىسمى مىللىي ئارمىيىگە ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم ۋە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن قاچىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمان ئەسەبىيلەشكەن ھالدا مانان، رۇستەم، قورمان، پولتاباي، جىلقان، پورۇلجاپ، قاباس

قاتارلىق باندىتلارنى ئۆز قىسىملىرى بىلەن تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇلار يەنە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئوسماننىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ھىلىگەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ھەش-پەش دېگۈچە قىلىدىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. خەلق ۋە مىللىي ئارمىيە كۆپ قېتىم ئوسماننىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ۋە بۇلاڭ-تالاڭلىرىغا ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئالتايدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، ھۇجۇم قىلماسلىق، دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش، قوغلاپ زەربە بەرمەسلىك، ئەسىرلەرنى خارلىماسلىق، تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق قايىل قىلىش پرىنسىپىدا تۇرىدۇ.

مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئوسماننى تېخىمۇ كۆرەڭلىتىپ قويىدۇ. ئوسمان 1946-يىلى 12-ئايدا، بىر قانچە ئون قەبىلە باشلىقى، ئۆز قويرۇقچىلىرى، ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئۆزىنى ئەل باشلىقى، ماناننى ئەسكىرىي باشلىق، قابباسنى مۇئاۋىن ئەسكىرىي باشلىق قىلىپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى، سۇڭ باتۇر (سۇڭ شىلىيەننى دېمەكچى) نىڭ ئوسمانغا ھەر قانداق ئىشتا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، «قۇدرەتلىك» قورااللارغا ئىگە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن ئاغىنە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا، ئۇ 1947-يىلى كىرىش بىلەن مىللىي ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا يۇسۇپجان مايور ماشان بىلەن قازاق خەلقى ئىچىدە يۈرۈپ،



ئوسماننىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ.

1947-يىلى 1-ئايدا، ئوسمان بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇرۇلتوقاي ۋە ئالتاي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنى زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. 1947-يىلى 2-ئايدا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۈچ ئاتلىق پولك ۋە زەمبىرەكچى باتالىيوننى ئىشقا سېلىپ، ئوسمان قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان بۇ ئۇرۇشنىڭ سەردارى بولۇپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئوسمان ئالتاي ۋە بۇرۇلتوقايدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇرۇلتوقاي، چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيە ۋە رايونلاردىن 3000 دىن كۆپرەك چارۋىچىلارنى ئۆزىگە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز سېپىنى ئۇلغايتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي بازا قۇرماقچى بولىدۇ.

بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى بۇيرۇققا بىنائەن ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىقىنى يۇسۇپجان ياسىنوۋغا تاپشۇرىدۇ. يۇسۇپجان ياسىنوۋ 1500 كىشىلىك ھەيۋەتلىك قوشۇننى باشلاپ، 1947-يىلى 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتايدىن كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئوسمان ئورۇنلاشقان ئۇلۇغباي قۇدۇقى دېگەن يېرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇلۇغباي قۇدۇقىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قار كۆچكەن پەسىل بولغاچقا، ھاۋا سوغۇق، قېلىن تۇمانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يول باسقان جەڭچىلەر خېلى ھېرىپ-چارچايدۇ. شۇڭا، يۇسۇپجان بارلىق جەڭچىلەرنى دەم ئېلىشقا

قويۇۋېتىپ، ئۆزى بەدالخان بىلەن مەسلىھەتلەشتى، كەڭ چارۋىچى خەلقنىڭ ھايات - ماماتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئامال بار ئوسمان بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كېلىپ، قازاق خەلقى ئىچىدىكى يۇقىرى ئابرۇيلۇق ئاقساقاللاردىن مامبات، جانات قاتارلىق تۆت نەپەر كىشىنى چاقىرىپ، ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئىمزا قويىدۇ.

لېكىن، يامان نىيەتلىك ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى باندىتلىرى بىر تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتىگە ئىمزا قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلىدۇ. ئوسمان قىسىملىرى شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا مىللىي ئارمىيە ئورۇنلاشقان جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا باستۇرۇپ كېلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆپ كىشىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ، قوماندانلىق شتابىغا قاراپ ماڭىدۇ.

بۇ چاغدا قوماندانلىق شتاب ئالدىدىكى پوست ئەنۋەر بەگ دۈشمەن ئەھۋالىنى سېزىپ، قولىدىكى ئاپتومات بىلەن دۈشمەنگە ئوت ئاچىدۇ ھەم «باندىتلار بېسىپ كەلدى!» دەپ ۋارقىرايدۇ. چۆچۈپ ئويغانغان جەڭچى، ئوفىتسېرلار ۋە قوماندانلىق شتاب خادىملىرى دەرھال جەڭگە ئاتلىنىدۇ. شتابقا قاراپ ماڭغان دۈشمەن كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۈچ تەرەپتىن مىللىي ئارمىيىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ چېكىنىدۇ. قوماندانلىق شتاب دەرھال قىسىملارنى لېنىيە بويىچە ئۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. باندىتلار تاڭ ئاتقۇچە جاھىللىق بىلەن تىركىشىپمۇ بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ ياكى چېكىنمەيدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى يەر ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن، پەقەت ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇننى ساقلاپلا ئۇرۇش قىلىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن ئەتراپ جەڭ-



چىلەرگە تونۇشلۇق بېرىدۇ. يۈسۈپجان ياسىنوۋ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ. دۈشمەن مىللىي ئارمىيىدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايى ئۇرۇش قىلىشقا، يوشۇرۇنۇشقا ناھايىتى قولايلىق ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپجان ياسىنوۋ قىسمىغا ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك، دۈشمەننى ئىلگىرىلەتمەسلىك بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كەچكىچە ئۇرۇش بولىدۇ، دۈشمەن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ، لېكىن چىقىم بىلەن چېكىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا، تاغ ئۇرۇشىغا ماھىر بولغان رولەتچى، كۆكمەتلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي ئوت كۈچىگە زەربە بېرىدۇ.

مايور ماشان باشچىلىق قىلىۋاتقان لېنىيىنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى جىددىي بولۇپ، ماشان مايورنىڭ يېنىدىكى ستانكاۋوي پىلىموت ئېتىشتىن توختايدۇ. ماشان پىلىموتچىكىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ پىلىموتنى ئىشقا سالىدۇ. بىرقانچە مىنۇت ئۆتمەي ماشان مايورمۇ قازا تاپىدۇ. پىلىموت يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بىردەم پىلىموت ئوقىنىڭ توختىشى بىلەن دۈشمەن چىلبۆرىدەك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، «ماقاباي»، «يامۇخەمەت» دەپ چۇقان سېلىپ ئىلگىرىلەيدۇ.

پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان پىلىموت ئوچىنى دۈشمەنگە قارىتىش بىلەن، ئارقا - ئارقىدىن موللاق ئېتىپ يەر چىشلەۋاتقان باندىتلار جەسىتى، ئىگىسىز قالغان ئاتلارنىڭ قالايمىقان چېپىپ يۈرۈشى دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسىدۇ. پىلىموت ئوقى باندىتلارنى زادىلا ئىلگىرىلەتمەيدۇ. دۈشمەن بىر مەھەل تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا «جەڭگىۋار» دەپ ئاتالغان ھۇجۇمچى باندىتلىرى ۋە كۆپلىگەن ئەسكىرىدىن ئايرىلىدۇ - دە، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ قاچىدۇ.

ئۇلۇغباي قۇدۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ جەڭ مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرىنىڭ جاسارىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، باندىتلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇلار باندىتلار تەرىپىدىن بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن 60 تىن ئارتۇق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ پاجىئەسىنى كۆرگەندە، غەزەپكە چىدىيالماي ئۈنلۈك شوئارلار توۋلاپ، ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەمىيات قىلىدۇ.

ئوسمان چاپارمەنلىرىنى باشلاپ شۇ كېچىسىلا قىزىلئادىر دېگەن يەرگە قېچىپ كېتىدۇ.

پود پولكوۋنىك يۈسۈپجان قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن يېڭى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدۇ. ئۇ: «يولداشلار! بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق، بۇ غەلىبە كۆپلىگەن ئەزىمەتلەرنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلدى. بۇنىڭدا ئوسمانمۇ يۈزلىگەن ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ قاچتى. بىز بۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئېسىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز لازىم. دۈشمەن تېخى بار، ئالدىمىزدا تالاي جەڭلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز، ئىرادىمىز يېڭىلمەستۇر، بىز باندىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوق قىلىمىز...» دېگەندە، پۈتۈن مەيداندا ھۇررا ساداسى ياڭرايدۇ.

شۇ كۈنى ئىككىنچى سەپ چۆچەك پولكى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئىككى پولك ۋە كوماندىر - جەڭچىلەر خۇشال - خورام جەم بولۇپ، ئوسمانغا ئىز قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قىزىلئادىرغا يۈرۈش قىلىدۇ. يۈسۈپجان پولكى چاقماق تېزلىكىدە ئىز قوغلاپ قىزىلئادىرغا يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئوسمان بىر مەھەل تىركىشىدۇ، لېكىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىتتەنقىز (جاۋقىز دەپمۇ ئاتىلىدۇ)



دېگەن جايلاردا ئۇرۇشۇپ بېقىپ، ئاخىر كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قۇۋۇئېرتىش دېگەن يېرىگە قاچىدۇ. قۇۋۇئېرتىش دەريا ئېقىمى بولۇپ، بۇ دەريانىڭ مۇزلىرى ئېرىگەن كۈنلەر ئىدى. شۇڭا، باندىتلار بالدۇر پەملەپ قويغان مۇز ئېرىمىگەن يەردىن ئۆتۈپ، ئۇرۇشقا ئەپلىك تۆپىلىكلەرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.

پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان دۈشمەننىڭ تۇسۇپ ياتقان ئورنىنى تەھلىل قىلىپ، كۈندۈزى دەريادىن ئۆتۈش توغرا كەلسە چىقىمنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كۈندۈزى دۈشمەننى ئۇرۇش بىلەن بەند قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىرقانچە ستانكىۋوي پىلىموتنىڭ ئوت كۈچىنى دۈشمەنگە مەركەزلەشتۈرۈپ، پىلىموت ھىمايىسىدە قىسىملارنى دەريادىن ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئاتلىق قىسىم دەريادىن ئۆتۈپ دۈشمەنگە ئوت ئاچىدۇ، باندىتلارمۇ قىقاس - چۇقان سېلىپ ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئاتلىق گىرەلەشمە جەڭ شەكىللىنىدۇ. پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. قورمان غالى، پاتقۇللا، ئەنۋەربەگ، كۆپچا سار، ھۇشۇرۋۇ، ئابدۇكېرىم قاتارلىق ماھىر چەۋەندازلارمۇ قىلىچ ئوينىتىپ دۈشمەن سېپىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سەپ تۈزۈپ بىرلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈچ تەرەپتىن باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن دۈشمەن قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشقا ئارانلا ئۈلگۈرىدۇ، بىر قىسىم باندىتلار قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 827 نەپەر باندىت ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. باندىتلار ئائىلە بويىچە كۆچۈرۈپ ماڭغان 50 مىڭدىن ئوشۇق مال - چارۋا دۈشمەندىن تارتىۋېلىنىدۇ. ئوسمان بىر قىسىم باندىتلار بىلەن بەيتىككە قاراپ قاچىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئالتاي يايلاقلىرىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە باندىتلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئالتايغا قايتتى.

جەڭچىلەر ئالتايغا كىرگەندە، گېنېرال مايور دەلىلقان سوگۈرباييۇ باشلىق ھەربىي - مەمۇرىيلار، ئالتايدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى جەڭچىلەرنى قارشى ئېلىپ، بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ، قازاق خەلقىنىڭ قائىدىسى بويىچە چاچقۇ چاچتى. دەلىلقاننىڭ ئانىسى مىللىي ئارمىيە جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىنىڭ چېكىسىگە سۆيۈپ غەلىبىنى تەبرىكلەيدۇ. ئۈچىنچى كۈنى غەلىبە تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 3000 دىن كۆپ كوماندىر - جەڭچىلەر پاراتتىن ئۆتتى. پاراتتا گېنېرال دەلىلقان سۆز قىلىپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، خىزمەت كۆرسەتكەن پولك، ئىسكادرون ۋە قەھرىمان شەخسلەرگە ئوردېن تەقدىم قىلىندى. يۇسۇپجان ياسىنوۋ، پاتقۇللا، قورمانغالى، ئابدۇكېرىم، ئەنۋەربەگ، كۆپ جاسار ۋە رولەتچى قاتارلىقلارغا قەھرىمانلىق ئوردېنى بېرىلدى؛ يۇسۇپجان ياسىنوۋ «ئازاد نىشانلىق 1- » ۋە «ئازاد نىشانلىق 2- » ئوردېنغا ئېرىشتى.

(3)

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئوسماننىڭ باندىتلىرى ھەممە ياقتا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، خەلقلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئۆزىنىڭ چارلاش (رازۋېتكا) ئەترىتى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ



بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. پەيتى كەلگەندە دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان مال - چارۋىلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ، كۆچۈرۈلگەن خەلقنى ئەسلى يېرىگە قايتۇرىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ، جەلد قارا دېگەن تاغ ئۈستىدە دۇربۇن بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىۋېتىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان باندىت قىسمىلىرىنىڭ كۆپلىگەن مال - چارۋا ۋە خەلقلەرنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلار چىڭگىلدىكى ھەسەن ئۆككۈرداي، ئىدرىس زەڭگى قاتارلىق ئوسماننىڭ كاتتىباشلىرى بولۇپ، ئۇلار 100 دەك ئائىلىنى ئوسمانغا ئەگىشىشكە قۇترىتىپ ئېلىپ ماڭغانىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان بىر بۆلۈم باندىتلارنى ئۇلارنى قاچۇرماي قوغداپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ.

يۇسۇپجان چارلىغۇچى ئەترەتنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ، بەختكە قارشى بۇ ئەترەت يوشۇرۇنغان باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ، خېلى ئېغىر زىيان تارتىدۇ، ھايات قالغانلىرى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ ساۋاقتىن تەجرىبە ئالغان مىللىي ئارمىيە قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىپ، باندىتلارنى ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. باندىتلار سارتوقاي دەريا ياقىسىغا كەلگەندە، ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مال - چارۋا ۋە بىر بۆلۈك نەرسىلەرنى تاشلاپ ئۆزلىرى دەريادىن ئۆتۈۋالىدۇ. مىللىي قىسىم باندىتلار بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، دەريادىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلالمايدۇ. يۇسۇپجان دۈشمەنگە ئەگەشكەن چارۋىچىلاردىن ئەھۋال سوراپ، ئالدىنقى رەت ئۆتكەن دۈشمەنلەر نەچچە يۈز ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئېلىپ ماڭغان ئاھالىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىۋالىدۇ.

يۇسۇپجان ئىككى جەڭچىنى تۇرغۇن دېگەن جايدا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپ، قىسىملارنى بىر تۆپىلىككە ئورۇنلاشتۇرىدۇ - دە، يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان (ئىلگىرى باندىتلاردىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن كۆپ ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن) جانكىرەينى قول ئاستىدىكى 14 ئەسكىرى بىلەن كېچىلىك پوستقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىراق، شۇ ئاخشىملا جانكىرەينىڭ خائىنلىقى بىلەن پودپولكوۋنىك يۇسۇپجاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى پايدىسىز بولىدۇ.

ۋەقە مۇنداق بولغان: جانكىرەي ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن خىزمەت كۆرسىتىپ، ئوددېلېنىيە كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، جانكىرەينىڭ 14 نەپەر جەڭچىسى ھەر 200 مېتر يەردە ئىككىدىن پوستتا تۇرماقچى بولغان. ئۇ، ئاخىرقى ئىككى پوستنى ئېتىپ تاشلاپ، ئوسمانغا تەسلىم بولىدۇ ۋە قىسىملارنىڭ سانى، ئوق - دورا ئەھۋالى ھەم خەۋەر ئېلىپ كەتكەن ئىككى جەڭچىنىڭ مېڭىش يولى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئوسمان دەرھال تاغ يولى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئىككى جەڭچىنى قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جايلاشقان ئورۇننى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، مىللىي قىسىم دىۋىزىيونى، ئىسكادرون كوماندىرى ئابدۇكېرىم ھۇشۇرۇۋ پودپولكوۋنىك يۇسۇپجانغا: «باشقا پوستلار جايىدا، جانكىرەي ئوددېلېنىيىسى جايلاشقان ئاخىرقى ئىككى پوست ئۆلگەن، جانكىرەي يوق» دەپ دوكلات قىلىدۇ. بۇ چاغدا پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان دەرھال قىسىملارنى يەر شارائىتىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە چوڭ قىسىمنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. بۇ 1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بولۇپ،



ئورنى چادىر تاش دېگەن جاي ئىدى. باندىتلار ھۇجۇم باشلاپ قارا قۇيۇندەك ئىلگىرىلەيدۇ. دۈشمەنگە قارىتىلغان پىلىموت، ئاپتومات، تاشلانغان قول بومبىلار دۈشمەننى ئىلگىرىلەتمەيدۇ. بۇ چاغدا چېكىنگەن باندىتلار ئېگىز تۆپىلىككە چىقىپ بېكىنىۋالىدۇ. مىللىي ئارمىيە تۆۋەندە قالىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇش مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ئۆلگەن، يارىلانغانلار كۆپىيىدۇ. 20 ياشلىق شەپقەت ھەمشىرىسى رەيھان بىلەن يېڭىۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماستىن يارىدارلارنى توشۇيدۇ. ۋەزىيەت جىددىي ۋە خەۋپلىك بولۇپ، پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئەنۋەر بەگ، كۆپچاسار، رىزابەگ، رۇستەملەر بىلەن شەرقىي سەپتە؛ ئىسكادرون كوماندىرى ئابدۇكېرىم ھۇشۇرۇۋ دۆلەتچى، كۆكمەت، ئەخمەت، ساغەتبەگلەر بىلەن غەربىي سەپتە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىستانكىۋوي پىلىموت پىلىموتچىك قابىلقاننىڭ قولىدا ھەرئىككى تەرەپكە مەدەت بېرىپ، دۈشمەننى ئىلگىرىلەتمەيدۇ. كەچ كىرگىچە ئۇرۇش مانا شۇنداق داۋام قىلىدۇ. باندىتلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇملىرى قايتۇرۇلىدۇ، دۈشمەن پەقەت كەچ كىرگەندىلا بېسىقىدۇ، لېكىن مۇھاسىرە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

تاڭ ئېتىشى بىلەن دۈشمەن يەنە ھۇجۇمنى باشلايدۇ. ئۇرۇش يېرىم كۈن داۋام قىلىدۇ. دۈشمەنگە قارىتىلغاندا زىيان بىز تەرەپتە ئاز بولغان بولسىمۇ، ئوق - دورا ئاز قالىدۇ، ئۆلگەن، يارىلانغانلار كۆپىيىدۇ. ئاخىر پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ياسىنوۋ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىش قارارىغا كېلىپ، بۇيرۇق قىلىدۇ.

مىللىي قىسىم ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ

چىقىپ، چوڭ قىسىم جايلاشقان تۇرغۇن تەرەپكە قاراپ چېكىنىدۇ. ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا چوڭ ياغاچقا تاقىشىپ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. ئارقىغا يېنىشقا تۆپىلىك يول بەرمەيدۇ، بۇ چاغدا باندىتلار قوغلاپ كېلىدۇ. پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ئاتلىق قىسىمنىڭ تېز چېكىنىشىگە بۇيرۇق بېرىدۇ. ماشىنىدىكى قىسىملاردا بىرقانچە تالدىن ئوق قالغان بولۇپ، بىرئاز تىركەشكەن بولسىمۇ، لېكىن باشقىچە ئامال تاپالمايدۇ. يۇسۇپجان قىسىملارغا بۇيرۇق بېرىپ: «ھەرىكەتنى توختىتىڭلار» دەيدۇ. ئىسكادىرون كوماندىرى ئابدۇكېرىم ۋە شوپۇر سۇلتانىلار ئاخىرقى ئوقنى ئېتىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە مەردانەرچە قۇربان بولىدۇ.

يۇسۇپجان ماشىنىنىڭ ئارقا كوۋۇپىغا چىقىپ 18 نەپەر ياردار بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. بۇ چاغدا، باندىت باشلىقى قۇسەيىن شەپقەت ھەمشىرىسى رەيھان بىلەن يۇسۇپجاننى ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. باندىتلار ياردارلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ، ماشىنىغا بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن شەپقەت ھەمشىرىسى رەيھان غەزەپلىنىپ باندىتلارنى تىللايدۇ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ياۋۇز باندىتلار ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

(4)

1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 100 دىن ئارتۇق باندىت پودپولكوۋنىك يۇسۇپجاننى يالاپ بەيتىكنىڭ ئورانبۇلاق دېگەن يېرىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ كۈنى ئوسمان رادىئوگرامما ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت شىلىيەنلەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جانسىقان ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچىل قازاق كاتتىباشلىرىدىن خادىۋاڭ، سالىس، زاك



چىن قاتارلىق يۈزلىگەن كىشىگە مەلۇم قىلىپ، ئوسماننىڭ «غەلىبىسى»نى تەبرىكلەيدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئوسمان بىلەن جانىمقان ئارقىلىق خەۋەرلىشىدۇ ۋە دەرھال يولغا چىقىپ بەيتىككە يېتىپ بارىدۇ.

پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ياسىنوۋ بەيتىككە ئېلىپ بېرىلىپ ئىككىنچى كۈنى ئوسمان ئۆز ئەتراپىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى، ھەربىي كاتتىباشلار بولۇپ 70 تىن ئارتۇق كىشىلەر ئالدىدا يۇسۇپجاننى سوراق قىلىدۇ. سوراق باشلىنىش بىلەن كەسكىن مۇنازىرە باشلىنىدۇ، بۇ سوراق مۇنازىرىسى يېرىم كۈندىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، مۇنازىرىدە يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ.

سوراق مۇنازىرىسىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولىدۇ:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— يۇسۇپجان!

— دەرىجەڭ نېمە؟

— پودپولكوۋنىك!

ئوسمان ئۆزىنى تونۇتماق بولۇپ:— مەن كىم! دەپ سورايدۇ.

— تونۇمايمەن،— دەيدۇ يۇسۇپجان. بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەردىن بىرى:

— بىلەمسەن، بۇ ـ ئاكاڭ ئوسمان باتۇر بولىدۇ— دەيدۇ.

يۇسۇپجان:

— سالام ۋالىي، پۈتۈن ئالتاي خەلقى سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزگە موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىڭىزنى قاراڭ؟ ۋالىي، خەلق سىزدىن تاغ ـ داللاردا يۈرۈشنى ئەمەس، شەھەرگە كېلىپ خەلققە ئاتىدارچىلىق قىلىپ،

دېموكراتىيىنى جارى قىلىشىڭىزنى كۈتىدۇ،— دەيدۇ.

ئوسمان جىم بولىدۇ. باشقىلار ئوسمانغا قاراپ ئۈن چىقارمايدۇ. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئوسمان:

— سەن نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىدىڭ؟— دەيدۇ.

— بۇ ئۇرۇشنى مەن قىلمىدىم، سىز قىلغۇزدىڭىز،— دەيدۇ يۈسۈپجان.

ئوسمان غەزەپكە تولغان كۆزىنى يۈسۈپجانغا تىكىپ:

— مەن قانداقچە سېنى ئۇرۇش قىلغۇزدۇم!— دەيدۇ.

— مۇبادا سىز خەلق تاپشۇرغان ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئالتاي خەلقىگە ئاتا بولغان بولسىڭىز، سىزمۇ تاغ-داللاردا يۈرمىگەن بولاتتىڭىز، مەنمۇ بۇ يەرگە كەلمەي، ۋالىي مەھكىمە ئالدىدا پوستتا تۇرۇۋغان؛ مىلتىقىمنىڭ ئۇچىنى ئۆز قېرىنداشلىرىمغا قاراتماي، دۈشمەنگە قاراتقان بولاتتىم،— دەيدۇ.

ئوسمان ئۈن چىقارماي ئولتۇرغان پېتىچە يۈسۈپجانغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمانغا مەدەت بەرمەك بولغان رەخىم:

— سېنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟— دەيدۇ.

يۈسۈپجان:

— ياخشى ئېيتتىڭ، سېنى مېنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى كىم ئەۋەتتى؟— دەيدۇ.

رەخىم كۆرەڭلەپ، ئوسماننى، كۆرسىتىپ:

— باتۇر ئاكاڭ ئەۋەتتى،— دەيدۇ.

يۈسۈپجان:

— مېنى دەللىقان ئەۋەتتى، ئەگەر ئىككى باتۇر، ئىككى ۋالىي ئۆزئارا پۈتۈشۈپ قېرىنداشلىق ھاسىل قىلغان بولسا،



ئىككىمىز ئۇرۇشمىغان بولاتتۇق، ھەر ئىككى تەرەپتىن قېرىنداشلار ئۆلمىگەن بولاتتى،— دەيدۇ.

بۇ چاغدا ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ كىشىگە ياخشى قاراڭلار،— دەپ چىقىپ كېتىدۇ.

مەيداندىكى كىشىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ، يۈسۈپجاننىڭ سۆزىگە قايىل بولغانلىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

بۇ چاغدا رەخىممۇ بىردىنلا بوشاپ، ئۆزىدە يېڭى بىر تۈيغۇ ھاسىل قىلغاندەك بولىدۇ-دە، يۈسۈپجاننى ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇ، يۈسۈپجان تۇرغان چېدىرغا كەلگەندە، قاراۋۇللارغا ياخشى قاراشنى تاپشۇرىدۇ.

يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ ئوسمان باشلىق بارلىق قۇيرۇقچىلارنى قايىل قىلىشىدەك بۇ جاسارىتى ئوسماننىڭ قىسىملىرى ۋە كۆچۈرۈلگەن ئاھالە ئىچىگە تارقىلىپ، يۈسۈپجان كىشىلەر ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇلىدۇ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرگۈچىلەر كۆپىيىدۇ.

بىراق، يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ بۇ يەردە قانداق باتۇرلۇق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈشى مىللىي ئارمىيە، بولۇپمۇ شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور يوقىتىش بولىدۇ. بارلىق قىسىملار قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش ۋە يۈسۈپجاننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قەسەمىيات قىلىشىدۇ.

بەدەلخان باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىققان جەڭچىلەرنىڭ يول باشلىشىدا، چادىر تاشقا كېلىپ دۈشمەن قىسمىدىن ئۆچ ئېلىش جېڭى ئېلىپ بارىدۇ. قاچقان دۈشمەننى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، بەيتىككە يېتىپ بېرىپ يەنە ئۇرۇش قىلىدۇ. بىراق قانچە قىلغان بىلەن دۈشمەن قىسمى ستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگ-

لىنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.
ئىلى مەركىزىي قوماندانلىق شتاب شىمالىي يۆنىلىش
ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ يۈسۈپجان تۇغرىسىدىكى
دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەسىلىنى ئوسمان بىلەن سۆز-
لىشىپ ھەل قىلىش ۋە پەيتى كەلگەندە جاڭ جىجۇڭ ئارقىلىق
ئوسماننى كۆندۈرۈشنى ئويلىشىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.
بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈم-
چىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئوسماننىڭ يېنى-
دىكى ئاق باندىتلاردىن بولغان سامايلوۋ (بۇلار چاررۇسىيە
قىسمىدىن بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا
قېچىپ كېلىپ، ئالتاي تاغلىرىدا قاقتى - سوقتى قىلىپ جان
بېقىۋاتقان باندىتلار ئىدى) قاتارلىق ئاق ئورۇسلارنى ئىشقا
سېلىپ، ئوسماننى كۈشكۈرتۈپ يۈسۈپجانغا زىيانكەشلىك قىلىشقا
ئۈندىدى. ئوسمان سامايلوۋ قاتارلىقلارنىڭ سۆزىگە پوزىتسىيە
بىلدۈرمەيدۇ. ئاخىر، بۇ ئىشقا ماكنان ئۆزى ئېغىز ئېچىپ
ئوسماننى يۈسۈپجاننى سوراق قىلىشقا كۆندۈردى.
بۇ قېتىمقى سوراقتا ئوسمان ئارىلاشمايدۇ. ئىككىنچى
قېتىملىق سوراق باشلانغاندا، ماكنان، سامايلوۋ، سۇڭ شىلىيەن
ئەۋەتكەن ھەربىي باشقارما باشلىقى يۇي ۋەن، ئۇنىڭدىن باشقا
ئوسماننىڭ يېنىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى، ئەسكەر باشلىقلىرى
ۋە ئەگەشتۈرۈلگەن چارۋىچىلاردىن بىر قىسىملىرى قاتنىشىدۇ.
بۇ قېتىمقى سوراقمۇ قىزغىن بەس - مۇنازىرىگە ئايلىنىدۇ.
يۈسۈپجان سۆزىدە، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى-
نىڭ غەلىبىسى، فاشىزمنىڭ ھالاكىتى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى
جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ۋە ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەقسىتى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلىگەندىن
كېيىن، سامايلوۋ قاتارلىقلارنىڭمۇ بىرقانچە ئون يىلدىن بۇ-



يان شىنجاڭ زېمىنىدا بولۇپمۇ ئالتاي يايلاقلىرىدا قىلغان
ئەسكىلىكلىرىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە، ماكنان ۋە سامايـ
لوۋ باشچىلىقىدىكى بۇ ئاتالمىش سوراقمۇ باندىتلارغا پايدى-
سىز بولىدۇ.
سوراق ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان قازاق چارۋىچىلار، ئە-
گەشكۈچىلەر ۋە باندىت ئەسكەرلەرمۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ.
ئاغزىدا ئېيتالمىغان بىلەن كۆڭلىدە دوست - دۈشمەننى پەرق
ئېتىدۇ. ئاۋۋال قىسىملار ئارىسىدا يۈسۈپجاننىڭ سۆزلىرى مەد-
ھىيىلىنىدۇ. بىراق، ئامېرىكا بىلەن چاررۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇۋاتقان كونسۇللىرىدىن ماكنان بىلەن سامايلوۋنىڭ قاتتىق
ئەيىبلىنىشى ئۇلارنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىدۇ.
1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تاشقى موڭغۇ-
لىيە قىسىملىرى بەيتىك ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ماشىجۇن (ما-
لىيەنجاڭ) لىيەنىنىڭ ئۇ يەردىن كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 6 -
ئاينىڭ 5 - كۈنى تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرى ماشىجىن چار-
لاش لىيەنىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش 6 - ئاينىڭ 26 -،
27 - كۈنلىرىگىچە داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ ئۇرۇش
ئەھۋالىدىن پايدىلانغان ئوسماننىڭ باندىت قىسىملىرى تاشقى
موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى بۇلاپ-
تالايدۇ.
1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تاشقى موڭغۇ-
لىيە چېگرىسىدىن بەيتىككە ئۇچۇپ كىرگەن ئايروپىلانلارنىڭ
قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. تاشقى موڭغۇلىيىگە بۇلاڭچىلىققا بارغان
باندىتلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھەممە ئۆز جېنى بىلەن قېچىشقا
تەييارلىنىدۇ. دەل مۇشۇ پەيت ماكنان بىلەن سامايلوۋنىڭ
يۈسۈپجانغا قەست قىلىش ۋاقتى بولۇپ قالىدۇ. ئوسماننىڭ
يۈسۈپجانغا قارىغۇچى قاراۋۇللىرى سامايلوۋ تەرىپىدىن يۆتكى-

ۋېتىلىدۇ. ئىككىنچى قاراۋۇلنىڭ كېلىشى بىلەن يۈسۈپجان قاتتىق ھاقارەتلىنىدۇ ۋە ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ شۇ كۈنكى ئۆلۈم پاجىئەسىدىن ئوسماننىڭ خەۋىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى كىشىلەر بىلمىگەن. ئەمما، ئوسمان يۈسۈپجاننىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئويغا چۆمگەن ۋە يۈسۈپجاننى دىنىي قائىدە بويىچە نامىزىنى ئوقۇپ، ئېگىز يار ئۈستىگە دەپنە قىلدۇرغان.

مەرھۇم يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ. مەرھۇمنىڭ ئوسمان باندىتىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقىلىدۇ، ھەممە مەرھۇم ئۈچۈن ماتەم بىلدۈرۈپ سالىيوتلار ئاتىدۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا»دا خەۋەر ۋە مەخسۇس ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، خاتىرە كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ۋە ئۇنىڭ يۇرتى بورتالادا نەزىر - نۈزرەتلەر قىلىنىپ، دۇئا - تەكبىرلەر ئوقۇلىدۇ. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي رەھبەرلەر ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايدۇ، تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئەۋەتىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنى «شەرەپلىك ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئەنگە ئالدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھاياتى شانلىق، ۋاپاتى شە-



رەپلىك ئۆتكەن بۇ ئەزىمەت ۋاقىتسىز قازا قىلىپ، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ قەھرىمان، خەلققە سادىق جەڭچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بۇ ئىشلارغا 40 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى خەلقىمىز قەلبىدە پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قۇربانلىرىغا ئوخشاش خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا روشەن ساقلانماقتا.

---

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. ئىلى 47 - يىل 7 - ئاي «ئالغا» گېزىتى.
2. بەيتىك ۋەقەسىگە ئائىت ھۆججەتلەر.
3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارخىپىدىكى ئالتاي توغرىسىدىكى خاتىرىلەر.
4. ئاغزاكى ماتېرىيال بەرگۈچىلەر: ئوسماننىڭ ۋەكىلى ۋە مەسلىھەتچىلىرىدىن لاتىپ مۇستاپا، كەبەن، مالتىساف؛ ئەينى ۋاقىتتا ئوسمان قولىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان، 58 - يىلى قايتا توپىلاڭ قىلىپ قولغا ئېلىنىپ جازالانغان دەلىلقان، جەمشىتقان، قالىمان قازى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كىشى ۋە جاشىمقان يېنىدا تۇرۇپ يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلىگەن نۇرمەدى.
5. لوپىچىنىڭ بەيتىك ۋەقەسى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى.
6. سۈك شىلىيەنىڭ «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە جەريانى» دېگەن ماقالىسىمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق كىنو - فىلىم شىركىتى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانى م. ئوغۇز ھەمرائى توغرىسىدا

ۋارىسجان رەھىم

تارىخقا تەپسىلىي نەزەر سالىدىغان بولساق، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر ئوغلانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش ئىزلىرى تارىخ بېتىدە يېزىلىشى بىلەن خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ بۈيۈك ئىپتىخارى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانى، زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكار م. ئوغۇز ھەمرائى (مۇھەممەت موللا ھەمرائى) ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

م. ئوغۇز ھەمرائى — «ھېكىم ساھىب»① 1906 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىدىكى ھاللىق دېھقان تۇردى موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تۇردى ئاكا مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئوغلى م. ئوغۇز ھەمرائىنى 1915 - يىلى (توققۇز يېشىدا) قەشقەر شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. م. ئوغۇز ھەمرائى 1924 - يىلغىچە شەھەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن، ئوقۇغانسېرى، ئۆگەنگەنسېرى، زېھنىي قابىلىيىتى ئېچىلىپ، دۇنيا



قارىشى، ئىجتىمائىي ئېڭى تەدرىجىي ئۆسكەن، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇشقا باشلىغان.

بۇ مەزگىللەردە قەشقەرنى زۇلمەت - جاھالەت، كەمبەغەللىك قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى خارۇ - زارلىقتا ئۆتمەكتە ئىدى. شۇنداقلا قەشقەردە خەلققە ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىدىغان بىرەر مەكتەپنىڭ يوقلۇقىدىن جاپاكەش خەلق ناداملىق ئىلكىدە تېخىمۇ پېتىپ كېتىۋاتاتتى، داۋالىنىدىغان بىرەر دوختۇرخانىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەرخىل كېسەللىكەر بىلەن كىشىلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ ھاياتىدىن ئايرىلماقتا ئىدى. بۇنداق يوچۇقلارنى كۆرگەن چەت ئەل جاھانگىرلىكلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە چاڭ سالغان، شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرى قەشقەردە مەكتەپ ئاچقان، شىپاخانا قۇرغان. ئەمما، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار بىلىم ئىگىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى گۇمراھ بولۇشقان، دوختۇرخانىدا داۋالانغان بىمارلار ھېچقانداق شىپالىق تاپمىغان. چۈنكى، تاجاۋۇزچىلار كۆرۈنۈشتە مەكتەپ، دوختۇرخانا ئاچقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىشپىيونلۇق ۋە جاسۇسلۇق تورلىرىنى قۇرغان. مانا بۇ خىل خورلۇق، تەڭسىزلىك ۋە جاھالەتنىڭ ئەلەم - ھەسرىتى ياش م. ئوغۇز ھەمرائىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە چەت ئەلگە چىقىپ دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىپ، خەلقنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتقۇزۇشتەك يۈكسەك بىر ئارزۇ پەيدا بولغانىدى. بۇ ئارزۇ ئۇنى ھەرگىز تىنىم تاپقۇزمايۋاتقان كۈنلەردە ئۇ، ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرىنىڭ «جاھالەت، نادانلىق، بىخۇتلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق، مەنمەنچىلىك، كۆرەلمەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر بىزنى نادانلىقتا قالدۇرماقتا. ۋىجدانلىق ھەر قانداق كىشى بۇ ئىشلارغا قانداقمۇ

تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن؟!»② دېگەنگە ئوخشاش بۈيۈك سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى ۋە ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلدى ــ دە، 1924 ـ يىلى تاشمىلىقتىن ھەج تاۋاپ قىلىشقا ماڭغان باقى ھاجى ئىسىملىك كىشىگە ھەمراھ بولۇپ، چەت ئەلگە سەپەرگە ئاتلاندى. پاكىستانغا بارغاندا كاراچىدا ئايرىلىپ قېلىپ، ئۈچ يىل دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى، ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، بىر مەزگىل پاكىستاندىكى بىر چوڭ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋەتىنىدىكى ۋە يۇرتىدىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ، دەسلەپكى ئارزۇسى بويىچە، مۇدەررىسلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئورنىنى ئىسمايىل مەۋلىۋى (تاشمىلىقلىق ئىلىمدار) گە ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۆزى تۈركىيىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلغا بېرىپ مېدىتسىنا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى ۋە بۇ يەردە ئاساسەن ئاپتېكا (دورىگەرلىك) كەسپىنى ئۆگەندى. ئالتە يىللىق ئوقۇشنى جاپاغا چىداپ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھىندىستان، ئافغانىستان، سەئۇدىي ئەرەبىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلدى. بۇ جەرياندا، بىر تەرەپتىن جەمئىيەت بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تونۇشۇپ ئەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەندى، شۇنداقلا چەت ئەلگە چىققان ۋەتەنداش، يۇرتداشلىرىدىن ۋەتەن، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق ئۇقۇشۇپ تۇردى. كېيىن ئۇ، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى. م. ئوغۇز ھەمرائى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىت دەل جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى



تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىل بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ۋەتەن، خەلققە بولغان مېھىر ــ مۇھەببىتىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇرۇشتا يارىلانغان جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى جان پىدالىق بىلەن داۋالىدى. م. ئوغۇز ھەمرائى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئەمەلىيەت داۋامىدا، يالغۇز دوختۇرلۇق كەسپى ئارقىلىقلا خەلقنى جاھالەتتىن تولۇق قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ــ دە، ئەقىل ــ پاراستىنى تېخىمۇ تولۇق ئىشقا سالغان ھالدا قولىغا قەلەم ئېلىپ، يېڭى ئىنقىلابقا ئاتلاندى. ئۇ، چەت ئەللەردە تۇرغان مەزگىللەردە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئەرەب ۋە پارس تىللىرى جەھەتتىكى ساۋاتىنى تولۇقلىغانىدى، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن خەنزۇ تىلىنى بېرىلىپ ئۆگەندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چۇڭچىڭدا قۇرۇلغان «ئىنتېرناتسىئونال» شۆبىسىدە ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ جۇنتۇڭ مەھكىمىسى م. ئوغۇز ھەمرائىنى تەقىپ ئاستىغا ئالغان ۋە جىسمانىي جەھەتتە خېلىلا قىيىنىغانىدى (بۇ ئەھۋاللار مەرھۇمنىڭ ئەينى چاغدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىلغانىكەن). م. ئوغۇز ھەمرائى چەت ئەلدىن كېلىپ شىنجاڭغا قايتقۇچە بولغان يەتتە يىل داۋامىدا، چۇڭچىڭ قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە تۇرۇپ، بىر مەزگىل دوختۇرلۇق قىلغاندىن باشقا، رادىئو ئىستانسىسىدا ئوردۇ تىلى دىكتورى، ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى، مەركىزىي دارىلفۇنۇن چېگرا رايون ئالىي ھەربىي مەكتىپىدە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ يەتتە يىل ئىچىدە ئۇ، يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ، «كېرەك» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىر ــ

قوشاقلارنى يازغان ۋە بۇ ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە زەربە بەرگەن. 1946 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپلا، «نەزىر قىلىپ بېرىسەن» دېگەن باھانە بىلەن، گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئىنقىلابچىلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈۋالغان. ئۇ، ئۈرۈمچىدە تۇرغان چاغلىرىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بوزەك قىلىشىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئاممىۋى سورۇنلاردا چوڭ يۈرەكلىك بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەتلىرىنى پاش قىلىپ كەلگەن؛ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى توپلاپ مىللىي ماللارنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقىپ نامايىش قىلىش ئارقىلىق ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ماللىرىغا بايقۇت ئېلان قىلغان. ئۇ، غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ مەست قىلغۇچى دورىسى — خۇراپاتلىققا قارشى دادىل كۈرەش قىلىش، سوپى - ئىشانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش، شۇنداقلا «ھەببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان» («ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر») دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلەرنى تەپسىر قىلىش ئارقىلىق خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرغان چاغلىرىدا، يالغۇز تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى يوقسۇللار ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭ كېسەللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان.

م. ئوغۇز ھەمرائىي 1950 - يىلى ئۆز يۇرتى — تاشمىلىق يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن. 1978 - يىلىغىچە بولغان 27 يىل ئىچىدە ئەينى چاغدا يۈرگۈزۈلگەن «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، تۇرمۇشنى ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ئۆتكۈزگەن، 1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، ئۆز ھاياتى



داۋامىدا خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، مىللىي مالنى سۆيۈش شوئارى ئاساسىدا ئېلىپ بارغان يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىدە ئۆزىنىڭ تۇرغۇن ئىقتىسادىنى سەرپ قىلغان، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، بالايىئاپەت ۋە زىيانكەشلىكتىن قورقمىغان. «كېرەك» تەخەللۇسى بىلەن يازغان شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە، «خوجىلار تارىخى»نى يېزىپ قالدۇرغان، «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىققان ۋە «تىببىي زۆرۈرىيەت» ناملىق كىتابچىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ بۇقول يازمىلىرى ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **تۇرغۇن ئۆمەر**

① م. ئوغۇز ھەمرائىي ئۈرۈمچىدە تۇرغان چاغلىرىدا خەلقنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاش بىلەن خېلى كۆپ شۇغۇللانغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ھېكىم ساھىب» دەپ ئاتاشقان.

② خېۋىر تۆمۈر يازغان «ئابدۇقادىر داموللا» ناملىق ئوچېركتىن ئېلىندى

# شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى رائىلە

ئىسلامجان سابىت

ئاتۇش خەلقى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق بولغاچقا، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلايدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. شۇنداقلا يۇرت - يۇرتلارغا ۋە ئەل - ئەللەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشتەك ئۆزگىچە ئەنئەنىگىمۇ ئىگە. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ دەسلىپىدە ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە بېرىپ، ئۇ دۆلەتلەردىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆزەتكەن. ئۇلاردىن مەشھۇر سودىگەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر زات مۇسا ھاجى بايۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھۈسەن مۇسا باي، باۋدۇن مۇسابايلار روسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق غەربتىكى ئەللەرگە بېرىپ، كاپىتالىزمنىڭ يېرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىنى ۋە يېڭى پەننى مائارىپنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كۆزىتىش جەريانىدا، كىشىلىك تۇرمۇش دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىمۇ كۆرۈپ قايىل بولغان. ئۇلار غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ



ئىلغار نەتىجىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆز يۇرتىدا يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ، يېڭىچە پەننى بىلىملەرنى ئۆگىتىپ ۋە ئوقۇتۇپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىرادىسىگە كېلىشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا مۇسابايوپلار ئۆز يۇرتى ئىكساق كەنتىدە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن توسالغۇلىرىنى يېڭىپ، ئەتراپلىق ئويلىشىپ 1883 - يىلى كۈزدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ، 1885 - يىلى ئوقۇتۇشنى رەسمىي باشلىغانىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۈچ سىنىپ، بەش ئوقۇتقۇچى، 105 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچىلار 25 نەپەر ئىدى. رەزىللىك ۋە نادانلىق قاپلىغان شۇ زاماندا قىزلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاياللار ئازادلىقى تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ بۆسۈپ ئۆتۈش ئىدى. بۇ شەرەپلىك ۋە قىيىن ۋەزىپىنى ئىكساقتا باشلانغان ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاياللار ئەركىنلىكىنىڭ تەشەببۇسچىسى رائىلە ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

رائىلە 1860 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ۋە زېرەكلىكى ئاتىسى مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىمنى قايىل قىلغان. مۇھەممەت سۇلتان بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ئۆز يۇرتى ئىكساق ۋە قەشقەردىكى كونىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان. كېيىن بۇخارا قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئېلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە باشقا بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، دۇنيا قارىشىنى كېڭەيتكەن. شۇڭا ئۇ،

ئۆز قىزى رائىلەنى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ تەربىيلەپ خەت ساۋاتىنى چىقارغان. كېيىن ئۇنى ئىكساقتىكى كونا مەكتەپ مۇدەررىسىگە بېرىپ، ئابدۇلماناپ داموللا، چوڭ غوجىكام، سادىق موللام قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن بىلىم ئېلىشقا تاپشۇرغان. زېھنى قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان رائىلە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرئاننى تەپسىر قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن باشقا، ئەدەبىيات، تارىخ، ئالگېبرا، جۇغراپىيە قاتارلىقلاردىنمۇ بىلىم ئىگىلەپ، ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇستازلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان، تەرجىمە قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. بولۇپمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ، خەتتاتلىقتا زور ئابروي قازىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. رائىلە كۆپ تەرەپلىملىك ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقتىن، كىشىلەر تەرىپىدىن «رائىلە داموللىمە» دەپ ئاتالغان.

فېئوداللىق دۇنيا قارىشى ۋە دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ جاھالەتلىك ئاسارىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شۇ دەۋردە، خوتۇن - قىزلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەپ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىق زور ئىدى. بۇ ئەمەلىي ئەھۋال ئىكساق يېڭى مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى بولغان باۋدۇنباينى چوڭقۇر ئويغا سالدى. باۋدۇنباي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، قىز - ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئالدى بىلەن ئۆز كەنتىدىكى دۇنيا قارىشى ئىلغار ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى يۈز - ئابرويى چوڭ



ئابدۇلماناپ داموللا، چوڭ غوجىكام، مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىم قاتارلىق بىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تەپسىلىي مەسلىھەتلىشىپ، سوفىزمنىڭ خۇراپاتلىق ئىدىيىسىگە ناقابىل تۇرۇپ، بىر قەدەر ئەتراپلىق بىلىم ئالغان رائىلەنى 1885-يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغانىدى. رائىلە ئوت يۈرەك ئايال بولۇش سالاھىيىتى بىلەن فېئوداللىزمغا ۋە فېئوداللىزمنىڭ مەنىۋى قورالى بولغان سوفىزم ئۇستقۇرۇلمىسىغا جەڭ ئېلان قىلىپ: «شەرىئەتتە ئاياللار ئوقۇمىسۇن دېيىلمىگەن، پەن ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن تەڭ ئاتا قىلىنغان. بالىلارنى ئوقۇتۇش، يېڭىلىقنى ئىگىلىتىش شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەس، سىلەر ئۆز پەرزەنتىڭلارنى ئوقۇتمىساڭلار مەيلى، بىز ئوقۇتىمىز، ئۆز بالىلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپلەپ بىلىم ئۆگىنىپ دۇنيانى چۈشىنىدىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىدىغان قىلىپ تەربىيلەيمىز» دېگەن ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە باۋدۇنباينىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدىكى قىز - خېنىملارنى تىزىمغا ئالغان. بۇنى كۆرگەن مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىز پەرزەنتلىرىنى كەينى - كەينىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ، رائىلە بۆۋى موللاجىمنىڭ تەربىيلىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

رائىلە خانىم «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ، يېڭى مەكتەپ مائارىپىدا بىردىنبىر تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇش، شۇنداقلا شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇيغۇر يېڭى پەننىي مائارىپ ئاساسچىلىرىدىن بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى كەڭ ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىلىم ئېلىشىغا ئۈچۈن ئاتىغان.

(ئاپتورى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# باۋدۇن تۇردىنىڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئىبراھىم سايىت

باۋدۇن تۇردى 1928 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزا پاسۇن كەنتىدىكى تۇردى ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1935 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە، پاسۇن كەنتىدىكى ناسىر موللا ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ھەپتىيەكنى تاماملىغان. شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا ئىككى بالا لازىم بولغاندا، شۇ كەنتنىڭ يۇرت ئاقساقاللىرى ئالۋان ھېسابىدا قوۋان قەمبەر، باۋدۇن تۇردىنى شۆتاڭغا تىزىملاپ بەرگەن. بۇ ئىككىيلەن 1937 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە شۆتاڭدا ئوقۇغان. كېيىن بۇ مەكتەپ كەلپىن ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەندە، ئۇلار 1939 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە ئاشۇ ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ، 4 - سىنىپنى پۈتتۈرگەن.

باۋدۇن 1943 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە بايلارغا ياللىنىپ چۆل - جەزىرىلەردە تۆگە باققان. كېيىن نامرات ئائىلە



تۇرمۇشىدا قىيىنىلىپ يۈرۈپ، تۇرمۇش يولى ئىزدەپ ئاقسۇغا بارغان ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قورچاق ساقچىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كەلپىن چىلانلىق ئاۋۇتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە ساقچى بولۇپ، 1945 - يىلى 10 - ئايغىچە خىزمەت قىلغان. بۇ جەرياندا ئەكسىيەتچى ساقچىلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىش قاتارلىق ئىپلاسلىقلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنغان.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، باۋدۇن تۇردى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ساقچى ئىدارە سەيناسىدا، توساتتىن ئۆزىنىڭ ئۇستازى ھامۇت مامۇتنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆرۈشىدۇ. بۇ چاغدا قورچاق ساقچى ئوفىتسېرلىرى بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، قورچاق ساقچى ئەمەلدارلىرى «جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشتى» دېگەن بەدنام بىلەن باۋدۇن تۇردىنى يىگىرمە كۈن سولاپ، خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىدۇ. باۋدۇن تۇردى ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە ئۈچ ئاي بىكار يۈرۈپ، ئاۋۇتنىڭ كونىشەھەر ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ - دە، 1946 - يىلى 2 - ئايدا ئاۋۇتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كونىشەھەر ساقچى ئىدارىسىگە ساقچى بولۇپ كىرىدۇ ۋە 1946 - يىلى 2 - ئايدىن 1948 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىشلەيدۇ. 1948 - يىلى 7 - ئايدا كونىشەھەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ۋىلايەتتىن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن باشقا سەككىز بالا بىلەن بىللە ئاقسۇدىن يولغا

چىقىپ، ئۈرۈمچىگە باردۇ؛ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن 80 ئادەم بىلەن جەم بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن ماشىنا بىلەن قىرىق نەچچە كۈندە سىچۈەندىكى چېڭدۇ خۇاڭپۇ شۆبە ھەربىي مەكتىپىگە يېتىپ باردۇ. ئۇ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 23 - قارارلىق ئاتلىق قىسمىدا ئوقۇيدۇ. بۇ قېتىم خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە ئاۋاتتىن سىدىق تۆمۈر، كۇچادىن ئەخمەتجان، ئاقسۇدىن ماسىڭپۇ (خەنزۇ) قاتارلىق سەككىز كىشى ئېلىنغان.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى چېڭدۇ شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ مەكتەپ شۇ چاغدىكى مەملىكەت بويىچە ھەربىي ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەيدىغان ئەڭ ئالىي مەكتەپ بولۇپ، 10000 دىن ئارتۇقراق ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. باۋدۇن تۇردىلار بارغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ھاۋا ئارمىيە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە، ئاتلىق قىسىم، ئېغىر قوراللىق قىسىم دەپ بىرنەچچە قىسىمغا ئايرىلغان. باۋدۇن تۇردى ئاتلىق قىسىمغا ئايرىلغان. ئاتلىق قىسىمدا قارا شەھەردىن ۋە باشقا جايلاردىن تاللانغان خىل ئاتلار بار ئىكەن، ئوقۇتقۇچىلىرى ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تەكلىپ قىلىنغان ھەربىي ئالىملار بولۇپ، دەرسنى خەنزۇچە سۆزلەيتتى. بىر ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئاتلىق ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىلاتتى، چامباشچىلىق قىلىناتتى. قالغان ۋاقىتتا ئاتلىق جەڭ قىلىش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنەتتى، دەرسنى تولۇق ئاڭلىسىمۇ، ئاڭلىمىسىمۇ، كارى بولمايتتى. تۇرمۇش ئىشلىرىدا تاماق ۋە باشقا ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى بەرگەندىن تاشقىرى، ھەربىر



كىشىگە ھەر ئايدا ئىككى سەر تەڭگە بېرەتتى، يىلدا بىر قۇر ئادەتتىكى سوكنا كىيىم بېرەتتى. تاماق ئۈچۈن شىنجاڭدىن بارغان 24 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا بىر ئاشخانا قۇرۇپ، خۇيزۇدىن ئاشپەز ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن.

مەكتەپنىڭ ئىنتىزامى خېلى چىڭ بولۇپ، يەكشەنبە كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتقا چىقىش مەنئى قىلىنغان. يۇيۇنۇش، كېسەل كۆرسىتىش، ئويۇن كۆرۈش قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە بار ئىدى. بىر قېتىم باۋدۇن تۇردى كېسەل بولۇپ قېلىپ، مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا 30 كۈن يېتىپ داۋالىنىپ ساقايغان. سىرتتا بۇ مەكتەپنىڭ نام - ئاتىقى بەك چوڭ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار يەكشەنبە كۈنلىرى سىرتقا چىقسا شەھەر خەلقى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا زوقلىنىپ قارىشاتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى چېڭدۇدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ دەرۋازىسىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تونۇشۇشنى چوڭ ئابروي دەپ بىلىشەتتى. شەھەردىكى بىر قىسىم گۈزەل يەرلەرگە ۋە كونسۇلخانىلارنىڭ باغچىلىرىغا باشقا كىشىلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى، لېكىن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كىرگىلى قوياتتى.

باۋدۇن تۇردى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 23 - قارارىغا ئوقۇشقا كىرىپ 1948 - يىلى 7 - ئايدىن 1949 - يىلى 10 - ئايغىچە ئوقۇدى. 1949 - يىلى 8 - ئايلاردا بىر قېتىم ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا ھەر قايسى قىسىملار قاتناشتى. پاراتتىن كېيىن چياڭ جيېشى شىنجاڭدىن بارغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل

قىلىپ، بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ، «ياخشى ئۆگىنىڭلار، پىرقە ـ دۆلەتكە سادىق بولۇڭلار» دېگەن. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گومىنداڭ قىسىملىرى تەيۋەنگە قاچقاندا، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپ دائىرىلىرى مەكتەپنى كۆچۈرۈپ كېتىمىز دەپ، باۋدۇن تۇردىلارنى باشلاپ ئايروپىلان ئىستانسىسىغا بارىدۇ، لېكىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئازادلىق ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بارلىق مەكتەپ خادىملىرى ھەقىقەتكە قايتىدۇ. باۋدۇن تۇردى 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، تەشكىلنىڭ تەستىقى بويىچە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە دارىلمۇئەللىمىنىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ يەردە سىياسەت، ھەربىي مۇداپىئە، ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى ئۆگىنىدۇ. بۇ مەكتەپتە 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى چاۋشيەنگە پىدائىي قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى يەرلىك خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ. قالغان بىر قىسمى شىزاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بارىدىغان قىسىمغا قوشۇلىدۇ. بۇ قوشۇن سىچۈەندىن يولغا چىقىپ شىداڭ ئارقىلىق شىزاڭغا بېرىپ، 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىزاڭنى ئازاد قىلىدۇ. باۋدۇن تۇردى بىر قىسىم ئارمىيە بىلەن شىزاڭنىڭ روم يىلسا ناھىيىسىدە تۇرۇپ، 1952 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سىچۈەن ئۆلكىسىگە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 3 ـ دالا ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ.



ئۇ، 1952 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا تۇرۇپ، 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەمۇرىي خىزمەتكە ئالمىشىپ ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە كېلىدۇ. 1954 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە باي ناھىيە سايرام باج پونكىتىدا سوجاڭ، كېيىن باي ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدە ۋاقىتلىق جۇجاڭ... قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدۇ. 1958 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، تارىخىي مەسىلىسى بار دەپ قارىلىپ، خىزمەتتىن بوشىتىلىدۇ. 1982 ـ يىلى سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاپات بولىدۇ.

(بۇ ئەسلىمە «كەلپىن تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 ـ سانىدىن ئېلىندى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر

# ئاراتۇرۇك يېزىلىرىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى

ھەمدۇللا ئىسمايىل

## باي يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئاراتۇرۇك بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال باي يېزىسىغا ئادەم جايلىشىپ يۇرت بولغان. ئەسلىدە باي يېزىسىغا ماكانلاشقان ئادەملەر قۇمۇلنىڭ تاشۆبلىق، شوپۇل قاتارلىق جايلىرىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار شىكارغا چىقىپ كېيىك ئاتقىلى بايغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ سۇ، يەر - زېمىنلىرىنى كۆرۈپ يۇرت تۇتۇش ئويىغا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئېغىز سوقما تاملىق ئۆي سېلىپ، ئىچىگە مورا باغلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ.

بۇلارنىڭ كەينىدىن بارىكۆلنىڭ تۆگە كارۋانلىرىمۇ باينى ئىگىلەش ئۈچۈن بىر ئېغىز سوقما تاملىق ئۆي سېلىپ، ئىچىنى ئىسلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. كېيىنكى يىللىرى ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا باينى تۇتۇپ تۇرۇش ھەققىدە قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ئىلتىماس قىلىدۇ، قۇمۇل ۋاڭلىقى ئادەم چىقىرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سېلىپ قويغان ئۆيلىرىنى كۆرۈپ، سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، شوپۇل خەلقى سالغان ئۆينىڭ بالدۇر سېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باي شوپۇللۇقلار-



نىڭ يۇرت تۇتۇپ ماكانلىشىشىغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، نورۇز ھېزىمەت دېگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ شوپۇلدىن بايغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ. نورۇز ھېزىمەتنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسى ئىكەن. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتىنى ئەسلەش خاتىرىسى قىلىپ يېڭى يۇرتىغىمۇ «باي» دەپ ئىسىم قويغان. ئىككىنچى قېتىمدا، قەشقەر كونىشەھەرلىك ئاللەي سوپىنياز دېگەن كىشى بايغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان. ئۈچىنچى قېتىمدا، ئۈچتۇرپانلىق پاراك روزىمەت دېگەن كىشى تۆگە بىلەن يىپەك يولىنى بويلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سودىگەرچىلىك قىلىپ قايتىپ يۈرۈپ، بايغا ماكانلىشىپ قالغان. بۇ ئۈچ ئۆيلۈك كىشى باينى يۇرت قىلىپ تۇتقاندىن كېيىن، شوپۇل، تاشۆبلىقتىكى باشقا كىشىلەرمۇ بايغا كۆچۈپ كەلگەن، باي بىر يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەن، ھازىر باينىڭ يۇرت بولغىنىغا 370 يىل بولدى، دەپ مۆلچەرلەنمەكتە.

## ئاراتۇرۇك يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئاللەي سوپىنياز دەسلەپتە باي يېزىسىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇنىڭ بالىلىرى بەك كۆپ بولۇپ، 13 ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلارغا بايدىكى يەر، سۇ ئازلىق قىلغانلىقتىن، ئالتە ئوغلىنى ئاراتۇرۇككە كۆچۈرۈپ كېلىپ، چوڭ تاش دېگەن جاينى ئاساسي ماكان قىلىپ تۇتۇپ، ئاراتۇرۇك غول ئىچىنى تېرىلغۇ قىلىپ ئىگىلىگەن. كېيىنچە بۇ ئوغۇللاردىن ئوبۇلخارى بۇلاق بېشىنى ماكان قىلىپ تۇتۇپ يەر - زېمىن ئىگىلىگەن. ئوبۇل ھەسەن بۇرۇل غول ئىچىنى ماكان قىلىپ تۇتۇپ يەر - زېمىن ئىگىلە-

گەن. كېيىن ئاللەي سوپىنىيازنىڭ ئوغۇللىرى پۈتۈن ئاراتۇرۇككە
ئىگىــدارچىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ لەقىمى ئالــلەي ئىدى.
بۇلار ھەققىدە مۇنداق بىر ماقال قالغان:

«ئاللەيلەر يۈرەر سۇرىنگى بىلەن، مىلتىق ئاتــۇر ئاغــزى
بىلەن»

چۈنكى، ئاللەي جەمەتىدىكىلەر پاراڭنى چوڭ سالىدىغان
بولغاچقا، بۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى لەقــىمى ئەۋلادتىن ئەۋلاتــقــا
داۋاملىشىپ، ھازىرغا قەدەر ئاتىلىپ كەلمەكتە. كېيىنكى ۋاقىت-
لاردا ھىس قۇلى، نىياز قۇلى دېگەن ئاكا - ئۇكــا ئىــكــكــى
كىشى كېلىپ «چاغانىجىرغا» دېگەن جاينى مــاكان تــۇتــقان.
قورۇق دېگەن بىر كىشى كېلىپ توپيۆيــلەرنى مــاكان تۇتقان،
ئارا تۈرۈككە ئادەم كېلىپ ئورۇنلاشقىلى تەخمىنەن 350 يىللار
بولدى.

## نوم يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

پــاراڭ روزىــمەت دەسلەپتە باي يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان.
ئۇنــىــڭ تۆگىسى بەك كۆپ بولغاچقا، باينىڭ بۇلاق سۈيــى بىر قېتىم
تۆگە سۇغارسا ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پــاراڭ روز-
مەت تۆگە بېقىشقا قولايلىق بىرەر ئورۇن ئىزدەپ يۈرۈپ، نومنى
كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ يــەر بــۇلاق سۇلىرى مول، يەر - زېمىنلىرى
كەڭتاشا، تۇپرىقى مۇنبەت، ئەتــراپــى يــۇلغــۇن، توغراقــلىق،
ھاۋا كىلىماتى ئىسسىق، بەك گۈزەل جاي ئىكەن. بۇنى كــۆر-
گەن پاراڭ روزىمەت نومنى ماكان تــۇتۇش نىيىتىگە كېلــىپ،
قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. قۇمۇل ۋاڭلــىقــى پــاراڭ
روزىمەتنىڭ ئىلتىماسىنى تەستــىــقــلاپ، ئېرىق چېپىپ سۇ باش-
لاپ بېرىش ئۈچۈن يەنە 300 ئەمــگــەكچى بېرىپ، ئالتە يىلدا



ئېرىقنى پۈتتۈرۈشكە يارلىق چۈشۈرىــدۇ. پــاراڭ روزىــمەت
باي ئادەم بولغانلىقتىن، يەنە 300 ئەمگەكچىنى ئۆز پــۇلــىغا
ياللاپ جەمئىي 600 ئەمگەكچى بىلەن ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ
600 تۆگىسى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى تو-
شــۇيــدۇ، ئاداق غــول ئىــچــىــدىكى ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان
دەرىجىدە زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن تال - شوندلارنى كېسىپ كې-
لىپ ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىغا باسىدۇ. مۇشۇنداق جاپــالىق
ئىشلەش ئارقىلىق ئالتە يىل پىلانلىغان ئېرىقنى ئالتە ئايدىــلا
پۈتتۈرىدۇ. سۇنى ئېرىققا باشلىغاندا، سۇ ئىدرەم دېگەن جايغــ
بېــرىــپ ئېرىق ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ، تەكشــۈرۈشــلــەردىن
كېيىن، بۇ جايدا چوڭ ئوپقان ( سۇ كىرسە - كىرسە توشمايــ
دىغان تۆشۈك) بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. پاراڭ روزىــمــەت بــاي
بولغىنى ئۈچۈن، 600 پارچە كىگىزنى تاش - توپىلار بىــلــەن
مۇشۇ ئوپقانغا تىقىپ، تۆشۈكنى تىندۇرۇپ سۇ سىڭمەيــدىــغان
قىلىپ، سۇنى نومغا باشلاپ كېلىدۇ. ئېرىق پۈتكەندىن كېيىن
قۇمۇل ۋاڭلىقىغا مەلۇم قىلىنىدۇ. ۋاڭلىقتىن ئادەم چــىــقىپ،
يــەر ئېــچىشنى مۇنداق تەقسىم قىلىدۇ: كارساڭ چوقا دېگەن
يەرنىڭ شەرق تەرىپى پاراڭ روزىمەتكە بېرىلــىــدۇ، كارســاڭ
چوقىنىڭ غــەرب تەرىپى قۇمۇل ۋاڭلىقىغا تەۋە قىلىنىپ ئايرىــ
لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاراڭ روزىمەت ئۈچ ئوغلىــنى بــايــدىن
نومغا يۆتكەپ كېلىدۇ. بۇ ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى: ھــېــشــىم،
ھاشىم، نازىمەت ئىدى. بۇلار كارساڭنىڭ شەرق تــەرىــپــىــدىن
قىرىق دادەنلىك (كونا مودا 40 مو) يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئوغۇللاردىن ھېــشىم مــىراب بولــىدۇ.
ئۇ بەك زالىم ئەمەلدار بولۇپ چىقىدۇ. نومغا كۆچــۈپ بارغان
بىچارە دېھقانلارغا ئۆز تېرىقچىلىقىنى قىلدۇرغاندىن تاشقىرى،
قۇمۇل ۋاڭلىقىغا يەنە 80 دادەنلىك (800 مو) يــەر ئاچــتــۇ-

زۇپ تېرىتىپ، بىچارە دېھقانلارنى قاتتىق ئېزىدۇ. دېھقانلار زۇلۇمغا چىدىيالماي، قومۇل ۋاڭلىقىغا ھېشىم ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. بۇنىڭغا ماسلىشىپ ھېشىمنىڭ ئىككى ئۆكىسىمۇ ھېشىم ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقتىن، قومۇل ۋاڭلىقى ھېشىمنى بايغا قايتۇرۇپ بېرىپ، چارۋا دورغىسى قىلىشقا بەلگىلەيدۇ، ھېشىم نومدا ئاچقان 400 مو يېرىنى قومۇل ۋاڭلىقىغا تەقدىم قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن قومۇل ۋاڭى ھېشىمنى، ياخشى ئادەم ئىكەن دەپ، باي يېزىسىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئوردا كىچىك بۇلاق دېگەن يەردىكى قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ بەش دادەنلىك (50 مو) يېرىنى بېرىدۇ ھەمدە پۈتۈن ئاراتۈرۈكنىڭ چارۋىلىرىنى باشقۇرىدىغان چارۋا دورغىسى قىلىپ ئىشقا قويىدۇ. ھېشىم ئۆزىنىڭ زالىملىقى بىلەن چارۋا باشقۇرۇشتىمۇ خەلققە كۆپلىگەن جەبىر - زۇلۇملارنى سالىدۇ. ئاراتۈرۈك چارۋىچىلىرى ھېشىمنى دائىم قارغايدۇ. ئۇ ئاخىر كېسەل بولۇپ، يامانتى كۆندۈ ئىچىدىكى ھېشىم بۇلاق دېگەن يەردە ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۆلۈكىنى شۇ بۇلاقنىڭ بېشىدا قويغانلىقتىن ئۇنىڭغا «ھېشىم بۇلاق» دەپ ئات قويۇلغان. نومدىكى ئەمگەكچى خەلق نومغا ئورۇنلاشقاندىن باشلاپ تۇرمۇشى زۇلۇم ئىچىدە ئۆتكەن، ئۇلار ھېشىم مىراب ئۈستىدە مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

قارا ساينىڭ قۇشقىچى،
ساينى تالىشىپ كېلىدۇ.
شۇغىنە ھېشىم مىراب،
نومنى تالىشىپ كېلىدۇ.

نومدىمۇ بۇغداي تېرىپ،
تەل① بېدىلەر باسسۇن.

(1) تەل بېدە — قاشقا بېدە



ئالتە ئوغۇل، ئالتە قىز،
ئورۇپ كېتەلمەي ياتسۇن.

نومنىڭ قىرساي دېگەن يېرىنى ھېشىم مىراب يۇرت تۇتۇپ بىر مەسچىت سالدۇرغان. خەلق ئاغزىدا ھازىرمۇ «ھېشىم مىراب مەسچىتى» دەپ نامى بار. ھېشىم مىراب ئۆزى ئاچقۇزغان يەرلەرنى قومۇل ۋاڭلىقىغا تەقدىم قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا «مىراب يەرلەر» دېگەن نامى قالغان. خەلق ئىچىدە «خانىدىن شەھەر قېپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. ھەر كىم ياخشى ئىش قىلسا ياخشى نامى قالىدۇ، يامان ئىش قىلسا يامان نامى قالىدۇ. قومۇل ۋاڭلىقى ھېشىم مىرابقا نومنى ئايرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىسمىنىمۇ ھېشىم مىراب قويغان. نام يەر (نەم يەر) بولغاچقا، «نام»دەپ ئىسىم قويغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىل ئۆزگىرىشىدىن «نەم»سۆزى «نوم» سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. «نەم» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، يەر ئاستى سۈيى تېيىز بولىدۇ، 1.5 - 2 مېتىر كولىسىلا سۇ چىقىپ تۇرغۇن كۆللەر ھاسىل بولىدۇ. تەبىئىي ئورمانلارنىڭ سانى يوق، نومغا ئادەم جايلىشىپ يۇرت بولغىنىغا تەخمىنەن 340 يىللار بولدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كۇبلېت قوشاق بار:

نوم دېگەن سۇ ئايغى،
يۇلغۇن توغراقنىڭ سانى يوق.
ھاۋاسى ئىسسىق، جارى ① قاتتىق،
خەلقنىڭ ئىمكانى يوق.

(بۇ ئەسلىمە «ئاراتۈرۈك تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى، داۋامى بار)

① جارى — ھاشار

**جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز**

# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

(1950 - يىلى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە)

## 1 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سانائەت نازارىتى قۇرۇلدى.

2 - كۈنى، قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ۋاڭ ئېنماۋ مۇدىر بولدى.

3 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

△ شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى لەنجۇ، شىئەن، شاڭخەي، خەنكۇ، چاڭشا ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلار بىلەن پوچتا ئالاقىسى باشلىدى.

6 - كۈنى، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 14 - سانلىق يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى تەستىقلىدى.

7 - كۈنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس،



مۇئاۋىن رەئىس ۋە ئەزالىرىنى تەستىقلاپ بېكىتتى.

10 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى غۇلجىدا قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بەش يۈەنلىك ۋە ئون يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىشقا باشلىدى.

△ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

13 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئاشلىق ئۆتنە ئېلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقاردى.

15 - كۈنى، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان قاتىل جاڭ گۇاڭچيەن، جاڭ سىشىن، لىيۇ خەنشېڭ، خې گۈيتىڭلار گەنسۇنىڭ ۋۇ ۋېي، جاڭيې قاتارلىق جايلىرىدا قوغلاپ تۇتۇلۇپ، دىخۇاغا يالاپ كېلىندى.

16 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايونى «قۇمۇلدىكى توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئالتۇن بۇلاش ئەنزىسىنى ئۇزۇل - كېسىل، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش» توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە چىقاردى.

△ ۋاڭ جېن مالىيە — ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا «شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى ۋە ۋەزىپىسى» دېگەن دوكلاتنى بەردى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي - مەمۇرىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى.

△ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك كومىتېتى ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، باۋجيا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خەلق دېموكراتىيە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش

سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىپ، 110 مىڭ ئادەمنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سېپىگە بېرىپ 600 مىڭ مو يەر ئېچىشىنى قارار قىلدى.

△ دىخۇا شەھەرلىك خەلق كىنوخانىسى ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «باھار پەسلىدىكى جايلارنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

23 - كۈنى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: دىخۇادىكى پۈتۈن شەھەر خەلقى يېقىندا بايقالغان يۇقۇملۇق چېچەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەقسىز چېچەك سالدۇردى.

29 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى دىخۇا تېلېگراممىسى: ئامېرىكىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق سابىق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانىڭ شىنجاڭدىكى باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئىشپىيون ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

30 - كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا بېرىپ، جۇڭگو - سوۋېت كېڭىشىگە قاتناشتى.

△ مۇشۇ ئايدا شىنجاڭ چارۋىچىلىق نازارىتى قۇرۇلدى.

## 2 - ئاي

3 - كۈنى، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 18 - سانلىق يىغىنى گاۋ جىنچۈننى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سودا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى



ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت پۇللىرىنىڭ نىسبىتى ۋە ئوبوروتى قاتارلىق ئىشلارنى ماقۇللىدى.

4 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى ئەزالار يىغىنى قارار ماقۇللاپ، ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ نوپۇسى، يەر مەيدانى ۋە مەھسۇلاتىغا قاراپ بۇرۇنقى بەش خىل ناھىيە تۈزۈمىنى ئۈچ خىلغا ئۆزگەرتتى.

11 - كۈنى، باي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاخۇنلار سۆھبىتى يىغىنى ئېچىپ، ئاخۇن - موللىلارنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى ئېزىدىغان بارلىق ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

12 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دىخۇا شەھەرلىك گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.

16 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئۆلكىدىكى ئومۇمىي ئىگىلىكتىكى كارخانا - زاۋۇتلارنىڭ ۋاقىتلىق مائاش چارىسىنى ماقۇللىدى.

23 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، بۇرھان شەھىدى رەئىس بولدى.

يەنە مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش نازارىتى قۇرۇلدى.

△ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 3 - ئايدا

1 - كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - كورپۇس مۇستەقىل پولكى ئالتايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

4 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسى: دىخۇادا چېچەك بايقالدى، مەركىزىي كومىتېت سەھىيە مىنىستىرلىكى چېچەك ۋاكسىنىسى ئاجراتتى ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى.

5 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى توپىلاڭنى باستۇرۇش، باندىت تازىلاش كۈرىشى ئېلىپ باردى. شەرقتە سانجىدىن باشلاپ غەربتە قۇتۇبىقىچە، جەنۇبتا قۇمۇلدىن باشلاپ شىمالدا بەيتىككىچە بولغان كەڭ رايونلاردا قوراللىق يوقىتىش ۋە سىياسىي يول بىلەن پارچىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ 7 - ئاتلىق دىۋىزىيىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن تەخمىنەن 4000 كىشى سانجى، پۇكاڭ، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭنى؛ ئوسمان، يولۋاس ۋە جانىمقان قاتارلىقلار قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە قۇتۇبى، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا 20 مىڭدەك قازاق چارۋىچىنى مەجبۇرلاپ قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭنى؛ ئورازبېك، سىدىق قاتارلىقلار 10 مىڭدەك قازاق چارۋىچىلارنى مەجبۇرلاپ ماناس، قۇتۇبى ۋە دىخۇانىڭ نەنسەن تاغلىرىدا قوزغىغان توپىلاڭلارنى باستۇردى. جانىمقان، ئورازبېك ۋە سىدىق قاتارلىق باندىت باشچىلىرىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى، 13 مىڭ 566 توپىلاڭچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، يارىدار قىلدى، قولغا ئالدى؛ 31 مىڭ 680 دىن ئارتۇق قازاق قەبىلىلىرىنى سىياسىي يول بىلەن قولغا كەلتۈردى، شىمالىي شىنجاڭدىكى باندىتلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي تازىلاپ بولدى؛ گۇچۇڭ، مورى، باركۆل، قۇمۇل، ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، ساۋەن، دىخۇا، سانجى، ماناس،



قۇتۇبى قاتارلىق كەڭ تاغلىق رايونلاردىكى 116 مىڭ قازاق قېرىنداشلارنى باندىتلار زۇلۇمىدىن ئازاد قىلدى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باج ئىدارىسى قۇرۇلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق» نى چىقاردى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى فېئوداللىق، ئەكسىيەتچىل تۈس ئالغان كوچا، كۆۋرۈك ۋە شەھەر دەرۋازا ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتتى.

△ غۇلجا پوچتا ئىدارىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەت ئالاقە، خالتا ۋە رايون ئىچى ھەم سىرتىدىكى پۇل پېرېۋوت كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن بولغان پوچتا، تېلېگراف مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

17 - كۈنى، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 24 - سانلىق يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەيىنلىدى.

18 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى غەربىي شىمال رايونى شتات كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە غەربىي شىمال رايونى ئامبارلاردىكى مال - مۈلۈكنى رەتلەش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

21 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە ئورمانلارنى ئاسراش توغرىسىدا كۆرسەتمە چىقىرىپ، ئۈچ تۈرلۈك ئورمان ئاسراش چارە-

سىنى قارار قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ «مەمۇرىي كېڭەشنىڭ يېڭى ئازاد رايونلاردا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋە ئاشلىق يىغىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى» نى ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ باسما زاۋۇتى ئىشچىلارنى كەمسىتىدىغان «بەدەننى ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى» نى بىكار قىلدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ھازىرقى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» نى چىقىرىپ، كونا مائارىپ تۈزۈلمىسىنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىشنى قارار قىلدى.

27 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدا جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» ۋە «شىنجاڭدا جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك ۋە ئاز تېپىلىدىغان مېتاللار ھەسسىدارلىق شىركىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» قاتارلىقلارنى موسكۋادا ئىمزالىدى.

29 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم يىڭ 2 - ليەنى مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇچىڭشەننىڭ قوماندانلىقىدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنى 40 نەچچە كۈن ساقلاپ، يولۋاسنىڭ 700 دىن ئارتۇق باندىتى قورشاپ قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى.

يەنە شۇ ئايدا، شىنجاڭغا كىرگەن ئازادلىق ئارمىيە 1 - بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ۋە 5 - كورپۇس ئىلگىرى



كېيىن بولۇپ بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

△ پۈتۈن شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدە ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيە، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇش ئىشى باشلاندى.

## 4 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

△ غەربىي شىمال رايونلۇق ئامبارلاردىكى ماددىي ئەشيالارنى رەتلەش ھەيئىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

5 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقان دۆلىتىمىز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار موسكۋادىن ئايرىلىپ ۋەتەنگە قايتتى، 22 - كۈنى غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا يېتىپ كەلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭدىكى تۈرمىلەرنى تەرتىپكە سېلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى.

6 - كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

8 - كۈنى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەبىئىي پەن خىزمەت جەمئىيىتىنىڭ دىخۇا شۆبە جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، تۇجىژ ھەيئەت مۇدىرى بولدى.

10 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

△ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە تۇرپان ناھىيىسىدە بوران ئاپىتى يۈز بەردى. بىر ئادەم ئۆلدى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئاپەتكە ئۇچرىدى، قۇدۇق- ئۆستەڭ قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرى ھەرخىل دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، دىخۇا شەھىرىدە 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. «ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، باندىت، ئىشپىيون ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇستەھكەملەش» قاتارلىقلار يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولدى.

16 - كۈنى، غۇلجىدا 130 مىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، دەلىلقان، لوجى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى يەرلىكتە قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

16 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي سوت باشقارمىسى دىخۇادا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەن يې چاڭفۇ قاتارلىق بەش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

24 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

28 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئۆلكە دەرىجىلىك شتاتلارنى تەرتىپكە سېلىش كومىتېتى قۇرۇپ، يېڭى شتاتقا ئاساسەن ئاپپاراتلارنى تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى.

△ ئۆلكىلىك مالىيە- ئىقتىساد كومىتېتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نەق پۇلىنى باشقۇرۇشنى



سىناق ئۇسۇلىدا يولغا قويۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

## 5 - ئاي

1 - كۈنى، دىخۇادىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسى يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى خاتىرىلىدى.

4 - كۈنى، دىخۇادىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلىرى يىغىلىپ «4 - ماي» ياشلار بايرىمىنى خاتىرىلىدى.

△ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە، دىخۇا، قۇمۇل ئىككى ۋىلايەتتىكى قازاق خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى دىخۇادا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش، باندىتلارنى يوقىتىپ ئامانلىقنى ساقلاش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئاياللار مەسىلىسى قاتارلىق بەش قارارنى ۋە «ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ ئامېرىكا ئىشپىيونلىرى، ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس، قالىبېك قاتارلىق باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قازاق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» نى ماقۇللىدى.

10 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكە ئىچىدىكى بېرىش - كېلىش ۋە ئۆلكە سىرتىغا چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن يولخېتى توغرىسىدا قارار ئېلان قىلدى.

13 - كۈنى، دىخۇا شەھىرىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسى قاتناشقان دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، جۇڭگونىڭ دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش

چوڭ يىغىنى ھەيئىتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى رەئىسلىكىدىكى دىخۇا شۆبىسى قۇرۇلدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» نەشر قىلىندى.

17 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئۆلكە دەرىجىلىك نازارەت، باشقارما، مەھكىمە، كومىتېت، ئىدارىلەرنىڭ يېڭى شتاتىنى ماقۇللىدى.

△ 17 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە، دىخۇا شەھىرىدە تۇنجى قېتىملىق ئىشچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، دىخۇا شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

20 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان چىقىرىپ: مەمۇرىي كېڭەش مالىيە- ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ۋە تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، شىنجاڭ تاموژنىسىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دىخۇا تاموژنىسىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ھەم ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەردە تۆت شۆبە تاموژنا تەسىس قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى.

△ دىخۇا تېلېگراف ئىدارىسى تارباغاتاي ۋە ئىلى بىلەن بولغان تېلېگرامما كەسپىنى ئېچىۋەتتى.

25 - كۈندىن 27 - كۈنىگىچە، دىخۇا شەھىرىدە تۇنجى قېتىملىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، دىخۇا شەھەرلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

26 - كۈندىن 31 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبەبيۇروسىنىڭ پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى دىخۇادا ئېچىلدى. يىغىن ۋاڭ جېننىڭ شىنجاڭ شۆبەبيۇروسىنىڭ ئالتە ئايدىن بۇيانقى خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى



خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەم ماقۇللىدى.

31 - كۈنى، جۇڭگو تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ دىخۇا شۆبىسى قۇرۇلدى.

## 6 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورگانلار يېڭى شتاتنى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى.

3 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك سودا شىركىتى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قاراشەھەردە تۆت شۆبە شىركىتى قۇردى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىكى تەرەققىيات شىركەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى ھەم بىر تۇتاش باشقۇردى؛ قورغاس قاتارلىق ئۈچ يەردە ئىش باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلدى.

△ 3 - كۈندىن 4 - كۈنىگىچە، دىخۇا خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ يەتتە رادىئو قوبۇل قىلىش ئورنى قۇرۇشقا بەلگىلەنگەن خادىملار يولغا چىقتى.

3 - كۈندىن 8 - كۈنىگىچە، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى دىخۇادا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىشنى؛

«گۈرەش»، «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى» ۋە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، رۇس، شىبە، سولون قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ باش مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا قوبۇل قىلىش تەكلىپىنى بەردى؛ سەيپىدىن ئەزىزنى «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى»نىڭ باش كومىتېتى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى؛ «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە»نى ۋە يېڭى ئىتتىپاق نىزامنامىسىنى ماقۇللىدى.

13 - كۈنى، تۇرپان ناھىيىسىدە قارا يامغۇر ۋە مۆلدۈر يېغىپ، توققۇز كارىزنىڭ يولىنى بۇزۇۋەتتى.

26 - كۈنى، ئۆزبېل تاغ ئېغىزى ئەتراپىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭشۆبە بيۇروسى «مەركىزىي ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ كادىرلار ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش كۆرسەتمىسى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئېلان قىلدى.

△ شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پوچتا ماركىسى سېتىشنى، دۆلەت ئىچىدىكى پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان بەزى نەرسىلەرنىڭ پوچتا ھەققىنى تەڭشەش ۋە تۆۋەنلىتىشنى باشلىدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى ئۆلكىدىكى ئورمانلارنى ئاسراش، خالىغانچە كېسىشنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي ئورمان



چىلىق مىنىستىرلىكىگە تاغلارنى توسۇپ، ئورمان ئاسراش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشنى مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتتى.

△ جۇڭگو يول - تېرە شىركىتى غەربىي - شىمال شىركىتىنىڭ دىخۇا شۆبىسى قۇرۇلدى.

10 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشپىيونلارنى ئۆز ۋە - كېسەل تازىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مال - مۈلۈك ۋە مەبلەغنى ئېنىقلاش، خەلقنىڭ پايلىرىنى قايتۇرۇش چارىسىنى ماقۇللىدى؛ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان 50 نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى غەربىي شىمال دۆلەتلىك تىببىي شۆيۈەنگە ۋە لەنجۇ داشۆ تىببىي شۆيۈەنگە بەش يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇرۇن يۈرگۈزۈلگەن يول خېتى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردى.

11 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ بېيجىڭ - ئالمائاتا ھاۋا يولى ئېچىلدى، پۈتۈن يول بېيجىڭ - لەنجۇ، لەنجۇ - دىخۇا، دىخۇا - ئالمائاتادىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن.

14 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تاشقى ئېكسپورت - ئىمپورت سودىسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى يولغا قويۇشنى ئېلان قىلدى.

19 - كۈنى، دىخۇا شەھىرىدە بىرىنچى يول ئاپتوبۇس

نىڭ ۋاقىتىنچە قاتنىشى سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلدى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: دىخۇا شەھەرلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى شەھەر بويىچە ئېلىپ بارغان نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

22 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسى: «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقى» نىڭ باش ئۇيۇشمىسى جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ھەيئىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، ئامېرىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ۋە ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىگە ئارىلاشقانلىقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

△ شايار ناھىيىسىدە سۇ ئاپىتى يۈز بەردى، ئۈچ كەنت، 401 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 375 ئۆينى سۇ بېسىپ كەتتى، 5000 مودىن ئارتۇق زىرائەتنى ۋەيران قىلدى.

24 - كۈنى، ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى، مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق قەرز پۇل كومىتېتى تەشكىل قىلىپ، ئۆلكىنىڭ دېھقانچىلىق قەرز پۇل تارقىتىشىغا مەسئۇل بولدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بېيجىڭ خەلق كىنو ستۇدىيىسىنىڭ خەۋەرلەرنى سۈرەتكە ئېلىش ئەترىتى شىنجاڭغا كېلىپ، «خەلقنىڭ يېڭى شىنجاڭى»، «ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى»، «شىنجاڭنىڭ قىياپىتى» قاتارلىق خەۋەرلىك ۋە ھۆججەتلىك فىلىملارنى سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىدى.

31 - كۈنى دىخۇادىن غۇلجىغا بارىدىغان پوچتا ماشىنىسى تۇنجى قېتىم قاتنىدى.

△ يەنە شۇ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش يولىدا، شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ۋە



باندىت يوقىتىش جەريانىدا ئاممىۋى ئىنتىزام، مىللىي سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## 8 - ئاي

1 - كۈنى، دىخۇادىكى ھەرساھە، ھەرمىللەت خەلقلىرىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەيۋەن، چاۋشيەنلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزدى.

△ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ موڭغۇلچىسى نەشر قىلىندى.

2 - كۈندىن 13 - كۈنگىچە، ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتى تۇنجى نۆۋەتلىك سانائەت يىغىنى ئاچتى.

11 - كۈنى، دىخۇا شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

△ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چېگرا رايونلاردا بەش بال يەر تەۋرىدى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قاراشەھەر ۋىلايىتىدە باۋجيا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلىنىپ بولدى.

22 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ۋالىي، ھاكىملار يىغىنى ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ئالتە تۈرلۈك مەركىزىي ۋەزىپىنى بېكىتتى.

27 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى خوشيەنچى سۇ قۇرۇلۇش باشقارمىسىنى

قۇردى.

يەنە شۇ ئايدا، ئۆلكىدىكى 73 ناھىيە ۋە دىخۇا، غۇلجا، قەشقەر ئۈچ شەھەر ئارقا - ئارقىدىن ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئامانلىقنى ساقلاش، رايون - يېزا ھاكىمىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش بۇ يىغىنلارنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بولدى.

## 9 - ئاي

1 - كۈنى، مەمۇرى كېڭەشنىڭ 48 - قېتىملىق يىغىنى چۈيۋۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسى دىخۇا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى.

5 - كۈنى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرى ھەم ئالتاي، تارباغاتاي ئىككى ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 4000 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، لوجى قاتارلىق يولداشلارنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىدى ھەم بەش ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەۋرە بېشىنى ئورنىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

7 - كۈندىن 8 - كۈنگىچە، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تۇنجى نۆۋەتلىك دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر يىغىنى چاقىردى.

7 - كۈندىن 11 - كۈنگىچە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ھەرقايسى ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرى، ۋىلايەتلىك مالىيە بۆلۈم



باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، بۇنىڭدىن كېيىن مەركەزنىڭ مالىيە، ئىقتىسادنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قارارىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە چىقىمنى قىسقارتىشنى قارار قىلدى.

10 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى: مەمۇرىي كېڭەش جۇ شاۋجېننى دىخۇا تاموژنىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە، شېن جۈنرۇ ئۆمەك باشلىقى، ساكوڭلياۋ ۋە پېڭ سىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەردىن ھال سوراش ئۆمىكى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە رەئىس ماۋزېدوڭغا ۋەكالىتەن شىنجاڭدا ھەرمىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەمگەك ئىدارىسى قۇرۇلدى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قۇتۇبىي ناھىيىسىدە ئۈچ - ئۆق ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالدى. 40 نەچچە كۈن ئىچىدە 540 نەپەر بالا كېسەلگە گىرىپتار بولدى. 11 كۈنلۈك قۇتقۇزۇش ئارقىلىق 370 بالا ساقايدى، 65 بالا ئۆلدى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ئاۋىئاتسىيىدە پېرېۋوت قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

28 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى مەمۇرىي خادىملار تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مائارىپ فاڭجېنىنى ماقۇللىدى.

29 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك بانكا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بارلىق كەسپىي ئىشلىرى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە ئۆتكۈزۈۋېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقاردى.

29 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك باج ئىدارىسى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئۆلكىنىڭ بۇندىن كېيىن تەڭشىلىدىغان باج ئېلىش چارىسى توغرىسىدا تەپسىلىي قارارلارنى چىقاردى.

يەنە شۇ ئايدىن باشلاپ 1951 - يىلى 4 - ئايغىچە، شىنجاڭ بويىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، دىخۇا، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتتە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 19 ناھىيە ۋە دىخۇا شەھەر ئەتراپىدىكى 24 يېزا، توققۇز كەنتتە سىناق تەرىقىسىدە ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ۋە دىخۇا شەھىرىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە ئاممىسىدىن بولۇپ 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ شىنجاڭ شۆبىۋەنى شىنجاڭ مىللەتلەر شۆبىۋەنىگە ئۆزگەرتىلدى.

1 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئارمىيە - خەلق ئىشلەپچىقىرىش كۆرگەزمىسى دىخۇادا ئۆتكۈزۈلدى.

2 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ 9 - سانلىق يىغىنى ليۇ خۇپېڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش



تەپتىشلىكىگە تەستىقلىدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

4 - كۈنى، خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى شىئەن، لەنجۇلارنىڭ دىخۇا بىلەن بولغان پېرېۋوتىنى رەنگە ئېلىش كەسپىنى باشلىدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 22 - بىڭتۇەن شىمالىي شىنجاڭدا سوۋېت كېۋەز ئۇرۇقىنى تېرىشنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە چەرچەن، چاقىلىقتىن باشقا، دىخۇا شەھىرى ۋە ئون ۋىلايەت، 48 ناھىيىدە باج ئىدارىسى، 15 مەركىزىي باج ئورنى قۇرۇلدى.

10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە، دىخۇا شەھىرىدە 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

20 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئىستىراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، دىخۇا شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شەھەر ئەتراپى دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسى گومىنداڭ ۋاقتىدىكى پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان خەت - چەكلەرگە پەقەت خەنزۇ يېزىقىدىلا خەت يازىدىغان (باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا يازغاندىمۇ چوقۇم خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئەسكەرتىپ قويىدىغان) نامۇۋاپىق تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆلكە ئىچىدە ئەۋەتىلىدىغان خەت - چەكلەردە مۇشۇ ئۆلكىدىكى ھەرقانداق يېزىق ئىشلىتىلسە بولىدىغانلىقىنى

قارار قىلدى.

يەنە شۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، دىخۇا ۋىلايىتىدە ئاساسىي جەھەتتىن كونا فېئوداللىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى پاچاقلاپ تاشلاندى ھەم 53 رايون، 243 يېزا، 1363 كەنتتە خەلق دېموكراتىيە ھاكىمىيىتى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

△ دىخۇا تېلېگراف ئىدارىسى چاقىلىق، چەرچەن، كىرىيە قاتارلىق ئۈچ يەردە تېلېگراف ئىدارىسى تەسىس قىلدى ھەم دىخۇا، خوتەن قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان تېلېگرامما كەسپىنى يولغا قويدى.

## 11 – ئاي

1 – كۈنى، جۇڭگو كىنو دىرېكتورلىرى شىركىتى غەربىي شىمال رايونلۇق شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى.

△ دىخۇا شەھەرلىك ئومۇم بىلەن خۇسۇسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

2 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «1950 – يىلى يېزا ئىگىلىك بېجى يىغىش توغرىسىدا قارار» نى چىقاردى.

3 – كۈنى، جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ دىخۇا شۆبىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداپ، ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى دىخۇا شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىندى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە – ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.



5 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتەننى قوغدايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

9 – كۈنىدىن 12 – ئاينىڭ 10 – كۈنىگىچە، گاۋ يۈشىن يېتەكچىلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات – سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، زىيارەتتە بولدى ۋە ئويۇن قويدى.

10 – كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى.

11 – كۈنىدىن 1951 – يىل 4 – ئاينىڭ 6 – كۈنىگىچە، ئۆلكىمىزدىكى شەخسىي سودا – سانائەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان شىنجاڭ سانائەت زىيارەت ئۆمىكى ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ لەنجۇ، شىئەن، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولدى. شاڭخەيدە ئىلى سانائەت شىركىتى ئۈچۈن بىر دانە يىپەك تارتىش ماشىنىسى، بىر يۇرۇش يۇڭ كېسىش ماشىنىسى ۋە 100 دانە تېرە تىكىش ماشىنىسى زاكاز قىلدى.

13 – كۈنى، ۋاڭ جېن شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 1 – شۇجىلىقىغا، شۈ لىچىڭ 2 – شۇجىلىقىغا، جاڭ باڭيىڭ 3 – شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

18 – كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسى: مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 55 – قېتىملىق يىغىنى ليۇ زېمونى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا (سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىدىن قالدۇرۇپ)، گاۋ يەنشەننى سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، جاڭ شۇگۇينى ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

△ ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتى شىنجاڭ سانائەت تەجـ

ۋىيخانىسىنى قۇردى، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنى، لابوراتورىيە، تېخنىك ئۆيى قاتارلىقلار بۇنىڭ قارىمىقىدا بولدى.

20 – كۈنىدىن 25 – كۈنىگىچە، گاۋ جىنچۈەن دىخۇاغا كېلىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن يامبۇ، كېپەك ئالتۇن تەقدىم قىلدى. ھەم ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى موڭغۇل گىگەن شالۇۋانىڭ خوجىدارى نىما ۋە گۈگچېك لاما قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ۋە تىنچلىقنى قوغداشتەك قىزغىنلىقىنى مەدھىيىلىدى.

22 – كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ خەلق سوتى 7 – ئاتلىق دىۋىزىيىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتقان ۋە تەشكىللىگەن باش ئۇنسۇر ما چېنلىن قاتارلىق ئالتە جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

24 – كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكە گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزدە 1 مىليون 936 مىڭ 715 كىشى تىنچلىق خىتابنامىسىگە ئىمزا قويدى.

28 – كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكە گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «كوپېراتسىيىلىشىش فاكچېنى ۋە ۋەزىپىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

29 – كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىغا قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرغان دىخۇا شەھرىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى، دېھقان، ئوقۇغۇچى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 900 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلىپ، ۋاڭ جېننىڭ نۆۋەتتىكى ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

△ دىخۇا شەھرىدە ئىشچى – دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلدى.



## 12 – ئاي

4 – كۈنىدىن 30 – كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ئىشلىرى يىغىنى دىخۇادا ئۆتكۈزۈلدى.

9 – كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسى: مەركىزىي كېڭەش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۈچ بايرىمىدا ئىشلىتىلىدىغان كالا، قويلىرىدىن قان بېجى ئېلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردى.

14 – كۈنى، دىخۇا تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى دىخۇا بىلەن شىئەننىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسىنى باشلىدى.

15 – كۈنى، ئۆلكىمىزدە كەمبەغەل بىمارلارنى ھەقسىز داۋالاش خىزمىتى باشلاندى.

16 – كۈنى، ئامانلىق ساقلاش ئورگانلىرىمىز شىنجاڭدا ئىشپىيونلۇق قىلغان ھەم خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئەنگلىيە پۇقراسى خې رىنجىنى (سابىق ئەنگلىيىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى) چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى.

16 – كۈنىدىن 19 – كۈنىگىچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تۇنجى قېتىملىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئۆتكۈزدى.

17 – كۈنى، مىچۈەن ناھىيىسى ئامىنۋى سوت ئېچىپ، ئىجارە كېمەيتىشكە قارشى چىققان، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ رۇڭنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرگەن زالىم پومېشچىك جۈ جەنيۈەننى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

21 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «رادىئودىن پايدىلىنىش ۋە شىنجاڭ بويىچە رادىئو قوبۇل قىلىش تورلىرى قۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى «يېڭى يىل ۋە باھار بايرىمىدا ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈش ئىبىي خىزمىتى توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقىرىپ، يېڭى يىلدىن باھار بايرىمىغىچە بولغان ۋاقىتنى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈش ئىبىي قىلىش ۋە بۇ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئەدلىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە چىقاردى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىخو، جىڭ، غۇلجا، قورغاس، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى تېلېگراف ئىدارىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنى يولغا قويدى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى يەكۈنلىدى.

30 - كۈنى، قۇمۇل بىلەن شىخەن ئارىلىقىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش باشلاندى.

شۇ ئايدا، شۇ لېچىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى، جاڭ باڭيىڭ سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولدى.

△ تۇرپان، پىچان ئىككى ناھىيىنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە قىزىلغا ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقالدى. ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دوختۇر ئەۋەتتى.



شۇ يىلى، ئۆلكىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 22 مىليون 180 مىڭ يۈەن، چىقىمى 66 مىليون 960 مىڭ يۈەن، مالىيە قىزىل رەقەمى 44 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولدى.

△ شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ مەيدانى 17 مىليون 843 مىڭ 999 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق ئىككى مىليارد 434 مىليون 998 مىڭ 199 جىڭ، پاختا 20 مىليون 759 مىڭ 789 جىڭ، ياغ 120 مىليون 479 مىڭ 907 جىڭ (قوشۇنلارنىڭكىنى ھېسابلىمىغاندا) بولدى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

**新疆文史资料选辑（32）　（维吾尔文）**
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政码码：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　13.25印张2插页
1992年10月第1版　1992年10月第1次印刷
印数：1—2950

ISBN7—228—02234—3/K·211　定价：3.50元
（内部发行）